فرېدرىخ نىتچې [ گېرمانىيە ]



# ئەخلاق شەجەرىسى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



فرېدرىخ نىتچې [ گېرمانىيە ]

# ئەخلاق شەجەرىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىدرىس نۇرۇللا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسىنىڭ 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据三联书店1992年5月第1版，1992年5月第3次印刷翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: خېلىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئىسكەندەر ئەنۋەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

# ئەخلاق شەجەرىسى

ئاپتورى: فرېدرىخ نىتچې (گېرمانىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىدرىس نۇرۇللا

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666 ـ نومۇر پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.375
2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

---

ISBN 978-7-5631-2791-7
باھاسى: 28.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب «ياخشىلىق ۋە رەزىللىك»، «ياخشى ۋە يامان» ........................................ 1
ئىككىنچى باب «گۇناھكارلىق»، «ۋىجدان ئازابى» ۋە باشقىلار ........................................ 49
ئۈچىنچى باب تەركىدۇنياچىلىق غايىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ........................................ 112

# كىرىش سۆز

## 1

بىز ئاقىللارغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ناتونۇش. چۈنكى، بىز ئەزەلدىن ئۆزىمىزنى ئىزدەپ باقمىدۇق. شۇنداق تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى تاپالىشىمىز قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ «سىلەرنىڭ گۆھەرىڭلار قەيەردە بولسا، سىلەرنىڭ قەلبىڭلار شۇ يەردە بولىدۇ»① دېگەن سۆز ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان. بىزنىڭ گۆھىرىمىز بىلىمنىڭ ھەرە كۆنىكىدە، بىز ھامان تۇغما قاناتلىق ھاشارات ۋە روھىي ھەسەل يىغقۇچى كەبى پايپېتەك بولىمىز، قەلبىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت بىرلا ئىش — مەلۇم نەرسىنى «ئۆيگە ئېلىپ كېتىش»تۇر. تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە، يەنى «كەچۈرمىش»كە كەلسەك، ئارىمىزدىن كىم ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ؟ يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغۇدەك يېتەرلىك ۋاقتى بار؟ مېنىڭچە، ھازىر بىزنىڭ كۆڭلىمىز زادىلا جايىدا ئەمەس، قەلبىمىز ئەسلا ئۇنىڭدا ئەمەستۇ، ھەتتا قۇلىقىمىزمۇ ئۇنىڭدا ئەمەستۇ! ئىستىقامەتكە چۆكۈپ كەتكەن مۇرىت ياكى پىكىرلىنىش② كە غەرق بولغان ئادەم چۈشتە ئون ئىككى قېتىم داڭ ئۇرۇلغىنىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇشتۇمتۇت سەگەكلىشىپ، ئۆزىدىن شۇنداق سورايدۇ: «بايا قانچە قېتىم داڭ ئۇرۇلدى؟». بىزمۇ ئىش يۈز بەرگەندىن

① «ماتتېي ئىنجىلى»، 6 ـ سۇرە 21 ـ ئايەت.

② پىكىرلىنىش (خەنزۇچىسى: 沉思، ئىنگلىزچىسى meditate)، ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئويلىنىش، جىمجىتلىق ۋە تەنھالىق ئىچىدە رېئاللىقتا ئاربلاشماي، مەلۇم بىر مەركىزىي چۈشەنچە ياكى ئىماگ توغرىسىدا خىيال سۈرۈش بىلەنلا كۆن ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.





كېيىن، دەرھال قولىقىمىزنى كوچىلىۋېتىپ، ئىنتايىن تەئەججۈپلىنىپ ھەم ئالاقزادە بولۇپ، «بىز زادى نېمىلەرنى باشتىن كەچۈردۇق؟»، «بىز زادى كىم؟» دەپ سورايمىز. ئاندىن بايا دېگەنگە ئوخشاش ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆز كەچۈرمىشىمىز، ئۆز تۇرمۇشىمىز، ۋە بارلىق[1] ىمىزنىڭ تىترىگەن ئون ئىككى داڭ ئاۋازىنى سانايمىز، خالاس! ساناق يەنىلا خاتا. شۇڭا، مەلۇم زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبىدىن، بىز ئۆزىمىزگە نىسبەتەن يەنىلا ناتونۇش، بىز ئۆزىمىزنى چۈشەنمەيمىز، ئۆزىمىزنى ئىلەشتۇرۇۋېتىمىز، بىزنىڭ مەڭگۈلۈك تېئورېمىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ھەركىم ئۆزىگە ئەڭ يىراق»[2]، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزمۇ بىلىمگۈچىدۇرمىز.

## 2

مېنىڭ مەزكۇر مۇنازىرە تېمىسى، يەنى بىزنىڭ ئەخلاقىي بىر تەرەپلىمىلىكىمىزنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئىدىيەم «ئادىمىلىك، زىيادە ئادىمىلىك ــ ئەركىن روھقا ئاتالغان كىتاب» ناملىق ئەقلىيە سۆز توپلىمىمدا تۇنجى قېتىم ئىخچام بايان قىلىنغانىدى. مەن سوررېنتودا ئۇ كىتابنى يېزىشقا باشلىغانىدىم. ئۇ قىش كۈنلىرى ئىدى، سەيياھ يېرىم يولدا سەپىرىنى توختاتقاندەك، قىش قەدەملىرىمنى توختاتتى، مەن روھىم ماڭغان مەڭگۈلۈك، خەتەرلىك مۇساپىگە قايتا قاراپ چىقتىم. دەۋاتقىنىم 1876 ـ يىلىدىن

---

[1] پەلسەپىدىكى مۇھىم ئۇقۇملاردىن Existenz ۋە Being خەنزۇ تىلىغا 存在، 在 دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئۇيغۇرچىدىمۇ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى بويىچە «مەۋجۇدىيەت، مەۋجۇتلۇق» دېگەن ناملاردا تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى. ئاددىي چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، Existenz شەيئىنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى كۆرسىتىپ، تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، Being شەيئىنىڭ مېتافىزىكىلىق مەۋجۇتلۇق ھالىتى ياكى مۇئەييەن ماكان ـ زاماندىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى كۆرسىتىپ، ھەرىكەتچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى ئايرىش ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كونتېكىستىغا ئاساسەن Existenz ئۇقۇمى «مەۋجۇتلۇق» دەپ، Being ئۇقۇمى «بارلىق» دەپ ئېلىندى.

[2] بۇ گېرمانلارنىڭ «ھەركىم ئۆزىگە ئەڭ يېقىن، شۇڭا ساخاۋەت ئۆز ئۆيىدىن باشلىنىدۇ» دېگەن تەمسىلىنىڭ تەتۈرىگە ئېيتىلىشىدىن كېلىپ چىققان سۆز.





1877 ـ يىلىغىچە بولغان قىش كۈنلىرىدۇر. مەندە ئاشۇ ئىدىيەنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن. مېنىڭ بۇ ئەسەردە بايان قىلىدىغىنىم ئاساسەن ئاشۇ ئىدىيەدۇر. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىتتا ئاشۇ ئىدىيەنىڭ تېخىمۇ پىشىشى، تېخىمۇ روشەنلىشىشى، تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشى، تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم! مەن بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىت ئارقىلىق يەنىلا مەزكۇر ئىدىيەلىرىمدە چىڭ تۇردۇم، مېنىڭ بۇ ئىدىيەلىرىم بىر ـ بىرىنى كەسكىن تولۇقلاپ، گىرەلىشىپ، سىڭىشىپ كەتتى، بۇ مېنى تېخىمۇ ئوپتىمىستىك[1] هالدا شۇنىڭغا ئىشەندۈردىكى، مېنىڭ ئاشۇ ئىدىيەلىرىم باشتا پەيدا بولغاندا تەنها بولماسلىقى، چېچىلاڭغۇ بولماسلىقى، تاسادىپىي تۇغۇلغان بولماسلىقى، بەلكى بىر ئورتاق مەنبەدە پەيدا بولغان بولۇشى، روھىمنى تىزگىنلەپ تۇرغان چوڭقۇر بىر خىل ئىپتىدائىي بىلىم ئىرادىسىدىن پەيدا بولغان بولۇشى، بارغانسېرى دەل ۋە توغرا نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت شۇلا پەيلاسوپقا لايىق كېلىدۇ. بىزنىڭ هەرقانداق جايدا مەسىلىلەرگە خاس قاراش هوقۇقىمىز يوق، بىز تەنها پېتى خاتالىق ئۆتكۈزەلمەيمىز، تەنها هالدا هەقىقەت بىلەنمۇ ئۇچرىشالمايمىز. مېۋە شاختا پىشقاندەك، بىزنىڭ ئىدىيەمىز، بىزنىڭ قىممىتىمىز، هەربىر «ماقۇل» ۋە «ياق»لىرىمىز، هەربىر «ئەگەر» ۋە «بىراق»لىرىمىز ۋۇجۇدىمىزدىن مۇقەررەر ئاجرىلىپ چىقىدۇ، هەممىسى مەنبەداش، هەممىسى بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ، شۇنداقلا هەممىسى بىر ئىرادە، بىر خىل ساغلاملىق، بىر پارچە زېمىن، بىر قۇياشنىڭ شاهىتىدۇر. بىزنىڭ بۇ مېۋىمىز سىلەرنىڭ ئاشقازىنىڭلارغا ماس كېلەمدىكەن؟ بۇ ئاشۇ مېۋىلىك دەرەخلەرگە قانداق باغلىنىدۇ! بىزگە قانداق باغلىنىدۇ! بىز پەيلاسوپلارغا قانداق باغلىنىدۇ!

---

[1] ئوپتىمىزم لاتىنچە optimum (ئەڭ ياخشى) دېگەن سۆزدىن تۆرلەنلگەن بولۇپ، هاياتنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك ۋاقىتلىق پىسخىكىلىق هالەتنى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ هەرقانداق شارائىتتا كەلگۈسىدىكى ئەڭ ياخشى مۇمكىنچىلىكتىكى نەتىجىنى كۈتۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈمىدچىلىك» دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

## 3

مەندە ئۆزۈمگە ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان غەلىتە بىر تەشۋىش بار، بۇ تەشۋىش ئەخلاق بىلەن — بۇگۈنكى كۈنگىچە زېمىندا ئەخلاق دەپ شۆھرەتلەندۈرۈلگەن پۈتكۈل نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ تەشۋىش بالا چاغلىرىمدىن باشلاپ ئىستىخىيەلىك ھالدا، ئۆزۈكسىز رەۋىشتە مېنىڭ مۇھىتىم، يېشىم، تەربىيەلىنىشىم، كېلىپ چىقىشىم بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ كەلدى، شۇڭا مەن مەزكۇر تەشۋىشنى «پۈتۈلمىش» دېسەممۇ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ قىزىقىشىم ۋە گۇمانىم ھامان بىر مەسىلىدە توختاپ قالىدى، يەنى بىزنىڭ ياخشىلىق ۋە رەزىللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ ئەمەلىيەتتە، ئون ئۈچ ياش چېغىمدا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك چۈشەنچىسى توغرىسىدىكى سوئال مېنى ئەسىر قىلىپ بولغانىدى؛ «دىلىنىڭ يېرىمىدا تەڭرى، يېرىمىدا بالىلىق ئويۇن»[①] دەپ ئاتىلىدىغان چاغدا، مەن بۇ مەسىلىنى ئۆزۈمنىڭ تۇنجى بالىلارچە يازمام — تۇنجى پەلسەپە مەشىق ئەسىرىمدە يازغانىدىم. مېنىڭ ئەينى چاغدىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مېتودىم ئادىل، مۇۋاپىق رەۋىشتە تەڭرىگە «رەزىللىكنىڭ ئاتىسى» دېگەن شان ـ شەرەپنى ئاتا قىلىش ئىدى. بۇنى «پۈتۈلمىش»ىم مەندىن تەلەپ قىلغانمىدۇ؟ ئاھ! بۇ يېڭى ئەخلاقسىزلىق، ئەگەر بولمىغاندا ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتسىز «پۈتۈلمىش» ۋە ئۇنىڭدىن چىققان كانتقا ۋە مېستىك «مۇتلەق بۇيرۇق»قا شۇ قەدەر زېھنىمنى بېرىشىم، ئاڭلاش بىلەنلا چەكلىنىپ بولدى قىلماسلىقىم مەندىن بۇنى تەلەپ قىلامتى؟

① گىيوتىنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3781 ـ مىسراسى.





خورسەن بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەن تېئولوگىيە[1] لىك بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن ئەخلاقىي بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئايرىشنى ئۆگىنىۋالدىم ھەم دۇنيانىڭ ئارقىسىدىن رەزىللىكنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىمەيدىغان بولدۇم، ئانچە ـ مۇنچە تارىخ ۋە پەلسەپە جەھەتتىن تاۋلىنىشقا ئادەتتىكى پىسخىكىلىق مەسىلىلەردىكى تۇغما قۇسۇرچىلىق ئېگى قوشۇلۇپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مېنىڭ سوئالىم باشقا بىر سوئالغا ئايلىنىپ كەتتى، يەنى ئادەم قانداق شارائىت ئاستىدا ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ قىممەت ھۆكۈمىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار ئۆزى قانداق قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە؟ مۇشۇ كەمگىچە ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدە توسالغۇ بولۇش رولىنى ئوينىدىمۇ ياكى تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىدىمۇ؟ ئۇلار تۇرمۇشتىكى كۈلپەت، مەھرۇم قالدۇرۇش، چېكىنىشنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى، كۈچى ۋە ئىرادىسىنى، تۇرمۇشنىڭ جاسارىتى، ئىشەنچى ۋە كەلگۈسىنى نامايان قىلدىمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە خىلمۇخىل جاۋابلارنى تاپتىم، سىناپ بېقىپ، دەۋر، مىللەت، شەخسنىڭ دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ سوئالىنى مەخسۇسلاشتۇرۇپ، جاۋابتىن يېڭى سوئال، يېڭى تەتقىقات، يېڭى پەرەز ۋە يېڭى ئېھتىماللىقلارنى چىقاردىم ـ دە، ئەڭ ئاخىر مېنىڭ ئۆزۈمگىلا خاس بىر تېررىتورىيەگە، ئۆزۈمگىلا خاس زېمىنغا، مەۋجۇتلۇقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان خىلۋەت باغچىغا ئوخشاش بىر تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن دۇنياغا ئېرىشتىم! بىز ــ ئۇشبۇ ئەقىلدارلار شۇ قەدەر بەختلىك ئىكەنمىزكى، ئەگەر بىز يېتەرلىك ۋاقىت جىمغۇرلۇقنى ساقلاپ قېلىشنى بىلىدىغان بولساق!

---

① بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنبەسى گىرېك تىلىدىكى Θεολογια دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «ئىلاھ، تەڭرى» مەنىسىدىكى Θεο دېگەن سۆز بىلەن «يول، دېيىلمە، تەلىمات» مەنىسىدىكى λογο دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان، سۆز مەنىسى بويىچە قارىغاندا، «ئىنساننىڭ تەڭرى ھەققىدىكى بىلىشى ئۇستىگە قۇرۇلغان تەلىمات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىلاھ (تەڭرى) تىن ئىبارەت باش تېمىغا قارىتىلغان بارلىق تەتقىقات ياكى تەلىماتلارنى كۆرسىتىدۇ.

## 4

ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ۋەزمىن ھەم تەنتەك بىر كىتابچە ماڭا ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قىياسىمنى بايان قىلىشتىكى تۇنجى ھاياجاننى بەخش ئەتتى. ئۇ كىتابچىدىن مەن تۇنجى قېتىم ئەخلاقنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، بىنورمال ئەنگلىيەچە پوزىتسىيەنى ئېنىق كۆردۈم، ئۇ ھەممە نەرسىنى قارىمۇقارشىلاشتۇرۇپ، بىر- بىرىگە زىت قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك مېنى جەلپ قىلىۋالدى. بۇ كىتابچىنىڭ ئىسمى «ئەخلاق تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسى» بولۇپ، 1877 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، ئاپتورى دوكتور پول رې[1] ئىدى. مەن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر كىتابنى بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىكىدەك ھەربىر پىكىر، ھەربىر يەكۈننى ئوقۇغاندا ئىختىيارسىز «ياق» دەپ بېشىمنى چايقاپ باققان ئەمەسمەن. گەرچە ئۇ مەندە تاقەتسىزلىك ۋە بىزارلىق پەيدا قىلمىغان بولسىمۇ. بايا مەن ئەينى چاغدا بىر كىتاب يازغانلىقىمنى تىلغا ئالغاندىم، ئۇ كىتابتا مەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دوكتور رېنىڭ كىتابىدىكى گەپلەرنى نەقىل ئالدىم، بۇ ھەرگىزمۇ رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس ــ مەن رەددىيە ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشەتتىم! بەلكىم بىر خىل ئاكتىپ روھ بىلەن تېخىمۇ مۇمكىن بولىدىغان قىياس مۇمكىن بولمايدىغان قىياسنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغاندۇ، بەزىدە بىر خىل خاتالىق ئارقىلىق يەنە بىر خىل خاتالىقنىڭ ئورنى ئېلىنىدىغاندۇ. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، ئۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قىياسىمنى ئاشكارىلىشىمدۇر، نۆۋەتتىكى ماقالىلىرىمدە مۇشۇ قىياسلىرىم

---

① پول رې (Paul Ludwig Carl Heinrich Ree، 1849 ــ 1901)، گېرمانىيەلىك يازغۇچى ۋە پەيلاسوپ، نىتچېنىڭ دوستى.

بايان قىلىندى. بىراق، ئاخىرىغىچە ئۆزۈمدىن يوشۇرۇپ كەلگەن دۆتلۈك سەۋەبىدىن، مەن ئۇ چاغدا تېخى ئەركىن ئەمەس ئىدىم، بۇنداق ئالاھىدە تېمىنى بايان قىلغۇدەك ئالاھىدە تىلىم يوق ئىدى، تۇرلۇك ئەسكى خۇيۇم ۋە ئىككىلىنىشلىرىم بار ئىدى. كىتابخانلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مېنىڭ «ئادىمىيلىك، زىيادە ئادىمىيلىك»① نىڭ 51 ـ بېتىدىكى ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ پاراللېل تەرەققىيات تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىم (يەنى ئېسىلزادىلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ياخشىلىق، رەزىللىكنى پەرقلەندۇرۇش)، 119 ـ بەت ھەم كېيىنكى بىرنەچچە بەتتىكى تەركىيدۇنىياچىلىق ئەخلاقنىڭ قىممىتى ۋە مەنبەسى ھەققىدىكى بايانلىرىم، 78 ـ، 82 ـ بەتلەر ھەم 2 ـ جىلدنىڭ 35 ـ بېتىدىكى «ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىكىسى»دىن ئىبارەت تېخىمۇ قەدىمىي، تېخىمۇ ئىپتىدائىي بولغان بىر خىل ساماۋى ئەخلاق شەكلىنىڭ ئالترۇئىزم② لىق ئەخلاق قىممىتىنىڭ باھالاش شەكلىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرىم (دوكتور رې ۋە باشقا پۈتكۈل ئەنگلىيە ئەخلاق ئېتىمولوگلىرى ئۇنى ئېتىكىلىق «ئۆزىدىكى نەرسە» دەپ قارىغان)دىن پايدىلىنىپ باقسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 74 ـ بەتتە «سەيياھ ۋە ئۇنىڭ سايىسى»③ نىڭ

---

① نىتچېنىڭ 1878 ـ يىلى يازغان كىتابى.

② ئالترۇئىزم (altruism) ئېتىكىدىكى بىر خىل تەلىمات. ئادەتتە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال مەۋجۇتلۇق پۇرسىتى ياكى كۆپىيىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرىدىغان ھەرىكەتنى، ياكى جەمئىيەت مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخس مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشتەك تۇرمۇش پوزىتسىيەسى ياكى ھەرىكەت پىرىنسىپىنى كۆرسىتىدۇ.19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ۋە ئېتىكشۇناس ئاۋگۇس كومت مەزكۇر ئۇقۇمنى تۇنجى بولۇپ ئېتىكا نەزەرىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئېتىكا سىستېمىسىنىڭ ئاساسى قىلغان. كېيىن ئەنگلىيەلىك سىپەنسىر قاتارلىقلار بۇ ئۇقۇمنى قوللانغان. كومتېنىڭ قارىشىچە، ئىنساندا ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش ھاياجىنى، شۇنداقلا ئۆزگىنى مەنپەئەتلەندۇرۇش ھاياجىنى بولىدۇ. ئەخلاق دېگىنىمىز، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىڭ ئۆزگىنى مەنپەئەتلەندۇرۇشكە بويسۇنۇشىدۇر. شۇڭا، ئۆزگىنى مەنپەئەتلەندۇرۇش مۇقەررەر ھالدا ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنى ئاساس قىلىدۇ.

③ نىتچېنىڭ 1879 ـ يىلى يازغان ئەسىرى.



29 ـ بېتى ھەم «تاڭ شەپىقى»[①] نىڭ 99 ـ بېتىدە ئادالەتنىڭ مەنبەسى پەرقسىز كۈچ ئارقىلىق دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق تەڭپۇڭلىشىش ئىكەنلىكىگە ئائىت بايان بار (تەڭپۇڭلۇق پۈتكۈل شەرتنامىلەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغاچقا، پۈتكۈل قانۇنلارنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتىدۇر). ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ «سەيياھ ۋە ئۇنىڭ سايىسى»نىڭ 25 ـ ، 34 ـ بەتلىرىدىكى جازانىڭ مەنبەسىگە ئائىت بايانلىرىممۇ بار. ۋەھىمىنىڭ مەقسىتى جازالاشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇھىم ئەمەس، شۇنداقلا مەنبەمۇ ئەمەستۇر (خۇددى دوكتور رې ئېيتقاندەك، بۇنداق مەقسەت ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتتىكى جازالاشقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، شۇنداقلا دائىم ئىككىلەمچى سۈپەتتە، مەلۇم قوشۇمچە نەرسە سۈپىتىدىدۇر).

## 5

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۇ چاغدا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئۆزۈمنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قىياسلىرىدىنمۇ مۇھىم ئىدى ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەخلاقنىڭ مەنبەسى بىر نىشانغا يېتىشتىكى نۇرغۇن ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئەخلاقنىڭ قىممىتىدە ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يەككە ـ يېگانە ھالدا ئۇلۇغ ئۇستازىم شوپېنخاۋېر[②] بىلەن مۇنازىرە قىلغاندەك بولۇشۇم زۆرۈر ئىدىكى، مېنىڭ ئۇ كىتابىمدىكى ھاياجان ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان قارشىلىقنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۇ كىتابىم ئۇنى بىر دەۋرداش ھېسابلاپ ئۇنىڭ

① نىتچېنىڭ 1881 ـ يىلى يازغان ئەسىرى.

② ئارتۇر شوپېنخاۋېر (Arthur Schopenhauer، 1788 — 1860)، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، ئېستېتىكىشۇناس، ئىرادىچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىرادە ۋە ئىپادىدىن ئىبارەت دۇنيا» (1818)، «تەبىئەتتىكى ئىرادە» (1836)، «ئېتىكىدىكى ئىككى ئاساسىي مەسىلە» (1841)، «قىزىقىشنىڭ قوزغىلىشى» (1846) قاتارلىقلار بار.





ئوقۇشى ئۇچۇنلا يېزىلغاندەك، ئۇنىڭ ئۇچۇن پەيدا بولغاندى. چۈنكى، ئۇ كىتابنىڭ ئۆزى يەنە بىر پارچە مۇنازىرىدىن ئىبارەت. مەن تەۋەككۇل قىلغان خەتەرنىڭ قىممىتى، ھېسداشلىقنىڭ ئېنىستىنكت[1] لىرى، ئۆزىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلىش ئىدى، شوپېنخاۋېر دەل مۇشۇ نەرسىلەرنى پەردازلاپ ئىلاھلاشتۇرۇپ، تەجرىبىدىن ھالقىتمۇەتتى، ھەتتا شوپېنخاۋېر ئەڭ ئاخىر ئۇلارنى «قىممەتنىڭ ئۆزى»گە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. مۇشۇنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇ تۇرمۇشنى ئىنكار قىلىشقا، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى، ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە پەيدا بولغان تېخىمۇ ماھىيەتكە تاقىشىدىغان بىر خىل گۇمان، ئۇزۇكسىز چوڭقۇرلىشىدىغان بىر خىل گۇمانخورلۇق دەل مۇشۇ ئېنىستىنكتلارغا قارشى ئىدى! مانا مۇشۇ ئېنىستىنكتلاردىن مەن ئىنسانىيەتكە كېلىۋاتقان غايەت زور خەۋپنى، ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مەپتۇن قىلىش ۋە ئېزىقتۇرۇشىنى كۆردۈم، يەنى ئىنسانىيەت قايسى يولغا يېتەكلىنىدۇ؟ يوقلۇق[2] قا يېتەكلىنەمدۇ؟ دەل مۇشۇ يەردە مەن ئاخىرلىشىشنىڭ باشلىنىشىنى كۆردۈم، تۇيۇق يولنى كۆردۈم، ھالىدىن كەتكەن كونا خاھىشنى كۆردۈم، ئىرادە قارشى چىققان تۇرمۇشنى كۆردۈم، ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ۋابانىڭ ئىللىق، قايغۇلۇق بېشارىتىنى كۆردۈم — مەن بىر مەھەل مودا بولغان ھېسداشلىق ئەخلاقىنى چۈشەندىم، پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى

① ئېنىستىنكت — مەلۇم بىر جانلىق تۇرىنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرىدا بولىدىغان تىپىك، ئۆلۈك ھالەتتىكى، ئالاھىدە غىدىقلىنىشقا دۇچ كەلگەندە بىر خىل مۇقىم ئەندىزىدە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان ھەرىكەت شەكلىدۇر. بۇ ئۇقۇم يەنە جانلىق ئورگانىزملاردىكى تەبىئىي ھەم ئىرسىي يۈزلىنىش، قوزغىلىش ياكى ئىقتىدارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

② بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچىسى nothingness، خەنزۇچىسى 虚无 بولۇپ، پەلسەپەدىكى مۇھىم ئۇقۇملارنىڭ بىرىدۇر، ھەرقايسى پەيلاسوپلار بۇ ئۇقۇم توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلغان، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ زادى نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، يوقلۇق بارلىق (مەۋجۇتلۇق) نىڭ قارشى تەرىپى بولۇپ، ئۇنى نۆل ھالەت دەپ چۈشىنىشكىمۇ، چەكسىزلىك دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئەخلاق بىلەن يۇقۇملاندۇرۇلۇپ، كېسەل بولغانىكەن، بۇ بىز قورقۇنچلۇق قىلىۋەتكەن ياۋروپا كۇلتۇرىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەللىك ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايلىنىپ ئۆتكەن يېڭى بۇددا دىنىغا مېڭىش، ياۋروپالىقلارنىڭ بىر خىل بۇددا دىنىغا مېڭىش، نېھىلىزمغا مېڭىش ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھېسداشلىققا بولغان مۇھەببىتى ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختىشىدىن ئىبارەت بۇنداق يېڭى تۇغۇلغان شەيئى ھازىرقى زاماندىن ئاۋۋالقى پەيلاسوپلار بىردەك ئىنكار قىلغان ھېسداشلىقنىڭ قىممىتىدۇر. مەن پلاتو(ئەپلاتون)[1]، سپىنوزا[2]، لاغۆچفۇكۇ[3] ۋە كانت[4] تىن ئىبارەت تۆتەيلەننىڭ ئىدىيەسىدىكى پەرقنىڭ ئىنتايىن زورلۇقىنىلا مىسالغا ئالىمەن، ئەمما ئۇلار بىر مەسىلىدە بىردەكلىككە ئىگە ــ ھەممىسى ھېسداشلىقنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان.

① پلاتو (ئەپلاتون) (Plato, Π λ τ ω ν، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 427 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى347 ـ يىللار) قەدىمكى گىرېتسىيەلىك پەيلاسوپ، غەرب پەلسەپىسى ۋە كۇلتۇرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 387 ـ يىلى ئاكادېمىي دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە سارىيىنىڭ يېنىغا مەكتەپ قۇرۇپ، مۇشۇ مەكتەپتە 40 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ «جۇمھۇرىيەت» (خەنزۇچىغا «غايىۋى دۆلەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، «قانۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

② سپىنوزا (Baruch de Spinoza، 1632 ــ 1677)، غەرب يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخىدىكى مۇھىم ئەقلىيەتچى پەيلاسوپ، گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامدىكى ئىسپانىيەدىن قېچىپ كەلگەن بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئورتودوكسال تەلىماتلارغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، 24 يېشىدا يەھۇدىي چېركاۋىدىن قوغلانغان. ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەسىرى «گېئومېترىيەلىك تەرتىپكە تايىنىپ ئىسپاتلانغان ئېتىكا» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «ئېتىكا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «تېئولوگىيەلىك سىياسىيشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرى بار.

③ لاغۆچفۇكۇ (François VI, duc de La Rochefoucauld، 1613 ــ 1680)، فىرانسىيەلىك يازغۇچى. دەسلەپكى مەزگىللەردە سىياسىي پائالىيەتلەرگە قىزىقىپ، كېيىنكى مەزگىللەردە مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «پەند ـ نەسىھەتلەر توپلىمى» 1665 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

④ ئىممەنيۇل كانت (Immanuel Kant، 1724 ــ 1804)، يېقىنقى دەۋر تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلارنىڭ بىرى، گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى. «ساپ ئەقىلگە تەنقىد» (1781)، «كەلگۈسى مېتافىزىكىغا مۇقەددىمە» (1783)، «ئەخلاق مېتافىزىكىسىنىڭ ئاساسلىرى» (1885)، «تەبىئىي پەنلەرنىڭ مېتافىزىكىلىق ئاساسلىرى» (1786)، «ئەمەلىي ئەقىلگە تەنقىد» (1788)، «ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا تەنقىد» (1790) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## 6

قارىماققا ھېسداشلىقنىڭ قىممىتى ۋە ھېسداشلىق ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك مەزكۇر مەسىلە (مەن زىيانلىق ھازىرقى زامان ئايالچە كەيپىياتىغا قارشى تۇرىمەن) ئىنتايىن غېرىب مەسىلىدەك، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇت[1] سوراق بەلگىسىدەك قىلىدۇ؛ ئەگەر كىمكى بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانداق سوئال سوراشنى ئۆگەنمەكچى بولسا، مېنىڭكىگە ئوخشاش تەجرىبىگە ئىگە بولالايدۇ ــ غايەت زور، يېپيېڭى بىر دۇنيا ئۇنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدۇ، بىر خىل مۇمكىنچىلىك گويا باش قېيىشقا ئوخشاش ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، تۈرلۈك شۈبھى، تەشۋىش، قورقۇنچ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىدۇ ـ دە، ئەخلاققا ــ پۈتكۈل ئەخلاقلارغا بولغان ئەقىدىسى تەۋرىنىشكە باشلاپ، ئەڭ ئاخىر يېڭى بىر تەلەپ پەيدا قىلىنىدۇ. بىز مەزكۇر يېڭى تەلەپنى جاكارلايلى ــ بىزگە كېرىكى ئەخلاقىي قىممەتلەرگە بولغان تەنقىد، يەنى ئالدى بىلەن بۇ قىممەتلەرنىڭ ئۆز قىممىتىگە قارىتىلغان گۇماندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۇشبۇ ئەخلاق قىممەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش شەرتى ھەم مۇھىتىنى بىلىشىمىز، نەتىجە سۈپىتىدە، كېسەللىك ئالامىتى سۈپىتىدە، نىقاب سۈپىتىدە، ساختىپەزلىك سۈپىتىدە، خاتا چۈشەنچە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان ئەخلاقنى بىلىشىمىز، شۇنداقلا سەۋەب سۈپىتىدە، دورا سۈپىتىدە، روھلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە، چەكلىگۈچى دورا سۈپىتىدە، زەھەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان ئەخلاقنى بىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇ كەمگىچە مەزكۇر بىلىش مەۋجۇت بولمىدى ھەم ئاكتۇئال زۆرۈر نەرسە دەپ قارالمىدى، كىشىلەر بۇ ئەخلاق قىممەتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئەزەللىك،

① ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇت ــ پەلسەپىدىكى مۇھىم ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزگىنىڭ نەق مەيداندا بولىسىمۇ، بولمىسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

هەقىقىي مەۋجۇت ۋە شۈبھىسىز دەپ قارىدى، كىشىلەردە ئەزەلدىن «ياخشى ئادەم» بىلەن «رەزىل ئادەم»نىڭ قىممەت يۈكسەكلىكىنى سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن قىلچىلىك گۇمان ۋە تەۋرىنىش بولۇپ باقمىدى. قىممەت يۈكسەكلىكىنىڭ مەنىسى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى پۈتكۈل ئىلگىرىلەشلىرى، پۈتكۈل نەپلىرى، گۈللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى راست بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ مۇبادا «ياخشىلىق»تا چېكىنىشنىڭ ئالامىتى بار بولۇپ، خېيىم ـ خەتەر، ئېزىقىش، زەھەر، مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، مۇشۇ سەۋەبلىك، رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەلگۈسىنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىدۇ ياكى رېئاللىق تېخىمۇ ئازادىلىشىپ، خېيىم ـ خەتەرچانلىق تېخىمۇ ئازسىيدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ پەسلىشىپ، تېخىمۇ چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئەخلاق ئىنسانىيەتنى ئەسلىدە يەتكىلى بولىدىغان قۇدرەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك چوققىغا مەڭگۈ يەتكۈزەلمىسە، بۇ ئەخلاقنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى بولامدۇ؟ ئەخلاق دەل خېيىم ـ خەتەرنىڭ خېيىم ـ خەتىرى بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

## 7

بىر نۇقتىنى ئازراق چۈشەندۈرۈشۈم كېرەككى، بۇ كارتىنا كۆز ئالدىمدا نامايان بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ بىلىملىك، جاسارەتلىك ۋە تىرىشچان ھەمراھ ئىزدىشىمنىڭ سەۋەبى بار بولدى (ھېلىھەم ئىزدەۋاتىمەن)، مەقسىتىم يېڭىدىن پەيدا بولغان مەسىلىلەر ۋە يېڭى نەزەر بىلەن غايەت زور، يىراق، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ئەخلاق قۇرۇقلۇقىنى سەيلە قىلىش ئىدى، بۇ ئەخلاق ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرۈلگەن. ئەجەبا بۇ ئەنە شۇ قۇرۇقلۇقنىڭ تېپىلغانلىقىدىن

دېرەك بەرمەمدۇ؟

ئەگەر مەن بۇ يەردە باشقىلارنى ھېسابقا ئالماي يەنىلا دوكتور رېنى ئويلىسام، بۇ مېنىڭ قىلچە گۇمان قىلمايدىغانلىقىمدەكمۇ تۇرىدۇ، سوئال سوراش شەكلى ئۇنى جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ توغرا بىر خىل مېتودنى قوللىنىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ جەھەتتە مەن ئۆزۈمنى ئالدىدىمۇ ـ يوق؟ قانداقلا بولسۇن، مېنىڭ ئارزۇيۇم بۇنداق سەزگۈر ھەم ئادىل كۆزەتكۈچىگە تېخىمۇ ياخشى يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، ھەقىقىي ئىنسانچىلىق ئەخلاق تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇنى ئەنگلىيەدە مودا بولۇۋاتقان كۆك رەڭدىن① يەخەس بولۇشقا دەل ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، ناھايىتى ئېنىقكى، بىر ئەخلاق ئېتىمولوگى ئۈچۈن قايسى رەڭنىڭ كۆك رەڭگە قارىغاندا يۈز ھەسسە ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئايدىڭ، بۇ رەڭ كۈل رەڭدۇر. قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدىغىنى پاكىتى بار، مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدىغان، ھەقىقىي مەۋجۇت نەرسە قىسقىسى، ئىنسانىيەت ئەخلاق تارىخىنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۇزۇن، يېشىش قىيىن بولغان تەسۋىرىي يېزىقىدۇر. بۇلار دوكتور رېغا نامەلۇم، لېكىن ئۇ دارۋىننى ئوقۇغانىدى، شۇڭا ئۆز قىياسلىرىدا ھېچقانداق باغلىنىشسىز ھالەتتە دارۋىنچە يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئەڭ مودا، ئەڭ چەكلىمىگە ئىگە ئەخلاق ئاجىزلىرىنى ئەدەپلىك تۇتقە كۆرۈشتۇرۇپ قويىدى، كېيىنكىسى ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي كەڭ قورساقلىققا ئىگە ئىدى، مەزكۇر كەڭ قورساقلىقتا بىر خىل ئۇمىدسىزلىك ۋە ھارغىنلىق بار بولۇپ، ئەزەلدىن ئۇشبۇ ئەخلاق مەسىلىلىرى بۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا پەقەت ئەرزىمەيدىغاندەك تۇراتتى. ئەكسىچە مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۇ مەسىلىلەر باشقا ھەرقانداق مەسىلىدىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنىڭ

---

① ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىغۇچىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىنگلىز تىلىدىكى كۆك رەڭنى بىلدۈرىدىغان blue دېگەن سۆزنىڭ «مەيۈسلۈك» دېگەن مەنىسىمۇ بار. كۆك رەڭ سوغۇققانلىق ۋە پىششىپ يېتىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇلارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ دېيىشىم كىشىلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بۇ مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئېھتىماللىقى سەۋەبىدىندۇر. كۆتۈرەڭگۈ روھ ياكى مېنىڭ سۆزۈم بويىچە ئېيتقاندا شادىمان ئىلىم ياخشىلىقتا ياخشىلىق قايتۇرۇش، ئۇزاق مەزگىللىك، جاسارەتلىك، تىرىشچان، يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئەستايىدىل خىزمەتنىڭ ياخشىلىقتا جاۋاب قايتۇرۇشىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەربىر ئادەم بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدۇ. ئەمما، بىر كۈنلەردە بىز چىن يۈرەكتىن تەنتەنىلىك ھالدا «تۆۋەنگە قاراڭلار! بىزنىڭ كونا ئەخلاقىمىزمۇ مەزكۇر كومېدىيەنىڭ بىر قىسمىدۇر!» دەپ جاكارلىساق، بىز «روھنىڭ تەقدىرى»گە مۇناسىۋەتلىك ئۇشبۇ شاراب ئىلاھى تىياتىرى ئۈچۈن يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسى ۋە مۇمكىنچىلىكنى بايقايمىز، كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئۇلۇغ، قەدىمىي، مەڭگۈلۈك كومېدىيە يازغۇچىلىرى بۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ، كىشىلەر شاراب تەنتەنىسى قىلالايدۇ.

## 8

بۇ ئەسىرىم مەلۇم بىر كىتابخانىغا نىسبەتەن، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ياكى كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان گەپ بولۇپ قالسا، بۇ ھەرگىزمۇ ماڭا تەۋە سەۋەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسىرىم ناھايىتى ئوچۇق يېزىلدى، كىتابخان مېنىڭ پىكرىم بويىچە ئالدىنقى بىرنەچچە پارچە ئەسىرىمنى ئىنچىكە ئوقۇپ چىقىشى ۋە ئوقۇپ چۈشىنىشتە مەسىلە قالمىغان بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن مېنىڭ ئۇ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇش ئاسان ئەمەس. مەسىلەن، مېنىڭ «زوروئاستىر»[①] ناملىق ھەربىر سۆز بىلەن گاھىدا چوڭقۇر جاراھەتلىنىپ، گاھىدا چوڭقۇر ھاياجانغا

① «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ» نىتچېنىڭ 1883 ـ يىلىدىن 1885 ـ يىلىغىچە يازغان ئەسىرى.





چۆمەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ ئۇ كىتابنى چۈشىنىشىگە يول قويمىدىم. مۇشۇنداق كىتابخانلارلا مەزكۇر كىتابتا پەيدا بولىدىغان تىنچ كەيپىياتتىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنىڭ نۇرى، ئەبەدىيلىكى، كەڭلىكى ۋە توغرىلىقىدىن تارتىنماي بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، ئەقلىيە سۆز شەكلى قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھازىرقى كىشىلەر بۇنداق شەكىلنى يېتەرلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلمايدۇ. چوڭقۇر، ئەبەدىيلىك ھېكمەتلەرنى ئادەتتە يەككە پېتى ئوقۇپ يەشكىلى بولمايدۇ، ئوقۇش پەقەت شەرھلەشنىڭ باشلىنىشىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرھلەش سەنئىتىمۇ بولۇشى زۆرۈر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا مېنىڭ قارىشىمدا نېمىنىڭ «شەرھلەش» دەپ ئاتالسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم، ئۇ باب بىر بۆلەك ھېكمەتلىك سۆزدىن باشلىنىدۇ، پۈتكۈل بابنىڭ مەزمۇنى ئەنە شۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ شەرھىيسىدۇر. ئەلۋەتتە، ئوقۇشنى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشتا بىر خىل ماھارەت بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ ماھارەت بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بەختكە قارشى يوقىلىپ كەتتى، شۇڭا مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە ھەزىم بولۇشى قىيىن. ئۇلارنى ھەزىم قىلماقچى بولسا، كىشىلەر سۈت كالىسىغا ئوخشاش قايتا ـ قايتا چايناشنى ئۆگىنىشى كېرەككى، ھازىرقى زامان ئادىمىگە ئوخشاپ قالمىسۇن.

# بىرىنچى باب

## «ياخشىلىق ۋە رەزىللىك»، «ياخشى ۋە يامان»

### 1

بىز ئەنگلىيەلىك بۇ پىسخولوگلارنىڭ ئەخلاقنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدە يەنىلا دەسلەپكى ئىزدىنىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا قايىل بولۇشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى، ئۇلار بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇماندۇر، ئۇلار ھەتتا كىتاب يېزىشتىن ئاۋۋال بەزى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار نەقەدەر قىزىقارلىق ـ ھە! بۇ ئەنگلىيە پىسخولوگلىرى زادى نېمە قىلماقچى؟ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەمىشە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقى — بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى پاسكىنىچىلىقنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك، ئىلغار، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللارنى ئىزدىگەنلىكىنى بايقايدۇ. ھالبۇكى، بۇلار ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ھۆرمىتى ئەڭ كۆرۈشنى خالىمايدىغان قىسىمدۇر، ئۇلار مۇشۇ ئادەت كۈچىدىن، ئۇنتۇغاقلىقتىن، تەۋەككۇلچى ھەم تاسادىپىي ئىدىيە تورى ۋە ئىدىيە مېخانىزمىدىن، ھەرقانداق بىر خىل پاسسىپ، مېخانىك، قايتىشچان، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ۋە ماھىيەتتە ئەخمىقانە بولغان قىسىمدىن ئاكتىپ ئامىللارنى ئىزدەيدۇ. زادى قانداق نەرسە بۇ پىسخولوگلارنى ھەمىشە بىر نىشانغا تىرىشىشقا ئۈندەيدى؟



بىر خىل مەخپىي، قەبىھ، ياۋايى، پەسلەشكەن ئىنسانلاردىكى ئۆزىنى ئالداش ئېنىپستىنكتىمۇ؟ بىر خىل پېسسىمېستىك[①] ئىشەنچسىزلىك ۋە ئۈمىدسىز ئىدېئالىستلارنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئۆچمەنلىكى ۋە مەيۈسلۈكىمۇ؟ خىرىستىيان دىنى (ۋە پلاتو)غا قارىتىلغان بىر خىل ئەرزىمەس، يوشۇرۇن، ئەزەلدىن ئاڭ بوسۇغىسىدىن ھالقىپ باقمىغان غەزەپ ۋە دۈشمەنلىكمۇ؟ ياكى ھەتتا غەلىتىلىكنىڭ تەمىنى تېتىشقا بولغان ئازابلىق پارادوكس[②] بىلەن تولغان، شۈبھىلىك ئاچ كۆزلۈك ۋە بارلىقتىكى بىمەنىلىك بولۇشى مۇمكىن ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاز ـ تولا بار بولۇشىمۇ ئېھتىمالمىدۇ؟ مەسىلەن، ئانچە ـ مۇنچە چاكىنىلىق، ئانچە ـ مۇنچە مەيۈسلۈك، ئانچە ـ مۇنچە خىرىستىيان دىنىغا قارشىلىق، ئانچە ـ مۇنچە شادىمانلىق، ئانچە ـ مۇنچە تەم تەڭشىگۈچكە بولغان ئېھتىياج؟... لېكىن، بەزى كىشىلەر ماڭا ئۇلار قېرى ۋە تايىنى يوق سوغۇق پاقىلاردىنلا ئىبارەت، ئۇلار ئادەمنىڭ ئەتراپىدا خۇددى ئۆزىنىڭ جەنىتىدە ـــ پاتقاقلىق ئېرىقتا تۇرغاندەك ئۆمىلەپ، سەكرىشىدۇ، دەيدۇ. مەن بۇلارنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلارغا ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەي تۇرۇپ بىرەر ئارزۇغا يېتىشكە رۇخسەت قىلىنسا، مەن ھەقىقەتەن بۇ كىشىلەرنىڭ باشقا بىر ھالەتتە بولالىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، بۇ روھ تەتقىقاتچىلىرى ۋە مىكرو كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن باتۇر، ئالىيجاناب، ئىپتىخارلىق ھايۋان بولالىشىنى،

---

① پېسسىمىزم لاتىنچە pessimus (ئەڭ ناچار) دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ھاياتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتەك ۋاقىتلىق پىسخولوگىيەلىك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈمىدسىزچىلىك» دەپ ئېلىشقا بولىدۇ.

② پارادوكس (paradox) قەدىمكى گرېك تىلىدىكى «كۆپرەك ئويلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان Paradokein دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان. پارادوكس ـــ ئادەتتە لوگىكا جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زىت خۇلاسە چىقارغىلى بولىدىغان، ئەمما ھېچقانداق خاتالىق تاپقىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ھۆكۈم ياكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى چىنلىقىدىن ساختىلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققىلى بولىدىغان، ساختىلىقىدىن چىنلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققىلى بولىدىغان لوگىكىلىق زىددىيەتتۇر.

ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى قانداق تىزگىنلەشنى بىلىشىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن بېرىدىغان قۇربانلىقى ئىگە بولىدىغان ئېنېستىكتىنى تاۋلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىمكى، بۇ ـ ئاددىي ـ ساددا، قوپال، كۆرۈمسىز، چەتكە قېقىلغان، خىرىستىيانىزمدىن خالىي، ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھەقىقەت ئۈچۈن بولسۇن ـــ بەرىبىر ھەرقانداق بىر ھەقىقەت ئۈچۈندۇر، چۈنكى مۇشۇنداق ھەقىقەتلا ھەقىقىي مەۋجۇت بولىدۇ.

## 2

ئۇنداقتا، مۇشۇ ئەخلاق تارىخشۇناسلىرىنى ئىدارە قىلغان بولۇشى پەرەز قىلىنىدىغان شۇ ئېسىل روھقا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى! ئەپسۇسكى، تارىخ روھىنىڭ ئۆزىلا ئۇلاردا كەمچىل، توغرىسىنى ئېيتقاندا، تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېسىل روھلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى كېرەكسىز قىلىپ تاشلاپ كەتكەن! ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك كونىراپ، مۇقەددەسلىشىپ كەتكەن پەيلاسوپلارنىڭ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسەن تارىخنىڭ مېتود تەپەككۇرىنى ئىشقا سالمايدۇ، بۇ نۇقتا شۈبھىسىزدۇر. ئۇلار يازغان ئەخلاق شەجەرىسى «ياخشى» چۈشەنچىسى ۋە ھۆكۈمنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان ھامانلا ئۆزىنىڭ كالاپايلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئۇلار: «ئەڭ باشتا، شەخسىيەتسىز قىلىق مەزكۇر قىلىقلارنىڭ ئوبيېكتلىرى، يەنى بۇ قىلىقلار كېرەكلىك بولغانلارنىڭ قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولدى، شۇنداقلا ياخشى دەپ تەرىپلەندى؛ كېيىن بۇنداق قۇۋۋەتلەشنىڭ سەۋەبى ئۇنتۇپ كېتىلدى، شەخسىيەتسىز قىلىق ھەمىشە ئادەتلىنىش بويىچە ياخشى دەپ قارىلىپ ئالقىشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىراقلا ياخشى دەپ ھېس قىلىندى ـــ ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ قانداقتۇر ياخشىدەك قىلاتتى» دەپ جاكارلىدى. بىز شۇ ھامان بايقايمىزكى، بۇ بىرىنچى بۆلەك نەقىل ئەنگلىيە پسىخولوگلىرىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە

پۇتكۈل تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بىز «لازىم قىلىش»، «ئۇنتۇش»، «ئادەتلىنىش»نى كۆرۈپ بولدۇق، ئەڭ ئاخىر يەنە «خاتالىق»مۇ بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلىنىشنىڭ پاكىتى قىلىۋېتىلگەن، بۇگۈنگە قەدەر بىر قەدەر ئالىيجاناب كىشىلەر، ھەتتا بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ بىر خىل سەنئەت ئىمتىيازىدىن ئىپتىخارلانغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئىپتىخار دەپسەندە قىلىنىشى كېرەك، بۇنداق ھۆرمەت پاخاللاشتۇرۇلۇشى كېرەك ـــ بىز بۇنداق بىر توگەنچىگە بارالىدۇقمۇ؟

مەن ھازىر شۇنى ئېنىق كۆردۇمكى، بۇنداق نەزەرىيە «ياخشى» ئۇقۇمىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى خاتا جايدا تۇراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ ـــ «ياخشى»نىڭ ھۆكمى «ياخشى قىلىق»تىن مەنپەئەتلەنگەن ئادەمنى مەنبە قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ «ياخشى ئادەم»لەرنىڭ ئۆزىنى مەنبە قىلغان، يەنى ئېسىل، كۈچلۈك، يۇقىرى قاتلامدىكى، ئالىيجاناب كىشىلەر ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىلىقىنى ياخشى دەپ ھۆكۈم قىلغان، جۈملىدىن ئۇلار ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىلىقىنى ئالىي دەرىجىلىك ھېس قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن قارشىسىدىكىنىڭ ھەممىسى تۆۋەن، پەس، چاكىنا ۋە تومپاي بولۇپ قالغان. بۇنداق ئارىلىق ساقلاش ئەسەبىيلىكىدىن ئۇلار ئىجادىيەت قىممىتى، ھەتتا قىممەت دەپ نام بېرىلگەن ھوقۇقتا ئېرىشكەن، بۇنىڭ كېرەكلىك بولۇش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى! كېرەكلىك بولۇش نۇقتىئىنەزىرى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك تەرتىپ قىزغىنلىقى، ئالاھىدە دەرىجىلىك قىممەت ھۆكمى قىزغىنلىقىنى قوغداشقا نىسبەتەن دەل مۇشۇنداق ناتونۇش ۋە ئىنتايىن نامۇۋاپىق ئىپادىلەنگەنكى، شۇ تاپتا ئەنە شۇنداق پەس، قىزغىن قارىمۇقارشى تۇيغۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ، بۇنداق قىزغىنلىق ھەربىر خىل نىيەتنىڭ چېچەنلىكى، ھەربىر خىل تۆھپىنىڭ ھېسابلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ھەرگىز بىرلا قېتىم بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالمۇ بولمايدۇ، بەلكى مەڭگۈلۈكتۇر. ئالىيجانابلىق ۋە پەرقىنى

ساقلاپ قېلىش تەلۋىلىكى دەل بىز ئېيتقان يۇقىرى دەرىجىلىك، سەنئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يېتەكچى بىر پۇتۇنلۈك ۋە ئاساسىي تۈيغۇ بولۇپ، بىر خىل تۆۋەن دەرىجىلىك سەنئەت، بىر «پەس ئادەم» بىلەن باغلىنىدۇ ــ مانا بۇ «ياخشى» ۋە «يامان» قارىمۇقارشىلىقىنىڭ مەنبەسىدۇر (غوجايىنلارنىڭ ئىسىم قويۇش ھوقۇقى بولغان، بۇ كىشىلەر تىلىنىڭ مەنبەسىنى ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنسە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇلار «بۇ نېمە؟ ئۇ نېمە؟» دېيىشكەن؛ ئۇلار ئاۋازى ئارقىلىق ھەربىر شەيئى، ھەربىر ھادىسىگە تامغا باسقان، شۇنداقلا بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان). مەزكۇر مەنبەنى چىقىش قىلغاندا، «ياخشى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ باشتىلا ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە «شەخسىيەتسىز قىلمىش» بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ــ بۇ ئەخلاق شەجەرىسى ئالىملىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت ھۆكمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، «شەخسىيەتچىلىك» ۋە «شەخسىيەتسىزلىك»تىن ئىبارەت بۇنداق قارىمۇقارشىلىق بارغانسېرى ئادەمنىڭ مەرىپىتىگە تېڭىلغان ــ مېنىڭ سۆزۈم بويىچە ئېيتقاندا، كوللېكتىپ ئىنستىنكىت سۆز (ھەتتا نۇرغۇن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ) ئارقىلىق بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزاق جەريان ئارقىلىق بۇنداق ئىنستىنكىت كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە غوجايىنغا ئايلىنىپ، ئەخلاق قىممىتىنى باھالاش شەكلى بولغان، ھەتتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارىمۇقارشىلىققا پېتىپ قالغان (مىسال ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ياۋروپاغا قاراپ باقايلى، بۈگۈنكى كۈندە بىر تەرەپلىمىلىك ئۆزگەرمەس «ئەخلاق»، «شەخسىيەتسىزلىك»، «ئادالەت» بىلەن تەڭ ئۇقۇم سۈپىتىدە قارىلىپ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرماقتا، ھەتتا بىر خىل «ئۆزگەرمەس كۆزقاراش» ۋە مېڭە كېسەللىكىگە خاس نوپۇزغا ئىگە بولدى).

## 3

بىراق، ئىككىنچىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ياخشى»نىڭ قىممەت ھۆكۈمىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قىياس تارىختا پۈتۈنلەي پۇت تىرەپ تۇرالمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پىسخىكا ئانالىز جەھەتتىمۇ بىمەنىدۇر. شەخسىيەتسىز قىلمىقىنىڭ پايدىسى مەزكۇر قىلمىقنىڭ ماختاشقا مۇيەسسەر بولۇشىدىكى مەنبە بولسىمۇ، بۇ مەنبە ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىلگەن، لېكىن، ئۇنتۇش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ بۇ قىلمىقنىڭ بەزى چاغلاردا پايدىلىنىش قىممىتى قالمىغانمۇ ـ قانداق؟ دەل ئەكسىچە، ئەمەلىيەتتە بۇنداق پايدا ھەرقانداق دەۋردە كۆزگە سىڭىشىپ قالغان، ھەتتا ئۆزۈكسىز رەۋىشتە يېڭىباشتىن تەكىتلەنگەن؛ شۇڭا، پايدا ئاڭدا يوقالمىغان، ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىلمىگەن، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ئاڭدا بارغانسېرى روشەن نامايان بولغان ـ دە، قارشى ئېقىمدىكى نەزەرىيە تېخىمۇ ئېنىق ئەقىلگە ئۇيغۇنلاشقان (مەزكۇر نەزەرىيە ھەرگىزمۇ مۇشۇ سەۋەبلىك تېخىمۇ توغرا ھېسابلانمايدۇ). مەسىلەن، ھېربېرت سپەنسېر[①] مەزكۇر ئېقىمنىڭ نەزەرىيەسىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ياخشى» ئۇقۇمى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «پايدىلىق»، «كارغا كېلىدۇ»غا مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا «ياخشى» بىلەن «يامان»نىڭ ھۆكۈمىدە ئىنسانلارنىڭ خۇلاسە قىلىپ ئېتىراپ قىلىدىغىنى دەل ئۇلارنىڭ «پايدىلىق ـــ كارغا كېلىدۇ» ۋە «زىيانلىق ـــ كارغا كەلمەيدۇ»دىن ئىبارەت ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىلمىگەن ۋە ئۇنتۇلمايدىغان تەجرىبىسىدۇر. بۇ نەزەرىيەگە ئاساسلانغاندا،

① ھېربېرت سپەنسېر (1820 ـــ 1903) ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ، «سوتسىيال دارۋىنىزمنىڭ ئاتىسى» دەپ قارىلىدۇ. ئۇ دارۋىنىزمنى جەمئىيەتشۇناسلىققا تەتبىقلىغان. «ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋاپىق ھوقۇق دائىرىسى» (1842)، «نوپۇس نەزەرىيەسى» (1852)، «پسىخولوگىيە قائىدىلىرى» (1855)، «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» (1874) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«ياخشى»نىڭ بۇگۈنگە قەدەر ئىزچىل رەۋىشتە پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ۋە «ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك قىممەت» ياكى «ئۆزىدىكى قىممەت» دەپ قارالغان. ئېيتقىنىمدەك، بۇنداق ئىزاھلاش مېتودى خاتا، بىراق، ئۇ ئەڭ بولمىغاندا كۆرۈنەرلىك هالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىسخىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

## 4

مۇنداق بىر مەسىلە مەن ئۈچۈن توغرا يولغا بارىدىغان يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول بەلگىسىدۇر، «ياخشى» ئۇقۇمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ ھەقىقىي ئېتىمولوگىيە جەھەتتە مۇھىم بولغىنى زادى نېمە؟ بۇ يەردە مەن بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايقىدىم ــــ «ياخشى»نىڭ ئاساسىي ئۇقۇمىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ھامان «ئېسىلزادە»، «ئاقسۆڭەك» بىلەن باغلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، مۇقەررەر ھالدا يەنە «مەنىۋى يۈكسەكلىك»، «ئالىيجانابلىق» مەنىسىگە ئىگە «ياخشى»، «مەنىۋى ئېسىللىق»، «مەنىۋى ئىمتىياز» مەنىسىگە ئىگە «ياخشى» كېلىپ چىقىدۇ؛ بۇ ئايلىنىش ھامان يەنە بىر خىل ئايلىنىشقا ئەگىشىدۇ، «ئادەتتىكىلىك»، «قوپاللىق»، «پەسلىك» ئەڭ ئاخىر «يامان» ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلىنىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتى نېمىسچىدىكى «يامان» نىڭ ئۆزىدۇر؛ «يامان» (Schlecht) سۆزى بىلەن «ئاددىي ــ ساددا» (Schlicht) سۆزى ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ ــــ «ئۇدۇلمۇئۇدۇل» (Schlechtweg، ئۇدۇل تەرجىمىسى «يامان ئۇسۇل») بىلەن «پۈتۈنلەي

يامان» (Schlechterdings، ئۇدۇل تەرجىمىسى: «يامان شەيئى»)نى سىلىشتۇرۇپ بېقىڭ ــ شۇ سەۋەبتىن، «يامان» دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇنداق قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمىگۈدەك ھالدىكى تۆپتۆزلا ئاددىي ـ ساددىلىق بولغان، ئادەتتىكى كىشىلەر يۈكسەكلىكنىڭ قارشى تەرىپىگە قويۇلغان. ئالاھازەل ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىگە، يەنى ناھايىتى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەنىلەر ھازىر ئادەتلەنگەن ئۇقۇمغا ئۆزگەرگەن. مانا بۇ مېنىڭ ئەخلاق شەجەرىسى تەتقىقاتىمى نامايان قىلغان مۇھىم يىپ ئۇچىدۇر، ئۇنىڭ بۇ قەدەر كېچىكىپ تېپىلىشىدىكى سەۋەب، ھازىرقى دۇنيادا دېموكراتىيەنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى پۈتكۈل مەنبە ئىزدەش خىزمىتىگە توسالغۇلۇق قىلدى، ھەتتا قارىماققا ئەڭ ئوبيېكتىپ بولغان تەبىئىي پەنلەر ۋە فىزىيولوگىيە ساھەسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىدى، ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ئازغىنا مەسىلىلەرنىلا تىلغا ئالالايمەن، خالاس. ئۇنداقتا، بۇنداق سەل قاراش ئۇنىڭ ئۆچمەنلىك ئوتلىرىنى لاۋۇلدىتىپ، ئەخلاق ۋە تارىختا قانداق ئالاھىدە زىيانكەشلىكنى پەيدا قىلالايدۇ؟ سىستق نامى پۇر كەتكەن بۇكېر ۋەقەسى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەنگلىيە ھازىرقى زامان روھىنى مەنبە قىلغان پوپۇلىزم[①] ئۆز يۇرتىدىكى تۇپراقتا يەنە بىر قېتىم پارتلىدى، ئۇنىڭ شىددىتى پارتلاۋاتقان يانار تاغ كەبى بۇگۈنگىچە ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ۋە قۇلاقنى يارىدىغان ئاۋاز چىقىرىپ، ياۋايى ناتىقلىق بىلەن كىشىلەرگە زوراۋانلىق قىلىپ كەلمەكتە.

① پوپۇلىزم (平民主义، Populism) ــ 19 ـ ئەسىردە باش كۆتۈرگەن ئاددىي كىشىلەرنىڭ پانىيلىق تۇرمۇشنى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى دەپ قاراپ، چەكلىك ئىقتىدار ئارقىلىق ئىنسانلارغا گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، شەخسنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەكىتلەپ، ئىندىۋىدۇئال قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە مەۋجۇتلۇق خۇشاللىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان مەسلەك.

## 5

بىزنىڭ مەسىلىمىزگە كەلسەك، بىزنىڭ ئۇنى بىر خىل خاتىرجەملىك مەسىلىسى دەپ ئاتاشقا پۈتۈنلەي ئاساسىمىز بار، ئۇ تاللانغان پېتى ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئاڭلىغۇچىغىلا قارىتىلغان. شۇنىڭدەك، قىزىقارلىق بولغىنى بىزنىڭ بايقىشىمىزدۇر، «ياخشى»نىڭ بەلگىسى بولۇۋاتقان سۆزلەر ۋە سۆز يىلتىزلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە دائىم ئۆزىنىڭ ھوقۇق توغرىسىدىكى ئويلىنىشىغا ئاساسەن ئۆزىنى ئاتايدۇ («كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئادەم»، «غوجايىن»، «يەر ئىگىسى» دەپ ئاتايدۇ) ياكى بۇنداق ئويلىنىشنىڭ ئەڭ روشەن شەرتلىك بەلگىسىگە ئاساسەن ئۆزىنى ئاتايدۇ (مەسىلەن، «پۇلدار»، «ئىگىدار»)، مانا بۇ «ئاريا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پارس تىلى ۋە سىلاۋىيان تىلىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك مەنىلىرى ساقلانغان، بىراق بۇنداق ئاقسۆڭەكلەر بىر خىل تىپىك ئالاھىدىلىك بويىچە ئۆزىنى ئاتايدۇ — مانا بۇ دەل بىز مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىدۇر. مەسىلەن، ئۇلار ئۆزىنى «ھەقىقىي» دەپ ئاتىغان — ئەڭ ئاۋۋال بۇنداق قىلغىنى گىرېك ئاقسۆڭەكلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى مېگارا (Megara) لىق شائىر تېئوگنىس[①]. بۇ مەنىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلگەن سۆز — esthlos نىڭ يىلتىزى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بىر ئادەم مەۋجۇت، رېئال، ئېنىق بولسىلا، ئۇ ھەقىقىي ئادەمدۇر؛ كېيىن سۇبيېكتىپلىقنىڭ

① تېئوگنىس (Theognis، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 585 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540 - يىللارغىچە)، قەدىمكى گىرېتسىيەلىك شائىر. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئالېكساندىر دەۋرىدىن ئىلگىرىكى مەرسىيەلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ.

ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، ھەقىقىيلىق چىنلىقتا ئۆزگەرگەن، ئۇقۇمنىڭ ئايلىنىشىدىكى بۇ باسقۇچتا چىنلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئادەت سۆزى بولۇپ قالغان، ھەتتا «ئاقسۆڭەكچە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تېئوگنىس تەرىپىدىن سەممىيەتسىز دەپ تەسۋىرلەنگەن تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەر بىلەن بولغان پەرقنى نامايان قىلغان، ئاقسۆڭەكلەر سۇنغاندىن كېيىن، مەزكۇر سۆز ئەڭ ئاخىر ساقلاپ قېلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىكى ئاقسۆڭەكلىكنىڭ شەرتلىك بەلگىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ سۆز پىشىپ، تەمگە كىرگەن. Kakos ۋە deilos دېگەن بۇ ئىككى سۆزدە (agathos نىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى — ئاۋام) ئاجىزلىق تەكىتلەنگەن، بۇ بىر ئەسكەرتمىگە ئوخشايدۇ، بۇ خاھىش بويىچە بىز مەنىسى تېخىمۇ ئېنىق بولغان agathos نىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئىزدىشىمىز كېرەك. لاتىن تىلىدىكى يامان (malus) سۆزى ئىلگىرى قېنىق ئەترەڭنى، بولۇپمۇ قارا باش تومپايلارنى — ئارىيانلاردىن ئىلگىرى ئىتالىيەگە ماكانلاشقان ئاھالىلەرنى كۆرسەتكەن، ئۇلار بىلەن ھۆكۈمرانلارغا ئايلانغان ئىستېلاچى ئارىيان ئىرقىنىڭ ئەڭ روشەن پەرقى دەل رەڭگى ئىدى؛ ئەڭ بولمىغاندا، گېئىل تىلى مېنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىسال بىلەن تەمىنلەيدۇ، fin (مەسىلەن، fin - Qal دېگەن ئىسىمدىكى) دېگەن سۆز ئاقسۆڭەكلەرنى كۆرسىتىپ، كېيىن ياخشى، ئېسىل، پاك دېگەنلەرنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلگەن، ئەسلىدە ئۇ سېرىق چاچ دېگەن مەنىدە ئىدى، بۇ تېرىسى قارا، چېچى قارا يەرلىك ئاھالىلەرگە سېلىشتۇرما قىلىنغان.

شۇنداق دېيەلەيمىزكى، كېلتلار ساپ سېرىق چاچلىق ئىرقتۇر. بەزىلەر (مەسىلەن، ۋىركوۋ) گېرمان ئىرقى تارقالغان جايلاردىكى قارا چاچلىق ئىرقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۆلەكنى قانداقتۇر كېلتلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە قېنىغا باغلاپ

قويىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بۆلەكلەردە ئارىيانلاردىن ئىلگىرىكى گېرمانىيە ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان (پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بويسۇندۇرۇلغان ئىرق ئەڭ ئاخىر يەنە بىر قېتىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، تېرىسىنىڭ رەڭگىدە، مېڭىسىنىڭ كەمتۈكلۈكىدە، ھەتتا ئىدراكىي ئېنىستىنكتى ۋە ئىجتىمائىي ئېنىستىنكىنىدە بىزنىڭ تۆۋەندىكى كۆزقارىشىمىزنى كىم قۇۋۋەتلەيدۇ؟ ئەجەبا، بۇ مودا دېموكراتىيە ئەمەسمىكەن، ئەجەبا، مودا بولغان ئانارخىزم[1]، بولۇپمۇ ھازىرقى ياۋروپادىكى سوتسىيالىستلارنىڭ «كوممۇنا»دىن ئىبارەت بۇنداق ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي فورماتسىيەگە بولغان ئورتاق مايىللىقى ئەمەسمىكەن، ئەجەبا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر خىل ھەيران قالارلىق خاتىمەگە ئوخشىمامدىكەن، ئىستىلاچى ۋە غوجايىن ئىرق ئارىيانلارنىڭ، ھەتتا فىزىيولوگىيە جەھەتتىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئەمەسمىكەن؟...) لاتىنچىدىكى bonus نى مەن دادىللىق بىلەن «جەڭگىۋار» دەپ تەرجىمە قىلىمەن؛ ئەگەر bonus نى تېخىمۇ قەدىمىي سۆز bellum (duonus بىلەن duellum نى ھەم duen–lum نى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار، مېنىڭچە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇ duonus ساقلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ) قىچە سۈرۈشتۈرسەم، ئۇنداقتا، bonus نى باشقىلار بىلەن جېدەل قىلىدىغان ئادەم، ماجىرا تۇغدۇرىدىغان ئادەم (duo)، ئۇرۇشقاق دەپ تەرجىمە قىلالايمەن؛ قەدىمكى رىمدا بىر ئادەمنىڭ ئۆز «ياخشى» لىقىنى شەكىللەندۈرۈشكە نېمىنىڭ تۈرتكە بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى. بىز گېرمانلارنىڭ «ياخشى»مىزنىڭ ئۆزى «مۇقەددەس زات»، «مۇقەددەس ئىرق»تىكى ئادەملىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمىكەن؟ ئەدناسى، بۇلار كېلتلارنىڭ خەلق (دەسلەپكى

① ھۆكۈمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھۆكۈمرانلىق ۋە نوپۇزغا قارشى تۇرۇپ، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن ياردەم مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت ھەم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېكتاتورلىق مۇناسىۋىتىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان سىياسىي پەلسەپە ئىدىيەسى.

چاغلاردىكى ئاقسۆڭەك) دېگەن ئاتالمىسى بىلەن بىردەك ئەمەسمىكەن؟ بۇ يەردە مەزكۇر قىياسلارنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىش تازا مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

## 6

سىياسىي ئۈستۈنلۈك كۆزقارىشى ھامان بىر خىل روھىي ئۈستۈنلۈك كۆزقارىشىنى پەيدا قىلىدۇ، مەزكۇر قائىدە ۋاقتىنچە شۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسكى (پەيدا بولۇشتىن باشقا پۈرسىتى بولسىمۇ)، ئەڭ ئالىي تەبىقە دىندارلار تەبىقىسى بولغاندا، ئۇشبۇ قائىدە دىندارلار كىشىلەرگە دىنىي فۇنكسىيەسىنى ئەسكەرتىشتە ياخشى كۆرۈپ ئىشلەتكەن بىر خىل ئاتاشنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەردە بىز تۇنجى قېتىم «پاك» ۋە «ناپاك» دېگەندەك قارىمۇقارشى تەبىقە چۈشەنچىسىنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ تەبىقە مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان «ياخشى» ۋە «يامان» چۈشەنچىسىنى ئۇچرىتىمىز. كىشىلەر شۇنىڭدىن پەخەس بولۇشى كېرەككى، «پاك» ۋە «ناپاك» دېگەن بۇنداق چۈشەنچىلەر دەرھال ئارتۇقچە، بەك كەڭ، ھەتتا سىمۋوللۇق دەپ قارىلىپ قالمىسۇن، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل چۈشەنچىلىرى باشتىلا بىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك قوپال، كېلەڭسىز، تېيىز، تار، تۈز، بولۇپمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرى يوق بىر دۆۋە نەرسە دەپ چۈشىنىلىشى كېرەك. «پاك ئادەم»نىڭ دەسلەپكى مەنىسى پەقەت يۇيۇنغان ئادەم، مەلۇم تۇردىكى بۇلغانغان، تېرىدە داغ پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېمەيدىغان ئادەم، مەينەت تۆۋەن قاتلام ئاياللىرى بىلەن ياتمايدىغان ئادەم، قاندىن سەسكىنىدىغان ئادەم دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى، خالاس! بۇنىڭدىن سىرت، دىندارلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۈتكۈل ھەرىكەتلىرىدىن





نېمە ئۈچۈن دەسلەپكى مەزگىللەردە قىممەت قارىمۇقارشىلىقىنىڭ بىر خىل خەتەرلىك تەرزدە مۇشۇنداق ئىچكىلىشەلىگەنلىكى، ئۆتكۈرلىشەلىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق قىممەت قارىمۇقارشىلىقى سەۋەبىدىن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا هاڭ پەيدا بولغان، مەنىۋىيىتى هۆر ئاكىللېس① مۇ بۇ هاڭدىن ئۆتكەندە تېنى شۈركەنمەي قالمىغان. دەسلەپتە مەلۇم تۇرلۇك ساغلام بولمىغان ئامىللار مۇشۇنداق ئاڭسۆكەڭلىكتە تۆرەلگەن، ئۇلارنى چىرمىۋالغان ئەمگەكتىن سەسكىنىش ۋە گاهى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، گاهى هېسسىياتتا تۇيۇقسىز پارتلايدىغان ئادەتلەردە تۆرەلگەن، ئۇنىڭ نەتىجىسى هەرقايسى دەۋرلەردىكى دىندار (روهانىي)لارنىڭ ناهايىتى تېز، قېچىپ قۇتۇلغۇسىز رەۋىشتە ئۇچەي كېسەللىكلىرى ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىدۇر، بىراق ئۇلار قانداق ئامال تېپىپ، ئۆزىنىڭ بۇ كېسەللىرىنى داۋالىدى؟ ئەجەبا، كىشىلەر بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئۇ داۋالىماقچى بولغان كېسەلنىڭكىدىنمۇ نەچچە يۈز هەسسە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان دېيەلمەمدۇ؟ ئىنسان هېلىهەم ئاشۇ دىندارلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئاقىۋىتى بولغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتاردۇر! بىز مەلۇم يېمەك ـ ئىچمەك شەكلى (گۆشتىن پەرهىز تۇتۇش)نى ئويلاپ باقايلى، روزا تۇتۇش، شەهۋىتىنى تىزگىنلەش، «چۆل ـ باياۋان»غا چىقىپ كېتىش (ۋېير مىچىلچە تەنهالىق ئارقىلىق داۋالاش②، ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان سېمىزلىك ۋە ئوزۇقلىنىشنىڭ زىيادىلىكىنى ئۇز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدە تەركىدۇنيالىق غايىسىنىڭ پۈتكۈل هېستېرىيەلىك قوزغىلىشىنى

① هومېرنىڭ «ئىلىئاد» ئېپوسىدىكى قەهرىمان. گىرېك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ دېڭىز ئىلاهەسى تېتىس بىلەن ئادەمزاتتىن چىققان قەهرىمان پېلېئوسنىڭ ئوغلى، تىروي ئۇرۇشىدا تىروي قوماندانى هېكتورنى ئۆلتۈرۈپ، گىرېك قوشۇنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، كېيىن قۇياش ئىلاهى ئاپوللونىڭ يوشۇرۇن ئوقىدا ئۆلىدۇ.

② ئامېرىكىلىق دوكتور سىلاس ۋېير مىچىل (1829 ـــ 1914) تاپقان داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، يالغۇز قويۇش، كارىۋاتتىن چۈشۈرمەسلىك، تاماقتىن پەرهىز تۇتۇش ۋە ئۇۋۇلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



داۋالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بار)؛ تەركىدۇنياچىلارنىڭ كىشىلەرنى ھۇرۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ئادەتتىن تاشقىرى قۇسۇرچى قىلىۋېتىدىغان سەزگۈ ئەزالارغا قارشى پوتكول مېتافىزىكىسى، ئۇلارنىڭ فەقىرلەر[1] ۋە بىراھمانلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىنى گىپنوز قىلىشى (بىراھمانلار خىرۇستال شارچىدەك شەكلى جازىبىلىك ۋە بېكىتىلگەن ئىدىيەلەرگە كۆنۈك) ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىگە چۈشىنىشلىك ئاددىي سەۋەب بىلەن بولاردىن تويۇپ كېتىش، شۇنداقلا ئۇنى داۋالاشنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇلى بولغان يوقلۇق مۇقامىغا يېتىش (ياكى ئىلاھلىق، يەنى تەڭرى بىلەن ۋەھدەتكە يېتىش، بۇددىستلارنىڭ يوقلۇق ياكى نىرۋاناغا يېتىش تەشنالىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!) قاتارلىقلارمۇ بار. يەنە دىندارلار ئۈچۈن ھەممە نەرسە خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىكى تەكەببۇرلۇق، قىساس، سەزگۈرلۈك، شاللاقلىق، مۇھەببەت، ھوقۇققا ئىنتىلىش، ئىپپەت، كېسەللىك قاتارلىقلار ئەمەس، بەلكى داۋالاش شەكلى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، نېمىلا بولسۇن، شۇنداق دېيىش كېرەككى، مۇشۇ زېمىندا — ئىنسانلار ئۆزىنىڭ خەتەرلىك مەۋجۇتلۇق شەكلى بىلەن ياشايدىغان زېمىندا، ئادەم تەركىدۇنياچە ياشاش شەكلى بىلەن قىزىقارلىق ھايۋانغا تەرەققىي قىلىپ، پەقەت مۇشۇ يەردىلا ئادەمنىڭ مەنئۇيىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياۋۇزلىشىپ كېتەتتى — مانا مۇشۇ ئىككى سەۋەب بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئادەمنى باشقا ھايۋانلاردىن ئەۋزەل قىلدى.

## 7

كىتابخانلار ئاللىقاچان شۇنى پەرەز قىلالايدۇكى، دىندارلارنىڭ قىممەت شەكلى چەۋەندازلار — ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت شەكلىدىن

① ئىسلام دىنىدىكى زاھىتلارنى دېمەكچى.

شۇ قەدەر ئاسان قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە تەرەققىي قىلغان. بۇ خىل قارشىلىشىشلارنىڭ ھەممىسى دىندارلار قاتلىمى بىلەن جەڭگىۋارلار قاتلىمى بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلغان، يارىشىشقا ئامالسىز ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن. چەۋەندازلار — ئاقسۆڭەكلەر قىممەت ھۆكۈمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى كۈچلۈك بەدەن، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، باي، قايناپ تاشقان ساغلاملىق ھەم بۇنداق بەدەن ۋە ساغلاملىقنى قوغدايدىغان شارائىت — كۈرەش، خېيىم ـ خەتەر، شىكار، ئۇسسۇل، مۇسابىقە قاتارلىق كۈچلۈك، ئەركىن، شادىمان ھەرىكەتلەردۇر. ئاقسۆڭەكلەشكەن دىندارلارنىڭ قىممەت شەكلى دەل بىزنىڭ كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش تامامەن باشقا ئالدىنقى شەرتكە ئىگە: كۈرەش ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ چاتاق! خۇددى بىزگە مەلۇم بولغاندەك، دىندارلار ئەڭ ياۋۇز دۈشمەن — نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمەن؟ چۈنكى، ئۇلار ئىنتايىن ئىقتىدارسىزدۇر، ئىقتىدارسىزلىقتا شەكىللەنگەن ئۆچمەنلىك ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتايىن باي، شۇنداقلا زەھەرلىك بولىدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ھامان دىندارلاردۇر، ئەڭ پاراسەتلىك ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلارمۇ ھامان دىندارلاردۇر — دىندارلارنىڭ قىساسخور پاراسىتى ئالدىدا باشقا پاراسەتلەر چېنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئىقتىدارسىزلار تەمىنلەيدىغان پاراسەت بولمىغان بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى ئىنتايىن لاۋزىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. بىز بۇنىڭغا ئەڭ چوڭ مىسالدىن بىرنى كەلتۈرەيلى. دۇنيادىكى «ئېسىللار»، «كۈچلۈكلەر»، «غوجايىنلار»، «ھوقۇقدارلار»غا قارشى پۈتكۈل ھەرىكەتلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ — يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت بۇ دىندارلاشقان خەلق ئۆز دۈشمەنلىرى ۋە ئەزگۈچىلەرنىڭ قىممىتىگە ئۇزۇل ـ كېسىل قايتا باھا بېرىش زۆرۈرلۈكىنى

چوڭقۇر تونۇغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتايىن باي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلىغان. بۇ دىندارلىشىشقا ئىنتايىن ماس خەلقتۇر، مانا بۇ ئەڭ چوڭقۇر دىندارلاشقان قىساسكارلىق پىسخىكىسى بار خەلقتۇر. دەل مۇشۇ يەھۇدىيلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت چۈشەنچىسى (ياخشى = ئېسىل = كۈچلۈك = گۈزەل = بەخت = تەڭرىنىڭ بالىسى)نى قەتئىيلىك بىلەن بۇرىدى، ھەتتا چوڭقۇر قىساسكارلىق (ئىقتىدارسىز قىساسكارلىق)قا تولغان چىشىنى مەھكەم چىشلەپ، «ئازاب تارتقانلارلا ياخشى ئادەمدۇر، نامراتلار، ئىقتىدارسىزلار، زاتى پەسلەرلا ياخشى ئادەمدۇر، ئۇچۇشسىزلىققا چىدىغان، قىيىنچىلىققا يولۇققان، كېسەل، سەت ئادەملەرلا بىردىنبىر ساداقەتمەن، بىردىنبىر ئوبدان ئادەمدۇر، پەقەت شۇلارلا جەننەتتىكى بەختتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەكسىچە، سىلەر ــ مەڭگۈ رەزىل كىشىلەر، شەپقەتسىز كىشىلەر، ئىنسابسىز كىشىلەر، تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر، سىلەر مەڭگۈ بەختسىزلىككە، قارغىشقا دۇچار بولىسىلەر، دوزاختا تاشلىنىسىلەر!»...، دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قىممەتكە بەرگەن بۇ قايتا باھاسىغا كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ قورقۇنچلۇق، پۈتۈن ئاۋامغا چېتىلىدىغان كەشپىياتنى ــ يەھۇدىيلار ئوتتۇرىغا قويغان پۈتكۈل خىرىسلار ئىچىدىكى ئەڭ تۈپكى خىرىسنى ئويلىساملا، باشقا بىر سورۇن («ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدا»نىڭ 118 ـ بېتى) دا دېگەن گېپىم ئېسىمگە كېلىدۇ ــ يەھۇدىيلار ئەخلاق جەھەتتىكى قۇللار قوزغىلىڭىنى باشلىدى، بۇ قوزغىلاڭ ئىككى مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە بولدى، بىزنىڭ بوگۇنكى كۆندە بۇنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىقىمىز مەزكۇر قوزغىلاڭنىڭ تولۇق غەلىبە قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر...

## 8

بىراق، سىلەر چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر مەلۇم نەرسىنىڭ ئىككى مىڭ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭلار؟... بۇنىڭدا ھېچقانداق غەلىتىلىك يوق — ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىياتنى كۆزىتىش قىيىن، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشمۇ قىيىن. ئەمما، بۇ ئىنتايىن چوڭ ئىش — قىساس دەرىخىدە، يەھۇدىيلارنىڭ ئاداۋىتىدە، دۇنيادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ رادىكال، غايە يارىتىپ، قىممەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان ئاداۋەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن مەلۇم بىر تۈرلۈك تەڭدىشى يوق نەرسە، بىر خىل يېڭى مۇھەببەت، تۈرلۈك مۇھەببەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ رادىكال مۇھەببەتتۇر. باشقا دەرەخلەردە بۇنداق مۇھەببەت ئۆسۈپ يېتىلەلەمدۇ؟... خاتا ھالدا بۇنداق مۇھەببەت قىساسكارلىق ئۇمىدىنى ئىنكار قىلىدۇ دەپ قارىماسلىق، يەھۇدىيلار ئۆچمەنلىكىنىڭ قارشىسىدا بىخلانغان دەپ قارىماسلىق كېرەك! ياق! ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە! بۇ مۇھەببەت ئاشۇ دەرەختە ئۆسكەن، ئاشۇ دەرەخنىڭ تاجىسى — زەپەر قۇچقان، ئەڭ پاك يورۇقلۇق ۋە قۇياش نۇرى ئاستىدا تەدرىجىي يېيىلغان دەرەخ تاجىسىدۇر. نۇر ۋە يۈكسەكلىك پادىشاھلىقىدا، مەزكۇر دەرەخ تاجىسى ئوخشاش ئىستەكتە ئاداۋەتنىڭ مەقسىتى، غەلىبىسى، غەنىيمىتى، جەلپكارلىقىغا ئىنتىلگەندەك قىلىدۇ، ئەنە شۇنداق ئاداۋەتنى پۈتكۈل گىردابقا بارغانسېرى يىلتىز تارتقۇزغان ئوخشاش بىر ئىستەك، ھەممىنى خام خىيال قوينىغا بارغانسېرى غەرق قىلىپ بارغىنى چوڭقۇرلۇق ۋە رەزىللىكتۇر. ئەجەبا ناسارالىق ئىيسا — مۇھەببەتنىڭ جىسمانىي تەنگە ئايلانغان ئىنجىلى، بەخت تىلەش ۋە غەلىبىنى نامرات جاپاكەشلەر، كېسەللەر، گۇناھكارلارغا بەخشەندە قىلغۇچىسى «قۇتقۇزغۇچى» — سىرلىق، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىنتايىن قىيىن جەلپكارلىقنى

ئۆزىدە نامايان قىلمىدىمۇ؟ مەزكۇر جەلپكارلىق ۋە ئەگىپ ئۆتۈش يەھۇدىيلارنىڭ قىممىتى ۋە غايىسىنىڭ قايتا يارىلىشىنى پەيدا قىلمىدىمۇ؟ ئەجەبا، ئىسرائىللار مەزكۇر «قۇتقۇزغۇچى»دىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئىسرائىللارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بۇ دۈشمىنى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان قىساس ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىغا يەتمىدىمۇ؟ ئەجەبا، بۇ قىساس ئېلىشتىكى ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور، ئىستراتېگىيەلىك ئىشقا سېلىنىدىغان، سىرلىق، قارا سەنئەت ھېسابلانمامدۇ؟ بۇ يىراقنى كۆرۈپ، يوشۇرۇن، ئاستا ـ ئاستا ۋە كەسكىن پىلانلانغان قىساس ئېلىش ئەمەسمۇ؟ ئىسرائىللار ئۆزىنىڭ قىساس ئېلىشتىكى ھەقىقىي قورالىنى پۈتكۈل دۇنيا تۇكۇرۇپ تاشلىۋەتكەن ئەشەددىي دۈشمەندەك تۇكۇرۇپ تاشلىۋېتىشكە مەجبۇرلىنىش، ھەتتا ئۇنى كىرېستقا مىخلاش ئارقىلىق «پۈتكۈل دۇنيا»نى — يەھۇدىيلارنىڭ پۈتكۈل دۈشمەنلىرىنى ئويلىنىپ تۇرمايلا يەمچۈك قىلىپ يۇتۇۋەتمىدىمۇ؟ ئادەملەرنى جەلپ قىلىپ، مەست قىلىپ، بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت ۋە «مۇقەددەس كىرېست»تىن ئىبارەت سىمۋول، «كىرېستقا مىخلانغان تەڭرى»دىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق پارادوكس، تەڭرى ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى كىرېستقا مىخلىغان دېگەندەك سىرلىق ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ مېستىك تۈسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇرۇپ، مۇنازىرە قىلدۇرغان نەرسە نېمە؟ ھېچبولمىغاندا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئىسرائىللاردىن ئىبارەت بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئۆزىنىڭ تا بۈگۈنگىچە بولغان بارلىق قىممىتىنىڭ قىساسكارلىقى ۋە قايتىدىن باھالىنىشى ئارقىلىق، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە باشقا پۈتكۈل غايىلەر ئۈستىدىن، يەنى پۈتكۈل ئاقسۆڭەكلەرچە غايىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

## 9

«سىز يەنىلا ئاقسۆڭەكلەرچە غايىلەرنى مۇھاكىمە قىلىڭ! بىز يەنىلا پاكىتلارغا مەھكەم يېپىشايلى! خەلق غەلىبە قىلىپ كەلدى ــــ يەنى ‹قۇللار› غەلىبە قىلدى ياكى ‹زوراۋانلار› دېسەكمۇ، ياكى ‹پادىلار› دېسەكمۇ بولىدۇ، سىز ئۇنى قانداق ئاتىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ غەلىبە يەھۇدىيلار سەۋەبلىك قولغا كەلگەن، باشلانغان! باشقا ھەرقانداق خەلق بۇنداق تارىخىي بۇرچقا ئىگە بولۇپ باقمىدى. ‹غوجايىنلار› مەغلۇپ بولدى، ئاۋامنىڭ ئەخلاقى غەلىبە قىلدى. بۇنداق غەلىبە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر خىل قان بۇلغىنىش كېسەللىكى (ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى)گە ھامىلىدار بولدى. بۇ سەۋەبلىك، ئىنسانىيەت زەھەرلەندى. ئىنسانىيەتنى ‹قۇتقۇزىدۇ› غان ‹غوجايىن›نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشۋاتىدۇ. ھەممە نەرسە ئوچۇق ـ ئاشكارا يەھۇدىيلىشىپ كەتتى ياكى خىرىستىيانلىشىپ كەتتى ۋە ياكى زوراۋانلىشىپ كەتتى. (مەيلى قانداق سۆز بىلەن ئېيتىلسا بەرىبىر!) بۇنداق زەھەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامرىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ يامراش سۈرئىتى ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈكسىز ئاستىلاپ، تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىشى، تېخىمۇ شەپىسىز، تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشى مۇمكىن ــــ كىشىلەرنىڭ يەنە ۋاقتى بار... بۈگۈنكى كۈندە دىنىي جەمئىيەت (چېركاۋ)لارنىڭ يەنە قانداق كارامىتى، ھەتتا مەۋجۇت بولۇشىنىڭ يەنە قانداق سەۋەبى باركىن؟ ئۇ مەۋجۇت بولمىسىمۇ بولامدۇ؟ جاۋاب بېرىپ بېقىڭ. قارىماققا دىنىي جەمئىيەت زەھەرنىڭ يامرىشىنى توسۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، بۇ دەل ئۇنىڭ كېرەكلىك تەرىپى بولۇشى مۇمكىن. مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دىنىي جەمئىيەت

پوتونلەي قوپال، بەدەۋىي بىرنەرسە، ئۇ نازۇك ئەقىل ـ پاراسەت، ھەقىقىي زامانىۋى قىزىقىشنى چەتكە قاقىدۇ، ئەجەبا ئۇ ھېچبولمىغاندا ئۆزىنى ئازراق بولسىمۇ مۇكەممەللەشتۈرمەسلىكى كېرەكمۇ؟... بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ جەلىپكارلىقىغا قارىغاندا، يات ۋە غەلىتە بىلىنىشى كۇچەيمەكتە. ئەگەر دىنىي جەمئىيەت بولمىسا، ئارىمىزدا كىم لىبېرال مۇتەپەككۇر بولالايدۇ؟ بىز دىنىي جەمئىيەتنىڭ زەھىرىدىن ئەمەس، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن بىزار، يەنىلا ئۇنىڭ زەھىرىنى قىزغىن سۆيىمىز...» — مانا بۇ بىر «لىبېرال مۇتەپەككۇر»نىڭ مېنىڭ گېپىمگە قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر — ئۇ سەمىمىي بىر ئەبلەخ، ئىشقىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دېموكراتىزمچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، ئىزچىل گېپىمگە قۇلاق سالدى، ھەتتا مېنى سۈكۈت قىلغىلى قويمىدى، ئەمما بۇ مەسىلىدە سۈكۈت قىلىشقا تولۇق ئاساسىم بار.

## 10

قۇللار ئەخلاقتا قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئۆچمەنلىك ئىجادچانلىقىغا بېيىپ، ئۆزگىرىپ، قىممەت تۇغۇلىدۇ — بۇنداق ئۆچمەنلىك بەزى كىشىلەردىن كېلىدۇ، ئۇلار ھەرىكەت ئارقىلىق بىۋاستە ئىنكاس قايتۇرالماي، تەسەۋۋۇردىكى بىر خىل قىساس ئارقىلىق تولۇقلىمىغا ئېرىشىدۇ. پۈتكۈل ئالىيجانابلار ئەخلاقى بىر خىل غالىبلارچە ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە پەيدا بولىدۇ، قۇللۇق ئەخلاقى «تاشقى دۇنيا»نى، «باشقىلار»نى، «ئۆزگە»نى ئىنكار قىلىشتىن باشلىنىدۇ — بۇنداق ئىنكارلىق قۇللۇق ئەخلاقىنىڭ ئىجادچان ھەرىكىتىدۇر. قارشى يۆنىلىشتىن قىممەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان بۇنداق ھەرىكەت — دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى تاشقى دۇنيادىن قىممەت ئىزدەشتۇر — بىر خىل ئۆچمەنلىكتۇر،





قۇللۇق ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشى ھامان ئالدى بىلەن بىر دۈشمەنلەشكۈچى تاشقى مۇھىتنىڭ بولۇشىغا موھتاج، پسخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تاشقى دۇنيانىڭ غىدىقلاپ مەيدانغا چىقىرىشىغا موھتاج، بۇنداق ھەرىكەت ماھىيەتتە تاشقى دۇنياغا قارىتىلغان ئىنكاستۇر. ئالىيجانابلار قىممىتىنىڭ باھالاش شەكلى بۇنىڭ ئەكسىچە ــ بۇ قىممەتلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان، ئۇ تېخىمۇ خاتىرجەم، تېخىمۇ خۇشال ھالدا ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇخالىپىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىمۇقارشى ئۇقۇملىرى، مەسىلەن، «پەس»، «ئادەتتىكى»، «ناچار» دېگەن ئۇقۇملار پەقەت ئۆزىنىڭ قارىمۇقارشى ئۇقۇملىرىغا سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن «بىز ئېسىلزادە، بىز ياخشى، بىز گۈزەل ۋە بەختىيار» دېگۈچىلەرنىڭ ھاياتلىق ۋە ھاياجانغا تويۇنمىغان تۇپكى قارىمۇقارشى ئۇقۇملىرىغا ئاجىز سېلىشتۇرما ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەگەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت شەكلىدە يېتەرسىزلىك بار، زورمۇزور ئىشقا ئاشىدۇ دېسەك، بۇنداق ئەھۋال ئۇلار چۈشەنمەيدىغان ساھەلەردە يۈز بەرگەن، ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەي، قورۇنۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىغان، بەزىدە ئۆزلىرى كەمسىتىدىغان بىرەر ساھەگە خاتا ھۆكۈم قىلغان، مەسىلەن، ئاۋام ساھەسىگە، ئورنى تۆۋەن خەلق ساھەسىگە. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەر شۇنى ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەككى، مەيلى نېمە دېيىلىشۇن، كەمسىتىش كەيپىياتى، تەكەببۇرلۇق كەيپىياتى، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى، كىشىلەردىكى مۇھىتنىڭ ساختىلىقىغا سەل قاراشنى ئىقتىدارسىزلارنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان ئاداۋەت ئارقىلىق ئۆز رەقىبى (ئەلۋەتتە توقۇلما) دىن قىساس ئېلىشتەك ساختىلىقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق كەمسىتىشتىكى ھەددىدىن زىيادە سەل قاراش ۋە يەڭگىللەتكىلىك، ئەمەلىيەت بىلەن كارى بولماسلىق ۋە تاقەتسىزلىك، ئەسلىدىنلا

ھەددىدىن زىيادە ھالەتتىكى تۇغما شادىمانلىقتا قىستۇرۇلۇۋالغان كەيپىيات، مەزكۇر كەمستىشنى ئۆز ئوبيېكتىنى ھەقىقەتەن ھەجۋىي ۋە غەلىتە مەخلۇقتا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە ئۈندىگەن. دىققەت قىلىپ بېقىڭ، گىرېك ئاقسۆڭەكلىرى ئورنى تۆۋەن خەلق بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىگە مېھرىبانلىق ئىنتوناتسىيەسىنى يۈكلىگەن، «بىچارە»، «كۆڭۈل بۆلۈش»، «سەۋر قىلىش» دېگەندەك سۆزلەر ئۈزۈكسىز رەۋىشتە قوچۇلۇپ، بولكىنىڭ ئۈستىگە شېكەر يالىتىلغان، ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاۋامغا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل سۆز ـ جۈملىلەر مەسىلەن، «بەختسىزلىك»، «بىچارە» دېگەندەك ئىپادىلەشلەر (deilos، deilaios، poneros، mochtheros لارغا قاراپ بېقىڭلار، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاۋام پۇقرانى ئەمگەك قىلدىغان قۇل ۋە ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ھايۋان دېگەنلىكتۇر) ئېشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، «ناچار»، «پەس»، «بەختسىز» دېگەندەك سۆزلەر يەنە زېرىكىشلىك رەۋىشتە ئاددىي ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىپ، «بەختسىزلىك» ئۇقۇمى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، گىرېكلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىشتىن توختاپ قالغان ئەمەس؛ قەدىمىي، ئېخىمۇ ئالىيجاناب بۇ ئاقسۆڭەكلەر قىممەت شەكلىنىڭ تەۋەررۈكى سۈپىتىدە، «كېلىپ چىقىشى ئالىيجاناب» بولۇش ئۇلارغا ئۆزىنىڭ «بەخت ساھىبى» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى، ئۇلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە سېلىشتۇرۇلمايتتى، كېيىن سۈنئىي رەۋىشتە ئۇلارنىڭ بەختى يارىتىلىپ ياكى كىشىلەرنى ئىشەندۈرگەن ياكى ئالدامچىلار ئۇلارنىڭ بەختىگە ئىشەنگەن (ۋۇجۇدى ئاداۋەت بىلەن تولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بولىدۇ). ئۇلارنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى كۈچ ئىدى، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا ئاكتىپچانلىقى تولۇپ تاشاتتى، شۇنىڭدەك ئۇلار ھەرىكەتنى بەختتىن ئايرىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇلار

ئاكتىپ ھەرىكەتنى بەختنىڭ زۆرۈر تەركىبىي قىسمى دەپ قارىغان. بۇلار ئىقتىدارسىزلار ھەم ئىزىلگەنلەر قاتلىمىنىڭ «بەخت»ى بىلەن روشەن قارىمۇقارشىلىق شەكىللەندۈرگەن، ئۇلار بۇ كىشىلەرنى زەھەرلىك ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن يۇقۇملاندۇرغان، بۇ ھېسسىياتلار ناھايىتى تېزلىكتە مەستلىك، بىخۇدلۇق، خاتىرجەملىك، ئەركىنلىك، «سەببات كۈنى»، مىجەزنى تاۋلاش ۋە پۈت ـ قولىنى سوزۇش قاتارلىقلاردا پاسسىپ ئىپادىلەنگەن. ئالىيجانابلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە سەمىمىيەت بىلەن تولىدۇ («قېنى ئېسىل»لار «سەمىمىيلىك»نى تەكىتلەيدۇ، بۇنىڭدا «ئاق كۆڭۈللۈك»مۇ بولسا كېرەك)، ئەمما پۈشايمان قىلىدىغان كىشى سەمىمىي بولمايدۇ، ئاق كۆڭۈلمۇ بولمايدۇ، ھەتتا ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ سەمىمىيەتسىز ۋە تۈزدۈر، ئۇنىڭ كۆڭلى قارا بولىدۇ، روھى يوشۇرۇن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى، مەخپىي يوللارنى ۋە ئارقا ئىشىكلەرنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ھەرقانداق يوشۇرۇن ئىش ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ دۇنياسىغا، بىخەتەرلىك كاپالىتىگە، تەسەللىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ سۈكۈت قىلىش، ئەسلەش، كۈتۈشكە، ۋاقىتىنچە تىز پۈكۈپ، خۇشامەت قىلىشقا، بوينىنى قىسىپ تۇرۇشقا ماھىر. بۇنداق قىساسكار ئىرق ئەڭ ئاخىر چوقۇم ھەرقانداق ئېسىل ئالىيجاناب ئىرقتىنمۇ پاراسەتلىك بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ پاراسەتكە چوقۇنۇش دەرىجىسى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ ــ ئۇ پاراسەتنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىدۇ، ئەمما ئالىيجانابلار پاراسەتتىن ئەيش ـ ئىشرەت ۋە نازۇكلۇقنىڭ ئېسىل تەمى سۈپىتىدە ھوزۇرلىنىدۇ، بۇ جەھەتتە، پاراسەت ئاڭسىز ئىنستىنكتنىڭ فۇنكسىيەسى، ھەتتا مەلۇم يەڭگىلتەكلىككە سىلىشتۇرغاندا ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس، ھەتتا بىر خىل ئالاھىدە بەلگىلەنگەن پاراسەتسىزلىككە، مەلۇم بىر خىل تېخىمۇ جەسۇر



قاراملىققا — قاراملىق ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر — پۈتكۈل دەۋرلەردىكى يۈكسەك روھ قايتا تونۇشقا تېگىشلىك غەزەپ، قىزغىن مۇھەببەت، ھۆرمەت، ھاياجان ۋە قىساس قاتارلىق قايناق ھېسسىياتلارنىڭ پارتلىشىغا سېلىشتۇرساق، پاراسەت خېلى بۇرۇنلا مۇھىم بولمىغانىدى. بىر ئالىيجاناب ئادەم ئۆچمەنلىك ھېس قىلسا، بۇ ئۆچمەنلىك پارتلاپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كۆرۈلىدىغان ئىنكاستا خورايدۇ، شۇڭا زەھەر رولىنى ئوينىيالمايدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، نۇرغۇن سورۇنلاردا ئالىيجانابلار ئۆچمەنلىك ھېس قىلمايدۇ، ئەمما بەزى ئاجىزلار ۋە ئىقتىدارسىزلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆچمەنلىك ھېس قىلىدۇ. كۈچلۈك تەبىئەتكە ئىگە ئادەمنىڭ نىشانى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى، بەختسىزلىكى ۋە خاتالىقىنى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئېغىر دەپ قارىۋالمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردىكى ئېلاستىكلىق، تۈزىتىش ئىقتىدارى، داۋالاش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئەدناسى، ئۇلار بىر خىل ئۇنتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە (ھازىرقى دۇنيادا بۇنىڭ ياخشى مىسالى مىرابوۋ[1] دۇر، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھاقارىتى ۋە كەمسىتىشىنى ئېسىدە ساقلاپ يۈرمىگەن، باشقىلاردىن ئەپۇ سورىمىغان، ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەن). بۇنداق ئادەم ئۇشتۇمتۇت نۇرغۇن پارازىتلارنى تۆكۈۋېتىدۇ، بۇ پارازىتلار باشقىلارنىڭ تېرىسىگە كىرىدۇ؛ بۇنداق ئەھۋالدا زېمىندا «ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى سۆيۈش» پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بىر ئالىيجاناب ئۆز دۈشمىنىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھۆرمەت بىلدۈردى! بۇنداق ھۆرمەت سېپى ئۆزىدىن مۇھەببەتكە بارىدىغان كۆۋرۈكتۇر... شۇنداق، ئۇ ئۆز دۈشمىنىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى ئارقىلىق دۈشمەن تەلەپ قىلىدۇ! شۇنداق، بۇنداق كەمسىتىشكە ئەرزىمەيدىغان، ئەمما ھۆرمەتلەشكە ئىنتايىن ئەرزىيدىغان دۈشمەننى ھېسابقا

---

① ھونورې گابرىئىل رىكۇئېتى، يەنى كومېتى دې مىرابوۋ (1749 — 1791) فىرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ۋە يازغۇچى.

ئالمىغاندا، ئۇ باشقا دۈشمەنلەرگە سەۋر قىلالمايدۇ! ئويلاپ باقايلى، ۋۇجۇدى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان بىر ئادەم مۇلاھىزە قىلىدىغان دۈشمەن قانداق بولماقچى — بۇ دەل ئۇنىڭ ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدۇر — ئۇ «ئىپلاس دۈشمەن»نى مۇلاھىزە قىلىدى، «رەزىل ئادەم»نى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ئاساسىي ئۇقۇم ھېسابلىدى، كېيىن يەنە بۇنىڭدىن قالدۇق چۈشەنچىلەر پەيدا بولدى، بىر مۇخالىپ تەرەپنى — «ياخشى ئادەم»نى، يەنى ئۇنىڭ ئۆزىنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

## 11

بۇنىڭ ئەكسىچە، مەنىۋى ئالىيجانابلار ئاۋۋال ئىستىخىيەلىك رەۋىشتە «ياخشى» ئۇقۇمىنى ياراتقان، يەنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن بۇ ئۇقۇمغا ئېرىشكەن، ئاندىن بۇنىڭدىن «يامان» توغرىسىدىكى بىر خىل ئۇقۇم تۈرلىنىپ چىققان! بۇنداق ئالىيجانابلىقنى مەنبە قىلغان «يامانلىق» ۋە قانائەتسىز ئۆچمەنلىكنىڭ داش قازىنىدا پەيدا بولغان «رەزىللىك» قارىماققا ئوخشاشلا «ياخشى» ئۇقۇمىنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى «يامان» ۋە «رەزىل»دىن نەقەدەر پەرقلىنىدۇ ـ ھە! ئالدىنقىسى قوشۇمچە مەھسۇلات، بىر خىل قوشۇمچە تەركىب، بىر خىل تولۇقلىما تۈس؛ كېيىنكىسى مەنبە، باشلانما، قۇللۇق ئەخلاقى چۈشەنچىسىدىكى ئېپتىدائىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدۇر. لېكىن، بۇ يەردىكى بىردەك «ياخشى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۇقۇم ئوخشاش ئەمەس — ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۆچمەنلىك ئەخلاقىغا ئاساسەن زادى كىمنىڭ «رەزىل ئادەم» ئىكەنلىكىنى سوراپ باقايلى. بۇنىڭ ئەڭ توغرا جاۋابى شۇكى، بۇ يەردىكى «رەزىل ئادەم» دەل يەنە بىر خىل ئەخلاقتىكى «ياخشى ئادەم»، ئالىيجاناب، كۈچ ساھىبى، ھۆكۈمراندۇر، ئۆچمەنلىكنىڭ زەھەرلىك كۆزلىرىدە ئۇلارنىڭ رەڭگى، مەنىسى، ھالىتى

ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. بۇ يەردە بىز ئاز دېگەندىمۇ بىر نۇقتىنى ئىنكار قىلمىمىز ــ كىم ئەنە شۇنداق «ياخشى ئادەم»نى دۈشمەن دەپ بىلگەن بولسا، شۇ ياۋۇز دۈشمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچنېمە بىلمەيدۇ. ئوخشاشلا، بۇنداق ئادەملەر شۇ قەدەر كەسكىن رەۋىشتە ئۆرپ ـ ئادەت، ھۆرمەت، قائىدە ـ يوسۇن، مىننەتدارلىقتا چۈشەپ قويۇلىدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى كۆزىتىش، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشقا چۈشەپ قويۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى يەنە بىر جەھەتتىن ئويلىنىشقا شۇ قەدەر ماھىر، ئۆزىنى تىزگىنلەشكە شۇ قەدەر ماھىر، شۇ قەدەر مېھرىبان، سادىق، ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان، دوستانە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ؛ تاشقى دۇنياغا كېلىپ، تۇرلۇك ناتونۇش شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشقان ھامان، قەپەستىن ئايرىلغان ياۋايى ھايۋانلادىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار پۈتكۇل ئىجتىمائىي چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ياۋايى ھالىتىدە ئىناق، ئىتتىپاق تۇرمۇشتا شەكىللەنگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك چەكلىمە ۋە بېكىنىش ئېلىپ كېلىدىغان جىددىيچىلىك پىسخىكىسى تولۇقلىنىدۇ، ئۇلار ياۋايى ھايۋانلىق ۋىجداننىڭ بىگۇناھلىقىغا قايتقاندا، ئىچى قوتۇر ياۋايى ھايۋانغا ئۆزگىرىپ، قىرغىنچىلىق، ئوت قويۇش، باسقۇنچىلىق، جېدەل ـ ماجىرا قاتارلىق بىر يۈرۈش يىرگىنچلىك زوراۋانلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن، خۇددى بىر مەيدان ئوقۇغۇچىلارچە بەتقىلىقلىقنى تاماملىغاندەك گىدىيىپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقان پېتىچە كېتىپ قالسا كېرەك، ئۇلار يەنە ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە شائىرلارنىڭ ماختىشى ۋە قەسىدە ئوقۇشىغا ئەرزىيدىغان خام ماتېرىيال بولالايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنسە كېرەك. بۇ ئالىيجاناب ئىرقلارنىڭ قەلبىدىكىسى پۈتۈنلەي ياۋايى ھايۋانلاردۇر، ئۇلار ئىنتايىن چىرايلىق، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ جەڭ غەنىيمەتلىرى ۋە غەلىبىگە ئىنتىلىدىغان ئالتۇن چاچلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن

پەرقلەنمەيدۇ؛ قەلبىگە يوشۇرۇۋالغانلىرى ھەممىشە پارتلاپ چىقىدۇ، ياۋايى ھايۋانلار چوقۇم قايتىدىن قوتۇلۇپ چىقىشى، چوقۇم ياۋايى ھالىتىگە قايتىپ كېتىشى كېرەك — رىم ئاقسۆڭەكلىرى، ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى، گېرمان ۋە ياپون ئاقسۆڭەكلىرى، ھومېر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلار ۋە سكاندىناۋىيەدىكى دېڭىز قاراقچىلىرى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئېھتىياج بار. ئالىيجاناب ئىرق نەگە بارسا «بەدەۋى» ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىزنالارنى قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك كۇلتۇرىدىمۇ بۇنداق قىلمىقتا ئائىت بىر خىل ئېڭى، ھەتتا بىر خىل ئېپتىخارى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (مەسىلەن، پېرىكلىس[1] مەشھۇر دەپنە مۇراسىمى نۇتقىدا ئافىنا خەلقىگە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ جەسۇرلۇقىمىز ۋە كەسكىنلىكىمىز پۈتكۈل زېمىن ۋە دېڭىزغا كىرىدىغان دەرۋازىنى ئاچتى، ھەممە يەردە ياخشى، ناچار دەپ ئايرىماي مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىدۇق.») ئالىيجاناب مىللەتتىكى بۇنداق ئەسەبىيلەرچە، بىمەنە، تاسادىپىي ئىپادىلىنىدىغان «جەسۇرلۇق ۋە كەسكىنلىك»، بۇنداق چۈشىنىكسىزلىك، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى بۇنداق تىزگىنلىيەلمەسلىكى (پېرىكلىسنىڭ ئافىنالىقلارنىڭ rathumia سىنى ئالاھىدە تەكىتلىشى)، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېرەنسىزلىكى ھەم بىخەتەرلىك، تەن، ھايات، ئازادىلىكنى كەمسىتىشى، پۈتكۈل بۇزۇش قىلمىشىغا، پۈتكۈل غالىب جىنسىي ئىستەك ۋە شەپقەتسىز جىنسىي ئىستەكنىڭ ئادەمگە سالىدىغان ۋەھىمىسىگە ئىشتىياق باغلىشى ۋە ئىچكى دۇنياسىدىن كەلگەن قىزىقىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى سۈرەتلىگەن «بەدەۋى»، «رەزىل دۈشمەن»نىڭ ئوبرازىدۇر، «گوتلار»، «ۋاندالار»نىڭ ئوبرازى بولۇشىمۇ مۇمكىن. گېرمانلار دەسلەپ ھوقۇق تۇتقاندا

---

① پېرىكلىس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 490 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 429 ـ يىلىغىچە ياشىغان) قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ قۇلدارلىق دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ ۋەكىلى، قەدىمكى دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ بىرى.

قوزغالغان (هازىر يەنە بىر قېتىم قوزغالدى) چوڭقۇر ۋە شەپقەتسىز ئىشەنچسىزلىك تېخىچە ئەنە شۇ يوقاتقىلى بولمايدىغان ۋەھىمىنىڭ خاتىمىسىدۇر، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ياۋروپالىقلار مۇشۇنداق ۋەھىمىدە ئالتۇن چاچلىق گېرمان ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ شىددەتلىك غەزىپىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلدى (گەرچە قەدىمكى گېرمانلار بىلەن بىز — ھازىرقى گېرمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇم جەھەتتىكى مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەستەك تۇرسىمۇ، قانداشلىق جەھەتتىكى باغلىنىشنى تىلغا ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق بولسىمۇ). مەن بىر قېتىم ھېسيودۇسنىڭ قىيىنچىلىقىغا دىققەت قىلدىم، ئەينى چاغدا ئۇ كۇلتۇرەل دەۋرنىڭ تەرتىپ مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئالتۇن، كۇمۇش، تۆمۈرنى ئۇلارنىڭ بەلگىسى قىلىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپتىكەن. ئۇ ھومېر دەۋرىدىن قالغان شانلىق، شۇنداقلا شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق، شۇ قەدەر قەبىھ زىددىيەتنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان، ئىشلەتكەن ئۇسۇلى بىر دەۋرنى ئىككىگە ئايرىش ئىدى، خالاس. كېيىن مۇشۇ تەرتىپ ئاساس قىلىندى — ئاۋۋالقىسى تىروي ۋە تېبېسنىڭ قەھرىمان ۋە يېرىم ئىلاھلىق دەۋرى، بۇ ئېسىلزادىلەر يەنىلا خاتىرىسىدىكى دەۋرنى ساقلاپ قالغان، ئۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى بار ئىدى؛ كېيىنكىسى مېتال دەۋرى، شۇنداقلا ئاياغ ئاستى قىلىنغۇچىلار، مەھرۇم قىلىنغۇچىلار، زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلار، بارىمتايلىققا ئېلىپ كېتىلگۈچىلەر ۋە سېتىۋېتىلگۈچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى كۆرگەن دۇنيادۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇدا دەۋرى قاتتىق، مۇدھىش، رەھىمسىز، ھېسسىيات ۋە ۋىجدان يوق دەۋر ئىكەن؛ ھەممە نەرسە بىنچىت قىلىنىپ، قان يۇقى بىلەن تولغانمىش. ناۋادا ھازىر «ھەقىقەت» قىلىپ قويۇلغان نەرسە راست شۇنداق بولسا، ناۋادا پۈتكۈل كۇلتۇرنىڭ مەنىسى «ئادەم»نى ياۋايىلىقتىن مېھرىبان، تەربىيە

كۆرگەن ھايۋانغا، بىر خىل ئۆي ھايۋىنىغا ئايلاندۇرۇشتا بولسا، ئۇنداقتا، بىز بۇ قارشىلىق ۋە ئۆچمەنلىك ئىنىستىنكتىنى، ئەڭ ئاخىرقى نومۇس ئارقىلىق ئىسىللار ھەم ئۇلارنىڭ غايىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىنىستىنكتىنى ئىككىلەنمەيلا ھەقىقىي كۇلتۇرەل قورال دېيىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قانداقلىقىغا ھازىرچە بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، بۇنداق ئىنىستىنكتكە ئىگە كىشىلەر كۇلتۇرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغان خۇلاسىنىڭ توغرىلىقى پەقەتلا بىر ئېھتىماللىقتۇر، ياق! بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەممىگە مەلۇم! غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش ئىستىكى ۋە قىساس ئىستىكى ئىنىستىنكتىگە ئىگە بۇ كىشىلەر پۈتكۈل ياۋروپالىق ۋە ئافرىقىلىق قۇللارنىڭ ئۇشبۇ ئەۋلادلىرى، بولۇپمۇ پۈتكۈل ئارىيان ئاھالىسىنىڭ ئەۋلادلىرى ــ بۇلارنىڭ نامايان قىلغىنى ئىنسانىنىڭ رودىمېنتلىشىشىدۇر! بۇ «كۇلتۇرەل قورال»لار ئىنسانىنىڭ شەرمەندىلىكىدۇر، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل گۇمان، بىر خىل «كۇلتۇر»گە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت! كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئىرقنىڭ قەلبىدىكى ئالتۇن چاچلىق ياۋايى ھايۋاندىن قورقۇش، ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىشكە تولۇق ئاساسى بار، ئەگەر بىراۋ تەھلىكىسىزلىكنىڭ مەڭگۈ مەغلۇبىيەتچى، كەمسىتىلگۈچى، چۈشكۈنلەشكۈچى، زەھەرلەنگۈچىلەرنىڭ قىزغىنىش نەزىرىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئەجەبا ئۇ يەنە نەچچە مىڭ قېتىملاپ تەھلىكە ھېس قىلارمۇ؟ بۇ دەل بىزنىڭ بالا ـ قازايىمىز ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ «ئادەم»نى ياقتۇرماسلىقىمىزنى نېمە قوزغاپ چىقىدۇ؟ ئادەم بىزگە زۇلۇم قىلىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق، ئەلۋەتتە. بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قورققانلىقىمىزدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا قورقۇشقا ئەرزىگۇدەك ھېچنېمە قالمىدى. چۇپرەندە «ئادەم»لەر سەھنىگە چىقىپ بولدى، ھەتتا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە.

«ئىستائەتچان ئادەم»، دورا بىلەن قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان چاكىنىلار، ئادەمنى ناخۇش قىلىدىغانلار ئۆزىنى قەھرىمان، تارىخنىڭ مەنىسى، «يۇقىرى تەبىقە كىشىسى» دەپ قاراشنى بىلىپ كەتتى. شۇنداق، بۇنداق تۇيغۇلار پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئۆزى بىلەن زور بىر تۈركۈم مەغلۇبىيەتچىلەر، كېسەللەر، ھالىدىن كەتكەنلەر، چۈشكۈنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ھېس قىلغان، بۇ ئارىلىقتىن كېيىن، بۈگۈنكى ياۋروپا سېسىشقا باشلىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى ھېچبولمىغاندا بىرقەدەر مۇۋاپىق ھېس قىلىدۇ، ھېچبولمىغاندا ياشاش ئىقتىدارى بار، ھېچبولمىغاندا چوقۇم ياشايدۇ...

## 12

شۇ تاپتا، مەن ئىختىيارسىز خورسىنىپ قويىمەن ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمنى بېسىپ قويالمايمەن. مەن پۈتۈنلەي بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نەرسە نېمە؟ ئۆزۈم يالغۇز بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، مېنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ۋە ھالسىرىتىدىغان نەرسە زادى نېمە؟ مېنى تۇنجۇقتۇرىدىغان، ئازابقا بەرداشلىق بەرگۈزىدىغىنىچۇ؟ مۇدھىش ھاۋا! مەلۇم تۈرلۈك مەغلۇپ بولغان نەرسىنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشى، مېنىڭ مەغلۇپ بىر روھنىڭ پۇرىقىنى ھېس قىلىشىمغا توغرا كەلگەنلىكى... بۇنىڭدىن سىرت، ئادەم يەنە نېمىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؟ جاپا ـ مۇشەققەت، نامراتلىق، مۇدھىش ھاۋا، ئۇزۇنغىچە كېسەل تارتىش، جەبىر، غېرىبلىققىمۇ؟ ئادەم ئاساسەن بۇ قىيىنچىلىقلاردىن باشقا ھەممە نەرسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؛ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى بىر خىل مەخپىيلىكنىڭ، كۆرەشنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر؛ ئادەم ھامان ئۇزۇكسىز رەۋىشتە نۇرغا يېقىنلىشىپ، ئۇزۇكسىز رەۋىشتە ئۆز

غەلىبىسىنىڭ ئالتۇن پەيتلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ — كېيىن ئۇ يەردە توختايدۇ — خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق مۇستەھكەمدەك، شۇ قەدەر جىددىي رەۋىشتە يېڭى، تېخىمۇ جاپالىق، تېخىمۇ يىراق كۆرەشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىدۇكى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق چىڭ كېرىلىپ تۇرۇۋاتقان ياغا ئوخشايدۇ. بىراق، مەن دائىم ئېرىشىدىغان شاپائەت — ناۋادا ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدا ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ شاپائەتچىسى مەۋجۇت بولسا — ماڭا كۆرسىتەلەيدۇ، ھەتتا مەلۇم تولۇق مۇكەممەل، قانائەتلىنەرلىك، بەختلىك، كۈچلۈك، زەپەر قۇچقان، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان نەرسىنىلا كۆرسىتىپ قويالايدۇ! ئىنساننى ئاقلىغان كىشىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئىنساننىڭ ئېشىپ قالغان، يوقىلىۋاتقان پۈرسىتىنى كۆرسىتىپ، ئادەمگە بولغان ئىشەنچتە چىڭ تۇرغۇزىدۇ!... ئەمەلىيەتتە، ياۋروپالىقلار ئەرزىمەس ۋە ئوتتۇرا ھال بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈش ئادەمنى بىزار قىلىدۇ... بىز بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ئۇلۇغ بولالايدىغان ھېچقانداق نەرسىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىمىز شۇكى، ئىنسان داۋاملىق تۆۋەنگە چۈشىدىغان يولدا كېتىۋاتىدۇ، تېخىمۇ نېپىز، تېخىمۇ مېھرىبان، تېخىمۇ ئېھتىياتچان، تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ چاكىنا، تېخىمۇ ياخشى تەبىئەتلىك، تېخىمۇ خىرىستىيانچىلىشىپ كەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئادەم ھامان «تېخىمۇ ياخشى»لىنىدۇ... مانا بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ قىيىنچىلىقىدۇر — بىز قورقۇۋاتقانلارنى توختىتىش بىلەن بىللە، ئۇلارغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت، ھۆرمەت، ئۈمىد، ئىنتىلىشتىن مەھرۇم بولدۇق، ئادەمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىزارلىق ھېس قىلغانلىقىنى كۆردۇق — بۇ نېھىلىزم بولماي نېمە؟ بىز ئادەمدىن بىزارلىق ھېس قىلدۇق...

## 13

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، «ياخشى ئادەم» ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ يەنە بىر مەنبەسى دەل ئاداۋەت تۇتقۇچى تەسەۋۋۇر قىلغان ياخشى ئادەمدۇر، بۇ مەسىلىمۇ چۈشەندۈرۈشكە موھتاج. قوزىنىڭ يىرتقۇچلاردىن نەپرەتلىنىشى غەلىتىلىك ئەمەس، يىرتقۇچلار قوزىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن يىرتقۇچلارنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەگەر قوزىلار خۇپىيانە مۇلاھىزە قىلىشىپ: «بۇ يىرتقۇچلار شۇ قەدەر ۋەھشىيدۇر، ئەجەبا يىرتقۇچلارغا پەقەت ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئەكسىچە بولغان قوزىلار ياخشى ھېسابلانسا بولمامدىكەن؟» دېسە، بۇنداق ئىدىيەلەرنىڭ تىكلىنىشىدە ئەيىبلىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق، يىرتقۇچلار قوزىلارنى مەسخىرە قىلىشىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بىز بۇ ياخشى قوزىلاردىن ھەرگىز نەپرەتلەنمەيمىز، ئەمەلىيەتتە بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز، ھېچقانداق نەرسە قوزىدىن تەملىك ئەمەس» دېيىشى مۇمكىن. كۈچلۈكنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلىمەسلىكىنى تەلەپ قىلىش، ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇش ئىستىكى، غەلىبە ئىستىكى، ھۆكۈمرانلىق ئىستىكىنى ئىپادىلىمەسلىكىنى تەلەپ قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن تېپىۋالماسلىقى، قارشىلىقتا ئىنتىلمەسلىكى، زەپەرنى ئارزۇ قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىش — خۇددى ئاجىزلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلغاندەك بىمەنىدۇر. مۇئەييەن مىقداردىكى كۈچ ئوخشاش مىقداردىكى ئىستەك، ئىرادە، ئۇنۇمگە تەڭ، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، كۈچ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مۇشۇ ئىستەك، ئىرادە، ئۇنۇمنىڭ ئۆزىدۇر، تىلنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدا (ئەقىلنىڭ تۈپ خاتالىقى تىلنىڭ تاش قاتمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن) بۇنداق كۈچ باشقىلارنى ئاشكارىلايدۇ، چۈنكى تىل پۈتكۈل ئۇنۇمنى چۈشىنىش ۋە خاتا چۈشىنىشنى بىر ئۇنۇملۇك «سۇبيېكت»تا چەكلەپ قويىدۇ. نورمال ئادەم چاقماق

بىلەن چاقماقنىڭ نۇرىنى ئايرىپ، چاقماقنىڭ نۇرىنى بىر سۇبيېكتنىڭ ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ئۇنۇمى دەپ قاراپ، ئۇنى چاقماققا ئوخشاش ئاتىغاندەك، نورمال ئادەمنىڭ ئەخلاقىمۇ كۈچنى ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن پەرقلەندۈرىدۇ، گويا كۈچلۈكنىڭ كەينىدە يەنە بىر بىتەرەپ ئاساس بولغاندەك، كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشى بۇ بىتەرەپ ئاساسقا قىلچە مۇناسىۋەتسىزدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئاساس يوق؛ ئۇنۇم، ھەرىكەت، جەرياننىڭ كەينىدە بىرەر «بارلىق» يوق؛ «ھەرىكەت قىلغۇچى» پەقەت تەسەۋۋۇر تەرىپىدىن ھەرىكەتكە يۈكلەپ قويۇلغان — ھەرىكەت ھەممىدۇر. نورمال ئادەم چاقماقتىن نۇر چىقارسا، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتنى ھەسسىلەپ، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغانلىققا تەڭ — ھەرىكەت ئوخشاش بىر ئىشنىڭ بىردەم سەۋەب، بىردەم نەتىجە دەپ ئاتىلىشىدۇر. تەبىئەت ئالىملىرىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن قېلىشمايدۇ، ئۇلار «كۈچ ھەرىكەتتە، كۈچ سەۋەبتۇر» دەيدۇ. بىزنىڭ پۈتكۈل پەنلىرىمىز ئىنتايىن سوغۇققان، كەيپىيات توسالغۇلىرى چىقىرىپ تاشلانغان بولسىمۇ، يەنىلا تىلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا باشتىن - ئاخىر تېڭىلىدىغان ئورۇن ئالماشتۇرۇش قاسىرىقى، يەنى «سۇبيېكت»تىن قۇتۇلالمايدۇ. مەسىلەن، ئاتوم مانا مۇشۇنداق ئورۇن ئالماشتۇرۇش قاسىرىقىدۇر، ئوخشاشلا كانتنىڭ «ئۆزىدىكى نەرسە»سىمۇ مۇشۇنداق ئورۇن ئالماشتۇرغۇچى قاسىراقتۇر — ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوقكى، بېسىلغان، قاراڭغۇلۇقتا چاقناپ تۇرىدىغان قىساس ۋە ئاداۋەت ھېسسىياتى مۇشۇنداق ئەقىدىدىن پايدىلىنىدۇ، ھەتتا بۇنداق ئەقىدىگە مىسلىسىز قىزغىنلىق بىلەن ئىشىنىدۇ — كۈچلۈك ناھايىتى ئەركىن ھالدا ئاجىزغا ئايلىنىشنى تاللايدۇ، يىرتقۇچ ناھايىتى ئەركىن ھالدا قوزىغا ئايلىنىشنى تاللايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزىنى يىرتقۇچقا ئايلىنىشنى يىرتقۇچ تۈرگە مەنسۇپ قىلىدىغان ھوقۇققا ئېرىشتۈرىدۇ... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ئېزىلگۈچى، بىسمۇۋىلىنغۇچى، غەلىبە قىلدۇرۇلغۇچى ئىقتىدارسىزلارنىڭ قىساسقا ئىنتىلىشتىكى مۇغەمبەرلىكىنى چىقىش قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بىز رەزىل ئادەملەردىن پەرقلىنىشىمىز كېرەك، بىز ياخشى ئادەم بولايلى! ئىشغالىيەتچىلىك قىلمايدىغان، ھەرقانداق ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان بارچە كىشىلەر، ھۇجۇم قىلمايدىغان، مىننەت قىلمايدىغان كىشىلەر، قىساس ھوقۇقىنى تەڭرىگە تاپشۇرغان بارچە كىشىلەر، بىزگە ئوخشاش ئۆزىنى يوشۇرۇپ، پۈتكۈل رەزىللىكلەردىن قاچىدىغان، ھەتتا تۇرمۇشقا ناھايىتى ئاز ئىنتىلىدىغان كىشىلەر، بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق چىدامچان، كەمتەر، ئادىل كىشىلەر ــ بۇلار ياخشى ئادەملەردۇر» دەيدۇ. ئەگەر بىز بىتەرەپلىمىلىكتىن خالىي ھالدا بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالساق، بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەمەلىيەتتە مۇنداق: «بىز ــ ئۇشبۇ ئاجىزلار ھەقىقەت ئاجىز؛ ئەمما، بىز ئۆزىمىز غەلىبە قىلالمايدىغان ئىشنى قىلمايمىز، مانا مۇشۇ ياخشىدۇر.» لېكىن، بۇ قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىمۇ بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىداردۇر (قۇرت ـ قوڭغۇزلار خەتەرگە يولۇققاندا ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، ھەرىكەتنىڭ «ھەددىدىن زىيادە»لىكىدىن ساقلىنىدۇ)، بۇ مۇدھىش رېئاللىق ئىقتىدارسىزلىقنىڭ ساختىلىقى ۋە ئۆزىنى ئالدىشى سەۋەبلىك چېكىنىش، باراۋەرلىك، كۈتۈشتىن ئىبارەت ئەخلاق تونىغا ئورىنىۋالىدۇ، خۇددى ئاجىزلىقنىڭ ئاجىز بولۇشىدىكى مەنبە ــ ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ پۈتكۈل، بىردىنبىر، مۇقەررەر، ئورنىنى ھېچ نەرسە باسالمايدىغان ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقى، بىر خىل ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتى، بىر خىل ئىختىيارىي تاللىشى، بىر خىل ھەرىكىتى، بىر خىل تۆھپىسى بولغاندەك. بۇنداق ئادەم شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بىتەرەپ، خالىغانچە تاللىۋالغان «سۇبيېكت» مۇقەررەر ھالدا بىر خىل ئۆزىنى قوغداش، ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېھتىياجىدىن كېلىپ

پەيدا قىلىدۇ، بۇنداق ئىنسىتىنكىت پۇتكۇل ئالاقىزادىلىكلەرنى مۇقەددەسلەشتۇرۇشكە ئادەتلەنگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۇبيېكت ئاممىباراق ئېتىقاندا روھ بولۇشى، ھەتتا بۇگۇنگىچە زېمىندىكى ئەڭ ياخشى ئېتىقاد بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆلەرمەنلەر، ئاجىزلار ۋە بېسىمغا ئۇچرىغانلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۆزىنى ئالداشقا، ئاجىزلىقنى ئەركىنلىك دەپ شەرھلەشكە، ئاجىزلىقنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق ئىپادىسىنى تۆھپە دەپ شەرھلەشكە ئۈندەيدۇ.

## 14

ئىدېئاللارنىڭ زېمىن يۈزىدە قانداق تەرزدە ياسالغانلىقىنىڭ سىرىغا نەزەر تاشلاشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟... بولىدۇ، بىز باشلايلى! بۇ يەردە بىر يېرىق بار، داۋاملىق قاراڭغۇلۇقتىكى بۇ سىخلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، ھۆرمەتلىك تەنتەكباي بىلەن قىزىققاق ئاخۇن، كۆزىڭىز ئاۋۋال بۇ ئۆزگىرىشچان ئېزىتقۇ نۇر سىزىقلىرىغا ئادەتلىنىشى كېرەك... بولدى، ئەمدى ماڭا دەپ بېرىڭ، ئۇ يەردە نېمە ئىشلار بولىدى؟ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭىزنى دەڭ، سىز ئەڭ خەتەرلىك دەرىجىدىكى قىزىقچىقى، ھازىر مەن ئاڭلىغۇچى.

— «مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، بىراق ئاڭلىغانلىرىم تېخىمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىكى ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىن بىر خىل ئېھتىياتچان، مەككار، يېنىك پىچىرلاش چىقىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئالاقىزادىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ھەربىر ئاۋاز شىرىندەك يۇمشاق، شۈبھىسىزكى، ئۇلار يۇمشاقلىقنى تۆھپە سۈپىتىدە مەدھىيىلەۋاتىدۇ — دېگىنىڭىز توغرا، ئۇلار دەل مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ.»

— داۋاملاشتۇرۇڭ!



— «قىساس ئالمايدىغان ئىقتىدارسىزلىقنىڭ ‹ئاق كۆڭۈللۈك› دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، زاتى پەسلىكنىڭ ئىزتىراپى ‹كىچىك پېئىللىك›كە ئۆزگەرگەنلىكىنى، قىساس ئوبيېكتىغا تىز پۈكۈش ‹ئىتائەت›كە ئۆزگەرگەنلىكىنى (يەنى بۇ خىل تىز پۈكۈشنى تەلەپ قىلغۇچىغا ئۇلار ئىتائەت قىلىدىكەن ۋە ئۇنى تەڭرى دەپ ئاتايدىكەن) ئاڭلىدىم. ئاجىزلىقتا چېقىلىش خاراكتېرىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ روھىغا تولغان جۈرئەتسىزلىك ئۇنى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۈتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن ۋە بۇنىڭغا ئىنتايىن چىرايلىق قىلىپ «سەۋرچانلىق» دەپ ئات قويغانىكەن. ئاندىن بۇ خىل «سەۋرچانلىق» يەنە «گۈزەل ئەخلاق» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ قولىدىن قىساس ئېلىشنىڭ كەلمىگەنلىكى قىساس ئېلىشنى خالىماسلىق، ھەتتا ئەپۇچانلىق دەپ قارىلىدىكەن. (‹چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىنى پەقەت بىزلا بىلىدىكەنمىز!›). ئۇلار يەنە ‹ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنىمۇ سۆيىدىغانلىقى›نى بايان قىلىشىدىكەن — گەپ قىلىۋېتىپ تەرلەپ كېتىدىكەن.»

— داۋاملىق سۆزلەڭ!

— «مەن ئۇلارنىڭ ئىنتايىن بىچارە ئىكەنلىكىگە كېسىپ ھۆكۈم قىلالايمەن، پىچىرلىغۇچىلار ۋە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ياتقان ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلار بىر يەرگە توپلىشىۋالسىمۇ، بىراق ئۇلار ماڭا دېدىكى، ئۇلارنىڭ پاجىئەسى تەڭرى تەرىپىدىن تاللانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەن، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئامراق ئېتىنى قامچىلىغانلىقىغا ئوخشايدىكەن؛ بۇنداق پاجىئە بىر خىل تەييارلىق، بىر خىل سىناق، بىر خىل مەشىق بولسا كېرەك؛ ئۇ ئالتۇننى غايەت زور ئۆسۈم قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىر ئېرىشىلگەن تولۇقلىما بىر نەرسە بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك، ياق، ئالتۇن ئەمەس، بەلكى بەخت. ئۇلار بۇنداق بەختنى ‹تەڭرىنىڭ

رەھمىتى، دەپ ئاتايدىكەن.»

— داۋاملاشتۇرۇڭ!

— «ھازىر ئۇلار ماڭا چۈشەندۈرۈپ دېدىكى، ئۇلار كۈچلۈكلەر ۋە غوجايىنلارنىڭ شۆلگەيلىرىنى يالىشى كېرەك بولسىمۇ (بۇ قورققانلىقتىن ئەمەس، ھەرگىزمۇ قورققانلىقتىن ئەمەس! پەقەت تەڭرى ئۇلارغا ھۆكۈمرانلارغا بويسۇنۇشنى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئىكەن)، ئۇلار بۇ دۇنيادا كۈچلۈكلەردىنمۇ، غوجايىنلاردىنمۇ ياخشى ئىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ‹ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ› كەن، ھېچبولمىسا بىر كۈنلەردە ياخشى بولىدىكەن. بىراق، بەس! بەس! ھاۋا بۇلغاندى! ھاۋا بۇلغاندى! ئىدېئاللارنى ئىشلەپچىقارغۇچى سېخلار ماڭا شۇ قەدەر كۆپ يالغان ئىچىگە غەرق بولغاندەك بىلىندى.»

— «ياق، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، سىز تېخى بۇ زۇلمەت سېھىرگەرلىرىنىڭ قالتىس ھۈنەرلىرىنى ئېيتمىدىڭىز! ئۇلار ھەرقانداق بىر قارا رەڭلىك جىسىمنى ئاق رەڭلىك، كالا سۈتىدەك، پاك نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئەجەبا، سىز ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىكىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئەجەبا، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل، ئەڭ دادىل، ئەڭ سىپتا، ئەڭ تالانتىنى نامايان قىلىدىغان، ئەڭ ساختىپەزلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە نەيرەڭلىرىگە دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ دىققەت قىلىڭ! قەلبى قىساسكارلىق ۋە ئاداۋەت بىلەن تولغان بۇ پارازىتلار قىساس ۋە ئاداۋەتتىن زادى نېمىلەرنى ياساپ چىققان؟ سىز ئۇ جۈملىلەرنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ سىز پەقەت ئۇلارنىڭ گېپىنىلا ئاڭلىغان بولسىڭىز بىلەلمەيسىز، ئۇلار نوقۇل ھەسەتخورلارغا تەۋەمۇ؟»

— «مەن بىلدىم، مەن ئەمدى قۇلىقىمنى دىڭ قىلاي (توغرا! توغرا! تىنىقىمۇ تېگىۋاتىدۇ). ھازىر مەن ئۇلارنىڭ تەكرار ـ تەكرار دېيىلگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمەن: ‹بىز — ئۇشبۇ ياخشى

كىشىلەر — بىز ئادالەتچىلەرمىز.› ئۇلار ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىنى قىساسخورلۇق دەپ ئاتىماي ‹ئادالەت زەپىرى› دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆچ كۆرگىنى دۈشمىنى ئەمەس، ياق! ئۇلار ‹ئادالەتسىزلىك›كە ئۆچ، ‹تەڭرىسىزلىك›كە ئۆچ؛ ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى ۋە ئۈمىد قىلىدىغىنى قىساس ئەمەس، شېرىن قىساستا مەست بولۇش ئەمەس (هومېر بۇ مەستلىك هەسەلدىنمۇ تاتلىق دېگەن)، بەلكى ‹تەڭرىنىڭ غەلىبىسى›. ئادىل تەڭرىنىڭ تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى؛ بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ سۆيۈشكە ئەرزىيدىغىنى ئۆچمەنلىككە تولغان قېرىنداشلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاتىۋالغان ‹مۇھەببەتكە تولغان قېرىنداشلار›، شۇنداقلا ئۇلار ئېيتقان دۇنيادىكى پۈتكۈل ياخشى ئادەملەر ۋە ئادىل كىشىلەردۇر.»

— ئۇلار ئاشۇ پاجىئەلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان ئاتالمىش كەلگۈسى، تەڭرىنىڭ رەھمەت دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك خىيالىي تۈيغۇسىنى نېمە دەپ ئاتايدىكەن؟

— «نېمە؟ مېنىڭ ئاڭلىغىنىم توغرىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى ‹مەھشەر كۈنى› دەيدىكەن، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى، يەنى ‹تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى› يېتىپ كېلىدىغان كۈن ئىكەن — بۇ كۈن يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇلار ۋاقتىنچە ‹ئېتىقاد›، ‹مۇھەببەت› ۋە ‹ئۈمىد› ئىچىدە ياشايدىكەن.»

— بولدى بەس! بەس!

## 15

ئېتىقاد نېمە؟ مۇھەببەت نېمە؟ ئۈمىد نېمە؟ شۈبھىسىزكى، بۇ مەزلۇملار هامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلەرگە ئايلىنىشىنى، هامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ «پادىشاھلىقى» يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار بۇ پادىشاھلىقنى «تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى» دەپ



ئاتايدۇ — ئۇلار ھەقىقەتەن شۇ قەدەر تېگى پەس! بۇ پادىشاھلىقتا ياشاشنى باشتىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئۇزۇن مەزگىلگىچە ياشىشى، ئۆلۈمدىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەك، شۇنداق، مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە بولغاندا! «تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى»دا مەڭگۈ ياشاپ، ئۆزى «ئېتىقاد قىلغان، سۆيگەن، ئۈمىد كۈتكەن» پانىي دۇنيا تۇرمۇشىنىڭ تۆلىمىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىراق، تۆلەم نېمە؟ نېمە بىلەن تۆلىنىدۇ؟... ھېس قىلىشىمچە دانتې بۇ يەردە ئىنتايىن زور بىر خاتالىقنى سادىر قىلغان، ئۇ ۋەھىمە تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل چېچەنلىككە تايىنىپ ئۆزىنىڭ دوزىخقا بارىدىغان دەرۋازىغا «مېنىمۇ مەڭگۈلۈك سۆيگۈ تەرىپىدىن يارالغان» دەپ يازغان — مەيلى نېمە دېيىلسۇن، خىرىستىيان دىنىنىڭ جەننىتى ۋە «مەڭگۈلۈك جەننەت» دەرۋازىسىغا «مېنىمۇ مەڭگۈلۈك ئۆچمەنلىك ياراتقان» دەپ يېزىشىنىڭ تېخىمۇ ئاساسى بار، ئەگەر ھەقىقەت يالغان گەپكە بارىدىغان دەرۋزىدا قەد كۆتۈرگەن بولسا! جەننەتتىكى تەڭرىنىڭ رەھمىتى نېمە؟... بىز ئالاھەل بۇنى قىياس قىلالايمىز، شۇنداقتىمۇ ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشتا ناھايىتى يۈكسەك نوپۇزدىن بەھرىمەن بولغۇچىنى — توماس ئاكۇيناس[①] نى تەكلىپ قىلايلى، ئۇلۇغ ئۇستاز ۋە ئەۋلىيا بىزگە ئىسپاتلاپ بەرسۇن، ئۇ قوزىدەك مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دەيدۇ: «بەختتىن بەھرىمەن بولۇش جازالىنىشنىڭ ئادەمگە ئېلىپ كېلىدىغىنىدىنمۇ زور خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، جەننەتتە بەختكە ئېرىشكەن كىشىلەر رەزىللەرنىڭ جازالانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىنىڭ نەقەدەر بەخت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلىشى ئۈچۈندۇر.» ئەگەر

① توماس ئاكۇيناس (Thomas Aquinas، 1225 — 1274)، ئوتتۇرا ئەسىر سكولاستىكىزم پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلى ۋە تېئولوگ، تەبىئەت تېئولوگىيەسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسچىسى، توماسىزمنىڭ باشلامچىسى. ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. «تېئولوگىيە قامۇسى»، «تەبىئەت قائىدىلىرى»، «ئادەم ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.



كىتابخانىلار ئاتلاشنى خالىسا، بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر پىرنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك تەلەپپۇزدا بايان قىلغان ئوخشاش ئىدىيەسى بار، ئۇ ئۆزىنىڭ خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىنى ئامىمۇۋى ئويۇن[①] لارنىڭ رەھىمسىز شادلىقلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرغان — نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن «چۈنكى، ئېتىقادىنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن شادلىقى ئۇنىڭدىنمۇ زور» (ئاپتوردىن: «مەھشەرگاھ ھەققىدە»[②] نىڭ 29 ـ بابىغا قاراڭ) دەپ يېزىپ، مۇنداق دېگەن: «بۇ خىل شادلىق تېخىمۇ كۈچلۈك. تەڭرىنىڭ قۇتقۇزغىنىغا رەھمەت، ئۇنىڭ بىزگە بۇيرۇغىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان بىر خىل خۇشاللىق، بىزنىڭ ئىگە بولىدىغىنىمىز تەننىڭ قاۋۇللۇقى ئەمەس، بەلكى شېھىتلىك، بىز قاننى ئويلىساق، بىزدىن قان تۆكۈلۈشى كېرەك بولسا... ئويلاپ باقايلى، ئۇ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن كۈنى بىزنى نېمە كۈتۈپ تۇرىدۇ ـ ھە!» ئارقىدىن ئۇ ئادەمنى شەيدا قىلىدىغان خىيالىي مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «شۇنداق، ئەڭ ئاخىرقى مەڭگۈلۈك مەھشەر كۈنى باشقا مەنزىرە ئايان بولىدۇ. بىدئەتلەر ئەزەلدىن ئۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا پۈتكۈل كونا دۇنيا ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئاھالىلىرى بىلەن بىللە سەلىپ ئوتىدا گۇمران بولىدىغان كۈن

① ئامىمۇۋى ئويۇن — قەدىمكى رىملىقلارنىڭ دىنىي مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ئويۇنى، بۇ ئويۇن سابائىن ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋەقەسى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ قۇربانلىق قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئەينى چاغدا سابائىن ئاياللىرىغا ئىلاھ كونساس ئۈچۈن باسقۇنچىلىق قىلىنغان. بۇ خىل مۇراسىم كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئىلاھلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان گىلادىئاتورلار ئويۇنلىرى، خەتەرلىك سىركچىلىك ۋە باشقا تىياتىر تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نىتچېنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنى كىشىلەرنىڭ ھاياتلىقىنىڭ كەسكىن رىقابىتى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشى ياكى دىن ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشى قاتارلىق كوللېكتىپ تۈس ئالغان ۋە مۇقەددەس دەپ قارالغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بولسا كېرەك.

② «مەھشەرگاھ ھەققىدە» قەدىمكى رىمدا ياشىغان خىرىستىيان ئاپتور تېرتوللىيان (مىلادىيە 160 — 225 ـ يىللار) يېزىپ قالدۇرغان لاتىن تىلىدىكى، ئەخلاق ۋە زاھىتلىق تەشەببۇس قىلىنغان ئەسەر. نىتچې مەزكۇر ئەسەردە توماس ئاكۇيناسنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا تېرتوللىياننىڭ ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابىنى لاتىنچە ئەسلىي نۇسخىسى بويىچە نەقىل ئالغان.

ھەرگىز كەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئۇ كۈنى بولىدىغان كارتىنا نەقەدەر زور، نەقەدەر كەڭ ـ ھە! ئاشۇنداق مەنزىرە بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بىز قانداق قاقاھلاپ كۈلۈپ، قانداق خۇشال بولۇپ، ئەسەبىيلەرچە شادلىنىپ كېتىمىز ـ ھە! مەن ئاشۇ پادىشاھلارنىڭ، ئۆزىنى جەننەتنىڭ يول خېتىگە ئىگە ئۇلۇغ پادىشاھ دەپ ئاشكارا جاكارلىغانلارنىڭ، ئۇلۇغ يۇپىت[1] بىلەن بىر يولدىكىلەرنىڭ، قاراڭغۇلۇقنىڭ گىردابىدا نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن! مەن يەنە ئىسانىڭ نامىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئوتتا ئېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئوت ئۇلارنىڭ خىرىستوس مۇرىتلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىنمۇ كۈچلۈك لاۋۇلداپ كۆيەتتى. مەن يەنە دانىشمەنلەرنى، پەيلاسوپلارنى كۆردۈم، ئۇلار ئوقۇغۇچىلىرىغا تەلىم بېرىپ تەڭرىنىڭ ھەرقانداق ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئادەمنىڭ روھى يوق، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ روھ ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تېنىگە قايتىپ كەلمەيدۇ، دېگەنىدى. پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلىرىغا يۈزلەنسە بۇ پەيلاسوپلارنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ! بۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە شائىرلارنىڭ سوراق سەھنىسى ئالدىدا تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، چۈنكى ئۇلار رادامانتىئوس[2] ياكى مىنوئىسنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئويلىمىغان يەردىن ئۆزلىرىنى خىرىستوسنىڭ سوراق سەھنىسى ئالدىدا كۆرگەنىدى! كېيىن مەن يەنە تىراگېدىيە ئاپتورلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئۇلار ئۆز تىراگېدىيەسىدىكى ئاۋازىدىن كۆپ ئېچىنىشلىق؛ يەنە ئارتىسلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئوتتا ئادەتتىن تاشقىرى يۇمشىماقتا. مەن يەنە جەڭ ھارۋىسى

① ئۇلۇغ يۇپىت قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھنىڭ ئىسمى. رىملىقلار گىرېتسىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى زېۋسنىڭ ئىسمىنى جوپىت ياكى يۇپىتقا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

② رادامانتىئوس — گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى باش ئىلاھ زېۋس بىلەن يېۋروپانىڭ ئوغلى. گىرېك ئەپسانىلىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلگىرى كىرىتوسنىڭ پادىشاھى بولغان، كېيىن مىنوئىس ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىئوتىيا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلغان. رادامانتىئوس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيانىڭ سوراقچىسىغا ئايلىنىپ، مەخسۇس گۇناھكارلارنى جازالايدىغان بولۇپ كەتكەن.





هەيدىگۇچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتىن ياسالغان ھارۋىلىرىدا چوغقا ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم! ئارقىدىن تەنھەرىكەتچىلەرنى كۆردۈم، ئۇلار تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوتۇن دۆۋىسىدە ئىدى — مېنىڭ ئاشۇ دەۋرگە بارغاندا بۇ مەنزىرىنى كۆرگۈم يوق، ئەمما ئارزۇيۇمغا ئاساسەن كۆردۈم، چۈنكى ئۇلار غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنى تەڭرىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلدى؛ مەن شۇنداق دەيمەن، مانا بۇ ئۇنىڭ قىلغىنى، ھېلىقى ياغاچچى ياكى پاھىشەنىڭ ئوغلى (تىروتۇللىيان بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ تىللىشىغا تەقلىد قىلغان، بىز دەرھال شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ‹تەلمۇد› ىدىن نەقىل كەلتۈرگە ئاتاق ئىسانىڭ ئانىسىدۇر)، ھېلىقى سەببات كۈنىگە ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم، ھېلىقى جىن چاپلاشقان سامارىتىيىلىقنىڭ قىلغىنىدۇر. ئۇ دەل يەھۇدا سىلەرگە سېتىۋەتكەن ھېلىقى ئادەم، قومۇش تۇۋرۇك ۋە مۇشتنى تېتىغان، توكۇرۇكتە بەدەنلىرى بۇلغانغان، ئۆت سۈيۇقلۇقى ۋە سىركە ئىچىشكە مەجبۇرلانغان ھېلىقى ئادەمدۇر. ئۇ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن مەخپىي ئوغرىلاپ كېتىلگەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن دەيدۇ، پەقەت باغۋەنلا ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆكتاتلىقىنى چەيلىۋېتىشىدىن ساقلانغان! بۇ قانداق مەنزىرە — ھە! قانداق ئەسەبىي خۇشاللىق — ھە! ھېلىقى رىم مەمۇرىي ئەمەلدارى، بوغالتىرلىرى، دىندارلىرى ساڭا مۇشۇنداق سوۋغا بېرەلەمدۇ؟ بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە مەنسۇپ، روھنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن بۇ كارتىنىلار سىزىلغان. بىراق، قۇلاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن، قەلب تۇيمىغان شەيئىلەر زادى نېمە؟ ئىشىنىمەنكى، بۇ سىرك مەيدانى، تىياتىرخانا، يۇملاق تىياتىرخانا ياكى ھەرقانداق تىياتىر مەيدانىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور خۇشاللىق ھېس قىلدۇرالايدۇ.» — ئەسلىي تېكىست مانا مۇشۇنداق.

## 16

بىز خۇلاسىلەپ باقايلى. «ياخشى ۋە يامان»، «ياخشىلىق ۋە رەزىللىك»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل قارىمۇقارشى قىممەت قارىشى دۇنيادا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىر ـ بىرى بىلەن دەھشەتلىك ئېلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، گەرچە ئىككىنچى خىل قىممەت قارىشى ئۇزۇندىن بېرى ئىزچىل ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇرۇش داۋام قىلماقتا، غەلىبە، مەغلۇبىيەت مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى؛ ئەدناسى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدىكى ئۇرۇش يەنىمۇ جىددىيلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە روھىي تۈس ئالىدۇ، سىناش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، نۆۋەتتە بۇنداق قارىمۇقارشىلىقتىن ھالقىغان «تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك تەبىئىي كۈچ»نى خاتىرىلەيدىغان تېخىمۇ توغرا بەلگە، يەنى تېخىمۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك تەبىئەت كۈچى — ئەنە شۇ خىل قارىمۇقارشىلىقنىڭ يەنە بىر ھەقىقىي جەڭگاھى تېپىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ كۈرەشنىڭ سىمۋولى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆز ئىزىنى قالدۇرغان، بۇ «رىملىقلارنىڭ ئىسرائىللار بىلەن، ئىسرائىللارنىڭ رىملىقلار بىلەن قىلغان كۈرىشىدۇر». بۈگۈنگىچە بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ جەڭ، تېخىمۇ كەسكىن تېما، تېخىمۇ ئۆچمەنلىككە تولغان قارىمۇقارشىلىق بولمىدى، رىملىقلار ئىسرائىللارنى تەبىئەتكە ئاسىيلىق قىلغان مەلۇم بىر خىل بىنورمال مەخلۇق دەپ قارىدى؛ رىملىقلارنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ قەلبى «پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىككە تولغان.» مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى رىملىقلارنىڭ قىممەت قارىشىغا، يەنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا شەرتسىز باغلاشقا ھوقۇقلۇق

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، يەھۇدىيلار رىملىقلارغا قانداق قارايدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان نەچچە مىڭ خىل ئىزنالار بولسىمۇ، بىز پەقەت ساينىت يوھاننىڭ «ۋەھىيانامە»سىنىلا تىلغا ئالساق كۇپايە، ئۇ يازما تارىختا ئەڭ جاھىللىق بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن قىساس ئېلىشنى تەلۋىلەرچە ئىپادىلىگەن (خىرىستىيان مۇرىتىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئېنىستىنكتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئۇ قىساس كىتابىغا مۇھەببەت ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىسمىنى چاپلاش ئارقىلىق، ئۆزى ئەسەبىيلىك بىلەن قىزغىن سۆيىدىغان «ئىنجىل»غا قوشۇمچە قىلغان ـــ يازما تارىختا مەيلى قانچىلىك ئالدامچىلىق بولسۇن، بۇ يەردە بىر ھەقىقەت يوشۇرۇنغان). رىملىقلار قامەتلىك، ئالىيجاناب مىللەت، دۇنيادا رىملىقلارغا ئوخشايدىغان مىللەت يوق، ئەدناسى، رىملقلارنىڭكىدەك قامەت ۋە ئالىيجانابلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ؛ رىملىقلارنىڭ پۈتكۈل ئىزنالىرى، ھەربىر تارتۇقى جەلپكار، سالاپەتلىكتۇر، كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەنىنىلا قىياس قىلالايدۇ. ئەكسىچە، يەھۇدىيلار مەشھۇر، يەھۇدىيلار ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان دىندار مىللەت، ئۇلار سېلىشتۇرغۇسىز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئەخلاق تالانتىغا ئىگە، بىز جۇڭگولۇقلار ۋە گېرمانلاردەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان تالانتلىق مىللەتلەرنى يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرساق، كىمنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكى، كىمنىڭ بەشىنچى قاتاردىكى تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز، نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىم غەلىبە قىلدى، رىممۇ ياكى يەھۇدىيەمۇ؟ بۇ يەردە بىرەر گۇمانىي مەسىلە بارمۇ؟ ئويلاپ باقايلى، رىمنىڭ يەرلىك خەلقى كىمنى ئەڭ ئالىي قىممەتكە ئايلاندۇرۇپ، پۈكلىنىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلغان ـــ ھەتتا رىمدىلا ئەمەس، پۈتكۈل يېرىم شاردا كىشىلەر ئىتائەت قىلىپ بولدى ياكى ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۈچ يەھۇدىي ئەر ۋە بىر يەھۇدىي ئايالغا ئېگىلىپ

تەزىم قىلىدۇ (ناسارالىق ئىيساغا، بىلىمچى پىتىرغا، گىلەمچى پاۋلوغا، مەريەمگە تەزىم قىلىدۇ، ئۇ دەسلەپتە ئىسانىڭ ئانىسى دەپ ئاتالغان). بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە، رىم شەك ـ شۈبھىسىز مەغلۇپ بولدى. توغرا، رېنايىزېنىس[①] دەۋرىدە، كىلاسسىك ئىدېئال، بارچە نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى قايتا بېكىتىشنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس ئەندىزىسىنىڭ ئاجايىپ ۋە پارلاق نۇرى قايتىدىن پارلىغان. چالا ئۆلۈك بولۇپ ھوشىغا كەلگەن ئادەمدەك يېڭىدىن قۇرۇلغان يەھۇدىيچە رىم شەھىرىنىڭ ئېغىر بېسىمىدا ئەخمەقلەرچە ئورنىدىن تۇرغان يېڭى رىمنىڭ سەلتەنىتى دۇنياۋى يەھۇدىي چېركاۋى ئىدى، ئۇ «دىنىي جەمئىيەت» دەپ ئاتالغان. ناھايىتى تېزلىكتە يەھۇدىيە يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلغان، بۇ گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن ھەرىكەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاۋامنىڭ ئۆچمەنلىك ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەتكە ئەگىشىپ كەلگىنى شۇ بولدىكى، دىنىي جەمئىيەت قايتا جانلانغان ۋە رىم يەنە بىر قېتىم قەدىمىي قەبرىدە ئەمىن تاپقۇزۇلغان. فىرانسىيە ئىنقىلابى يەھۇدىيەنى يەنە بىر قېتىم كىلاسسىك ئىدېئالغا نىسبەتەن تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن، مۇشۇ سەۋەبتىن، ياۋروپانىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىياسىي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى — 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە گۈللەنگەن فىرانسىيە روھى، ئاۋام ئاداۋەت ئىنستىنكتىنىڭ بېسىمىدا غۇلاپ چۈشكەن، دۇنيادا تېخى بۇنداق قىزغىن ئالقىش، بۇنداق چۇقان ـ سۈرەنلىك قارشى ئېلىنىش كۆرۈلۈپ باقمىغان! بىراق، بۇ جەرياندا ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان، پەرەز قىلىش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان بىر

① ئۇيغۇر تىلىدا «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» دەپ ئاتالغان بۇ دەۋر 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىتالىيەدە كۆرۈلگەن، ئۇ يالغۇز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭلا ئەمەس، كۇلتۇرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى گۈللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېيىنەن ئېلىندى.

زاھىرىيەت پەيدا بولدى — كىلاسسىك ئىدېئال ئۆزلۈكىدىن شەكىللەندى، ئىنسانىنىڭ كۆز ئالدى ۋە ئېڭىدا يەنە بىر قېتىم مىسلىسىز يورۇقلۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك، ئاددىي، ئېنىق ئىدى، ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئاداۋەتخورلارنىڭ قەدىمىي يالغانچىلىقىغا قارشى شوئار توۋلىدى: «كۆپ سانلىقنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن»، ئۇ تۆۋەن قاتلام ئىرادىسىگە، ئىرادىنىڭ پۈكلىنىشىگە، ئوتتۇرا ھال ئىرادە ۋە ئادەمنى چېكىندۈرىدىغان ئىرادىگە قارشى تۇردى؛ ئۇ قورقۇنچلۇق، ئەمما ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان قارشى تۇرۇش شوئارىنى توۋلىدى: «ئاز سانلىقلارنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن!» گويا باشقا بىر يولنى كۆرسىتىدىغان يول بەلگىسىدەك ناپولېئون پەيدا بولدى. يالغۇز قالدۇرۇلغان، شۇنداقلا كېچىكىپ تۇغۇلغان بۇ ئادەم، ئاقسۆڭەكلىك ئىدېئالىنىڭ خاس مەسىلىسىنى كونكرېت نامايان قىلدى — بەلكىم، بىز مەسىلىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئويلىنىشىمىز كېرەكتۇ، ناپولېئون ناباب ئادەم بىلەن ئۈستۈن ئادەمنىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسىدۇر.

## 17

مۇشۇ يەردە توختامدۇق؟ ئىدېئاللارنىڭ بارلىق توقۇنۇشلىرى ئىچىدىكى بۇ ئۇلۇغ توقۇنۇش مۇشۇنداقلا ئەبەدىيلىك قويۇپ تۇرۇلامدۇ ياكى ئارقىغا سۈرۈلەمدۇ، چەكسىز ئارقىغا سۈرۈلەمدۇ؟... ھامان بىر كۈنى ئاشۇ قەدىمىي، ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆڭۈل غەشلىكىنىڭ ئوتلىرى قايتىدىن يېقىلىپ، قورقۇنچلۇق لاۋۇلدامدۇ؟ ئەجەبا، بۇنى بىراۋ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۈمىد قىلمامدۇ؟ ئەدناسى، بىراۋ بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا بۇ كۈننىڭ كېلىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەگەر شۇ تاپتا كىمكى مېنىڭ كىتابخانلىرىمغا ئوخشاش ئەمدىلا پىكىر قىلىشقا





كىرىشىپ، تەپەككۇرنى ئېچىشقا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا يەكۈن چىقىرالىشى قىيىن، ئەمما مېنىڭ يەكۈن چىقارغۇدەك يېتەرلىك ئاساسىم بار، چۈنكى خېلى بۇرۇنلا مەن ئۆزۈمگە نېمە كېرەكلىكىنى، ھېلىقى خەتەرلىك شوئارنى نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھېلىقى شوئارنى بىر كىتابىمنىڭ ــ «ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدا»نىڭ بېشىغىلا يېزىپ قويغانمەن، ھېچبولمىغاندا مەن «ياخشى ۋە يامانىنىڭ سىرتىدا» دەپ يازمىدىم.

دىققەت:

بۇ ئەسىرىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمگە پۇرسەت بېرىپ، بىر ئارزۇيۇمنى ئاشكارا ۋە رەسمىي ئىپادىلىمەكچىمەن، ھازىرغىچە تاسادىپىي سۆھبەتلەردە ئالىملارغا بۇ ئارزۇيۇمنى دەپ كەلدىم ــ ئەگەر بەزى پەلسەپە فاكۇلتېتلىرى بىر يۈرۈش ئىلمىي مۇكاپات بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئەخلاق تارىخى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولسا، نۆۋەتتىكى مەزكۇر كىتابىم بۇ پىلانغا كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن. بۇ ئېھتىماللىققا قارىتا مەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پايدىلىنىشقا سۇنماقچى. بۇ مەسىلىلەر تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، شۇنداقلا پەلسەپەنى كەسىپ قىلغان ئالىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

«تىل ئىلمى، بولۇپمۇ ئېتىمولوگىيە ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قانداق بېشارەتلەرنى ئېلىپ كەلدى؟» ــ بۇنىڭدىن سىرت، ئېنىقكى فىزىيولوگلار ۋە تېببىي ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلە (بۈگۈنگىچە بولغان قىممەت ھۆكۈملىرىنىڭ قىممىتى مەسىلىسى)نى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە، مۇشۇنداق ئەھۋالدىلا ئاكادېمىك پەيلاسوپلارغا جاكارچىلىق ۋە ياراشتۇرغۇچىلىقنى ھاۋالە قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار پەلسەپە، فىزىيولوگىيە ۋە تېبابەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى

ئەزەلدىن ئىنتايىن سوغۇق، ئىنتايىن گۇمانىي بولۇپ كەلگەن مۇناسىۋەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوستلۇقا، نەتىجىگە باي ئالاقىگە ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەتتە، تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئىرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى پىششىق تونۇشلۇق بولغان بارلىق ئەمرىمەرۇپلار، «مۇنداق قىلىشىڭ كېرەك...» دېگەندەك ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن فىزىيولوگىيەلىك شەرھلىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاندىن پسىخىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ، مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال تېببىي بىلىملەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتىدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزى شۇ يەردىكى، تۈرلۈك ئەمرىمەرۇپلار ياكى «ئەخلاق» قىممىتى زادى نېمە؟ ئەگەر تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئۇلارنى كۆزەتمىسەك، «قىممەت نىشانى»نى ئىنچىكە ئانالىز قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر خىل نەرسە مەلۇم بىر خىل جانلىقنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇشىغا نىسبەتەن روشەن قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن (بۇنداق جانلىقنىڭ مۇۋاپىق، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن كېلىماتنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ياكى ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ سانلىق مىقدارنى ساقلىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا)، بىراق تېخىمۇ قامەتلىك بىر خىل جانلىقنى يارىتىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ يۇقىرىقىدەك قىممەتكە ئىگە بولمايدۇ. كۆپ سانلىقلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئاز سانلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان قىممەت نۇقتىئىنەزىرىدە، ئالدىنقىسىنى تېخىمۇ يۈكسەك قىممەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەنگلىيە بىيولوگلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈككە تەئەللۇقتۇر... ھازىر پۈتكۈل پەنلەر پەيلاسوپلارنىڭ كەلگۈسى بۇرچىغا قارىتىلغان تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ، ئەمما پەيلاسوپلارنىڭ بۇرچى مۇنداق: ئۇلار قىممەت قاراشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، تۈرلۈك قىممەتلەرنىڭ دەرىجە تەرتىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك.

# ئىككىنچى باب

## «گۇناھكارلىق»، «ۋىجدان ئازابى» ۋە باشقىلار

### 1

بىر ھايۋاننى ۋاپا قىلىشقا ۋەدە قىلدۇرۇش ھوقۇقى سەۋەبىدىن بېقىش — مانا بۇ تەبىئەتنىڭ ئادەم مەسىلىسىدىكى تەڭلىكتە قالغان ھالىتى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئادەم توغرىسىدىكى ھەقىقىي قىيىن مەسىلە ئەمەسمۇ؟ مەزكۇر قىيىن مەسىلىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ھەل قىلىنىپ بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئەكس تەسىرىگە تولۇق باھا بېرىشكە ماھىر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنتۇغاقلىق كىشىلەر ئادەتتە تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بىر خىل ئادەت ئەمەس، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل پائالىيەت، كەسكىن مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار توسالغۇ كۈچتۇر. مۇشۇ توسالغۇ كۈچ مەۋجۇت بولغاچقا، بىز باشتىن كەچۈرگەن، بىلگەن، قوبۇل قىلغان نەرسىلەر ئۇنىڭدا ھەزىم بولۇش جەريانىدا («روھقا سىڭىش جەريانى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ) ئاڭغا ناھايىتى ئاز كىرىشى مۇمكىن، بۇ بىز تېنىمىز ئارقىلىق ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغان (يەنى «تەنگە سىڭگەن») نەچچە مىڭ قېتىملىق جەريانغا ئوخشايدۇ. ئاڭنىڭ دەرۋازىسى ۋاقىتلىق تاقىلىپ، ئەسلىدە تۆۋەن دەرىجىلىك مۇلازىمەت ئەزالىرىمىز تاقابىل تۇرىدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر ۋە پاراكەندىچىلىك قوبۇل قىلىنمىغان، بۇ ئاڭنى بىردەمچىلىك





خاتىرجەملىككە، نۇرغۇن بوشلۇققا ئېرىشتۇرگەن، ئاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا يەنە يېڭى نەرسىلەر قالدۇرۇلغان، بولۇپمۇ تېخىمۇ يۇكسەك خىزمەت ۋە خىزمەتچىلەر، تەقسىمات، مۆلچەر ۋە پىلان قالدۇرۇلغان (چۈنكى، بىزنىڭ ئورگانىزملىرىمىزنىڭ قۇرۇلمىسى ئولىگارخ[①] چە) — مانا بۇ بىز تىلغا ئالغان ئاكتىپ ئۇنتۇغاقلىقنىڭ پايدىسىدۇر، ئۇ روھىي تەرتىپنىڭ ئىشىك باققۇچىسى ياكى قوغدىغۇچىسىغا، خاتىرجەملىك ۋە قائىدىنىڭ ئېنىكئانىسىغا ئوخشايدۇ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇنتۇغاقلىق بولمىغان بولسا، بەخت، شادىمانلىق، ئۈمىد، ئىپتىخار، رېئاللىق — بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەكرار مەۋجۇت بولمايتتى. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ مەزكۇر توسالغۇ ئەزاسى زەخىملەنسە ياكى كاردىن چىقسا، بۇ ئادەم ھەزىم قىلالمىشى ناچار ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ (ھەتتا بۇنىڭغا ئوخشاش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ...). ئۇ ھېچنېمىدە «نەتىجە» قازىنالمايدۇ. دەل مانا مۇشۇ چوقۇم ئۇنتۇپ كەتكۈچى ھايۋاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇنتۇش بىر خىل كۈچ، بىر خىل جىسمانىي ساغلاملىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەزكۇر ھايۋان ئۆزى ئۈچۈن بىر خىل ئەكس تەسىر كۈچ، بىر خىل ئەسلىمە يېتىشتۈرۈپ، بۇ كۈچنىڭ ياردىمىدە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئەھۋاللاردا — ۋەدە بەرگەن ئەھۋاللاردا، ئۇنتۇغاقلىقنى ئاشكارا ئىپادىلىگەن. شۇڭا، ئۇ ئىلگىرى شەكىللىنىپ بولغان تەسىردىن پاسسىپلىق بىلەن قۇتۇلالمىغاننىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ماقۇل بولغان، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ۋەدىسىنى يوقىتالمىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شەكىللىنىپ بولغان تەسىردىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلمەي، ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە بىر مەزگىل ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە، ئىسمى ـ جىسمىغا

① ئولىگارخ (oligarchy) بىرلا ئادەم ياكى مەلۇم جەمەتنىڭ گېپىلا ھېساب بولىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇم گرېك تىلىدىكى «ئاز سانلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «oligo» دېگەن سۆز بىلەن «ھۆكۈمرانلىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «arkhos» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

لايىق ئىرادە ئەسلىمىسىگە ئىنتىلگەن. شۇڭا، ئەڭ دەسلەپكى «مەن قىلىمەن»، «مەن قىلىشىم كېرەك»لەر بىلەن ئىرادىنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىغا ئىرادىنىڭ ئۇزاق زەنجىرىنى ئۇزۇۋەتمەي تۇرۇپمۇ، يېڭىلىقىقا تولغان شەيئىلەر، ناتونۇش مۇھىت، ھەتتا ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ دۇنياسى قىستۇرۇلۇپ كىرەلەيتتى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى نېمە؟ كەلگۈسىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئاۋۋال مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگەنگەن، تەپەككۇرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئۆگەنگەن، ھازىرقى ھالەت بىلەن يىراقنى كۆزىتىشنى ئۆگىنىپ، نېمىنىڭ مەقسەت، نېمىنىڭ مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرغان، توغرا پەرەز قىلىش، ھەتتا مۆلچەرلەش، ھېسابلاشنى ئۆگەنگەن ـــ لەۋزىدە تۇرغۇچىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى بېشارەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئادەم ئاۋۋال مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولغان، ئاندىن قانۇنىيەتكە، مۇقەررەرلىككە ئىگە بولغان!

## 2

مانا بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئۇزاقتا سوزۇلغان تارىختۇر. مەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، ۋەدىسىدە تۇرالايدىغان بىر خىل ھايۋاننى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى بىرقەدەر يېقىنقى مەزگىلدىكى، ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت ۋە تەييارلىق خىزمىتى سۈپىتىدىكى ۋەزىپىلەر، يەنى ئاۋۋال مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئادەمنى مۇقەررەر، يەككە، باراۋەر، قانۇنىيەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەن «ئەخلاق ئادىتى»[①] دەپ ئاتىغان پەۋقۇلئاددە ئەمگەك ئىنساننىڭ ئىستىخىيەلىك تارىخىنىڭ ئۇزاق

① «تاڭ شەپىقى»نىڭ 7 ـ، 13 ـ، 16 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ـــ ئاپتوردىن.

جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەقىقىي ئەمگەكتۇر، ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل تارىختىن ئاۋۋالقى ئەمگەكلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سەۋەبتىن مەنىگە، ئىجابىيلىققا ئىگە بولغان، بۇ ئەمگەكلەر قانچىلىك مۇدھىشلىق، ۋەھشىيلىك، دۆتلۈك، بىمەنىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، ئەخلاق ئادىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ بوغۇش ئىقتىدارىغا ياردەم بەرگەن، ئادەمنى ئەمەلىيەتتە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان قىلغان. ئەگەر بىز بىر پەۋقۇلئاددە جەرياننىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا، دەرەخ ئاخىرقى مېۋىسىنى بېرىدىغان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ھەم ئۇنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ئاخىر ئاشكارىلىنىدىغان ۋاقىتتا تۇرساق شۇنى بايقايمىزكى، بۇ دەرەخنىڭ ئەڭ پىشقان مېۋىسى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا ئىندىۋىدۇئالدۇر، بۇ ئىندىۋىدۇئال ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا باراۋەر، ئۇ يەنە بىر قېتىم پۈتكۈل ئەخلاق ئادەتلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان، ئەخلاق ئادىتىدىن ھالقىغان ئىندىۋىدۇئالغا ئايلىنىدۇ (چۈنكى، «ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» بىلەن «ئەخلاق ئادىتى» بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ)؛ قىسقىسى، بىزنىڭ بايقايدىغىمىز مۇستەقىل، ئۇزاق مەزگىللىك ئىرادىگە ئىگە، لەۋزىدە تۇرالايدىغان ئادەمدۇر، ئۇ ئىپتىخارلىنارلىق، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنى تىترىتىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئاڭغا ئىگە، ئۇ ئاخىر بۇ جانلىق ئاڭغا، كۈچ ۋە ھۆرلۈككە مۇناسىۋەتلىك بۇ ھەقىقىي ئاڭغا ئېرىشكەن، قىسقىسى، بۇ ئادەمنىڭ بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىدۇر. ھۆرلۈككە ئېرىشكەن بۇ ئادەم، ھەقىقىي لەۋزىدە تۇرالايدىغان بۇ ئادەم، ئەركىن ئىرادىنىڭ بۇ غوجايىنى، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگۈچى بۇ ئادەم ۋەدىسىدە تۇرالمايدىغان، ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغان كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى قانداقسىگە ھېس قىلمايدۇ؟ ئويلاپ باقايلى، ئۇ قانچىلىك ئىشەنچنى ئۇرغۇتىدۇ؟ قانچىلىك ۋەھىمىنى؟ قانچىلىك ھۆرمەتنى؟ ئۇ باشقىلارنى ئىشەندۇرۇشى، ۋەھىمىگە سېلىشى، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. يەنە ئويلاپ باقايلى، ئۆزىگە

ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغان بۇ ئادەم ئەتراپتىكى مۇھىت، تەبىئەت ھەم ئىرادىسى ئاجىز، ئىشەنچسىز كىشىلەرگە مۇقەررەر ھۆكۈمرانلىق قىلالامدۇ؟ «ھۆر» ئادەم ئۆزۈنىڭچە ئىرادىسى بوشاشمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆز قىممەت ئۆلچىمى بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان ياكى كەمسىتكەن، ئۆزى بىلەن باراۋەر، قامەتلىك، ئىشەنچلىك ئادەم (لەۋزىدە تۇرالايدىغان ئادەم)، يەنى ئۆز ـ ئۆزىگە غوجايىن بولالايدىغان ئادەملەردەك ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولالايدىغان ئادەملەرنى چوقۇم ھۆرمەت قىلغان؛ ئۇ يېنىكلىك بىلەن ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ ئىشەنچ ئۆلچىمى ئارقىلىق نام قازانغان؛ ئۇنىڭ گېپى ئىشەنچلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىدە يېتەرلىك تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بارلىقى، ھەتتا «تەقدىرگە قارشى تۇرالايدىغانلىقى»نى بىلگەن؛ شۇنداقلا، خالىغانچە ۋەدىسىنى بۇزىدىغان يەڭگىلتەكلەرنى ئەدەپلەشكە، لەۋزىدە تۇرمايدىغان ئالدامچىلارنى قامچىلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان. ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن شۇنى ھېس قىلغانكى، مەسئۇلىيەت ـــ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ھوقۇق، ئاز سانلىقلارنىڭ ئەركىنلىكى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈشتۇر. بۇنداق ئاڭ ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۇنىڭ ئىنستىنكتىگە ـــ بىر خىل ئىدارە قىلغۇچى ئىنستىنكتكە ئايلانغان. ئۇ بۇ ئىنستىنكتنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا بىرەر ئىسىم تېپىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بۇ ئادەم بۇنداق ئىنستىنكتنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانى دەپ ئاتىغان...

## 3

ئۇنىڭ ۋىجدانى؟... ئېنىقكى «ۋىجدان» دېگەن بۇ ئۇقۇم (بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي، ئادەمنى ھەيران

قالدۇرغۇدەك شەكىلدۇر) ئۇزاقتا سوزۇلغان تارىخ ۋە شەكىللىنىش، بۇرۇلۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۆزىنى تەرىپلەپ، ئىپتىخارلانغان ھالدا ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش — بىر خىل پىششىق مېۋە، شۇنداقلا يېقىنقى دەۋردىكى مېۋىدۇر، بۇ مېۋە ئاچچىق غورا ھالىتىدە دەرەختە نەقەدەر ئۇزۇن ئېسىلىپ تۇردى ـ ھە! بىراق، يەنە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بۇ مېۋىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ! گەرچە دەرەخ بۇ مېۋىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس شارائىتنى تولۇق ھازىرلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا لەۋز قىلالمايدۇ! «كىممۇ قانداق قىلىپ بۇ يېرىمى گال، يېرىمى تۇتۇرۇقسىز ئۆزگىرىشچان كاللىغا ئۆتكەن ئىشلارنى ھازىرقىدەك ھالەتتە قاملاشتۇرۇپ ئورنىتىۋېتەلىگەندۇ؟» كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قەدىمى قىيىن تېمىنى لاتاپەتلىك جاۋابلار ۋە ۋاستىلەرگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردە ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىدىنىمۇ قاراڭغۇ، ۋەھىمىلىك نەرسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا كېرەك. «ئادەمگە مەلۇم نەرسە داغلاپ تامغا قىلىپ بېسىلىپ، ئەسلىمىسىدە توختاپ قالىدۇ، ئۇزۇكسىز رەۋىشتە ئاغرىق پەيدا قىلالايدىغان نەرسىلا ئۇنتۇلمايدۇ.» — مانا بۇ ئىنسان پىسخولوگىيەسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى (ئەپسۇسكى، ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان) قائىدىسىدۇر. بەزىلەر مۇنداق دېمەكچى بولىدۇ، بۇ دۇنيادا، قەيەردە زىيادە ئەستايىدىللىق، كەسكىنلىك، سىرلىقلىق ۋە خۇنۇكلۇك شەخس بىلەن ئاۋامنىڭ ھاياتىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان بولسا، شۇ يەردە ئىلگىرى بىرمەھەل باشتىن كەچۈرۈلگەن، ئومۇميۈزلۈك ۋەدە قىلىنغان، كاپالەت بېرىلگەن، قەسەم قىلىنغان ۋەھىمىنىڭ قالدۇقلىرى داۋاملىق رول ئوينايدۇ، ئۆتمۈش — ئۇزۇنغا سوزۇلغان، چوڭقۇر، رەھىمسىز ئۆتمۈش ھەر قېتىم بىز «كەسكىن»لەشكەندە، بىزنى مەست قىلغان پېتى قەلبىمىزدىن

ئوقچۇپ چىقىدۇ. ھەر قېتىم كىشىلەر ئەستە قالدۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىغاندا قان تۆكۈلۈش، ئېچىنىشلىق جازا ۋە قۇربانلىق يۈز بېرىدۇ؛ ئەڭ ئېچىنىشلىق قۇربانلىق (مەسىلەن، چوڭ ئوغۇلنى قۇربان قىلىش)، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان ئەزالارنى كېسىۋېتىش (مەسىلەن، ئاختا قىلىش)، پۈتكۈل مۇراسىملاردىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق قائىدىلەر (تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا رەھىمسىز بىر سىستېمىدۇر) ـــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەستە ساقلاشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان ئەنە شۇ ئازابنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت ئىنستىنكتنى مەنبە قىلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكىسى پۈتۈنلەي تەركىدۇنياچىلىق ھەرىكىتى ھېسابلىنىشى كېرەك ـــ بەزى ئىدىيەلەر داۋاملىشىشقا موھتاج، ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش قىيىن، ئۇ «مۇقىملاشتۇرۇش»قا ئېھتىياجلىق، بۇ «مۇقىم ئىدىيە»لەر تەركىدۇنياچىلىق تەرتىپى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق، پۈتكۈل نېرۋا ۋە ئىدىيە سىستېمىسىنى گىپنوز قىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇ ئىدىيەلەرنى باشقا ئىدىيەلەر بىلەن بولغان رىقابەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، «ئۇنتۇلماس» قىلىشتۇر. ئىنسانلارنىڭ «ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى» بارغانسېرى پەرقلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئادىتى بارغانسېرى «قورقۇنچلۇق» بولۇپ كەتتى. ئېچىنىشلىق جازا بەلگىلىمىلىرى بىزگە تەمىنلىگەن ئۆلچەمنى ئۇلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىقنى يېڭىشكە قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆلچەشكە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا، بۇ ھازىرقى زاماندا، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ھېسسىيات ۋە نەپس قۇللىرى ئۈچۈن، جەمئىيەتتە ئورتاق ياشاشقا ماس كېلىدىغان ئېپتىدائىي تەلەپلەرنى ساقلاپ قالالايدۇ. بىز ـــ گېرمانلار ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى ئىنتايىن قاباھەتلىك ۋە باغرى تاش مىللەت دەپ قارىمايمىز، ئىنتايىن شاللاق ۋە جان باقتى مىللەت دەپمۇ قارىمايمىز؛ بىراق، قەدىمىي جازا بەلگىلىمىلىرىمىزگە قاراپ باقساق، بىر «مۇتەپەككۇر مىللەت»نى يارىتىشقا قانچىلىك

تېرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى بايقىشىمىز ئانچە تەس ئەمەس (دېمەكچىمىزكى، ياۋروپالىقلاردىن بۈگۈنگى كۈندىمۇ ئەڭ كۆپ ئىشەنچ، كەسكىنلىك، لاۋزىلىق ۋە ئەمەلىيەتكە ئىنتىلىش روھىنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تۈرلۈك ياۋروپا ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ). ئۆزىنىڭ زوراۋان مىللەتلىك ئىنستىنكتى ۋە ياۋايىلىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، گېرمانلار قورقۇنچلۇق ئۇسۇللار ئارقىلىق خاتىرىسىنى ساقلىغان. قەدىمكى گېرمانىيەنىڭ جازالىرىنى ئويلاپ باقايلى، مەسىلەن، تاش بىلەن يانجىش جازاسى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جىنايەتچىنىڭ بېشى تۈگمەن تېشىدا ئېزىلىدىكەن)، ھارۋا چاقى ئارقىلىق بەدەننى پارچىلىۋېتىش جازاسى (بۇ جازالاش ئۇسۇلى پادىشاھلىق ئىچىدىكى گېرمانىيە تالانتلىقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي كەشپىياتى ۋە ئارتۇقچىلىقىدۇر!)، تېنىگە قوزۇق قېقىش جازاسى، «تۆت ئاتقا سۆرىتىش»، قايناۋاتقان مايغا ياكى ھاراققا تاشلاش (14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە بۇ جازا ئىشلىتىلگەن)، كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن تېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى شىلىش ((«تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇش»)، كۆكرىكىدىن گۆش ئېلىش، جىنايەتچىنىڭ بەدىنىگە ھەسەل سۈركەپ، ئاپتاپقا قاقلاپ، پاشا ـ چىۋىنلەرگە چاقتۇرۇش. بۇ جازالارنىڭ ياردىمىدە كىشىلەر ئاخىر بەش ـ ئالتە «قىلمايمەن»نى ئەستە تۇتقان، كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن لەۋزىدە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي توپ تۇرمۇشىنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولالىغان. دۇرۇس! بۇ ئەسلىمىنىڭ ياردىمىدە كىشىلەر ئاخىر «ئەقلىيەت»كە يەتتى! — ئاھ! ئەقلىيەت، كەسكىنلىك، ھېسسىياتنى تىزگىنلەش، ئىنكاس دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خۇنۇك نەرسىلەر، ئىنساننىڭ بۇ ئالاھىدە ھوقۇقى ۋە ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرى — ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ بەدەل تۆلەنگەن ـ ھە! بۇ «ياخشى نەرسىلەر»نىڭ كەينىدە قانچىلىك قان ۋە ۋەھىمە بار!

## 4

باشقا بىر خىل «خۇنۇك نەرسە» ـــ گۇناھكارلىق، «ۋىجدان ئازابى» دېگەنلەر دۇنيادا زادى قانداق پەيدا بولغان؟ يەنىلا ئەخلاق شەجەرىچىلىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتايلى. مەن يەنە بىر قېتىم بايان قىلىمەنكى (تېخى بايان قىلمىغان بولسام كېرەك)، ئۇلارنىڭ قىلچە قىممىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز، نوقۇل «زامانىۋىلىشىش» كەچۈرمىشىلا بار؛ ئۇلار ئۆتمۈشنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ؛ بولۇپمۇ ئۇلاردا بىر خىل تارىخ ئېنىستىنكتى كەم، بۇ يەردىكىسى دەل زۆرۈر بولغان «ئالدىن سېزىش ئىقتىدارى»دۇر؛ لېكىن، ئۇلار ئەخلاق تارىخىنى يازماقچى بولۇۋىدى، بۇ ئۇرۇنۇشى چوقۇم پەيدا بولىدىغان ۋە ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىلگىرىكى ئۇشبۇ ئەخلاق شەجەرىچىلىرى «گۇناھكارلىق»تىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم ئەخلاق ئۇقۇمىنىڭ «قەرزدارلىق»تىن ئىبارەت ئىنتايىن ماددىيلاشقان ئۇقۇمنى مەنبە قىلغانلىقىنى چۈشىنىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك؛ جازالاش بىر خىل جاۋابتۇر، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىرادە ئەركىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلە بىلەن ئالاقىسىز، ئەلۋەتتە. تارىخ ھامان ئاۋۋال ئادىمىيلىكنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا تەرەققىي قىلىشقا موھتاج، شۇندىلا «ئادەم»دىن ئىبارەت بۇ ھايۋان ئىنتايىن ئىپتىدائىي گۇناھلاردىن «قەستەن»، «بىخەستەلىكتىن»، «تاسادىپىي»، «جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دېگەنلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە، ھەتتا قارىمۇقارشى مەۋقەدە جازا ئۆلچەشكە باشلايدۇ. ھازىر شۇ قەدەر ئەرزانلىشىپ كەتكەن، شۇ قەدەر تەبىئىي كۆرۈنىدىغان، شۇ قەدەر زۆرۈر، ئادىللىق تۇيغۇسىنى ئىزاھلاشتىن كەلگەن، «گۇناھ جازالىنىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىدە باشقا تاللىشىمۇ

بار ئىدى» دېيىشنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان چۈشەنچىلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ناھايىتى كېچىككىپ بايقالغانلىقى — مانا بۇ ئىخچام پەرقلەندۈرۈش شەكلى ۋە ھۆكۈم شەكلىدۇر؛ كىمكى ئۇنى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆتمۈشىگە ئېلىپ بارسا، قەدىمكىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى قوپاللىق بىلەن بۇرمىلايدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان بىر مەزگىلىدە جىنايى جازا مەۋجۇت بولمىغان، چۈنكى كىشىلەر گۇناھ سادىر قىلغۇچىنى ئۆز ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇشقا ئۈندىيەلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا يۈرگۈزۈلگەن قائىدە ھەرگىزمۇ گۇناھكارلارنى جازالاش ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز بالىسىنى جازالىغىنىغا ئوخشاش، گۇناھ سادىر قىلغۇچىدا زىيان تارتىش كەيپىياتى پەيدا قىلىشتۇر — بۇنداق كەيپىيات چەكلىك ئىدى، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈلەتتى، چۈنكى كىشىلەر ھەرقانداق زىيانغا مۇناسىپ تۆلەمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىيالايتتى، ھەتتا گۇناھ سادىر قىلغۇچىنىڭ ئازابلىنىشىنىمۇ بىر خىل تۆلەم، دەپ قاراشقا بولاتتى. قەدىمىي، يىلتىزى چوڭقۇر ھەم مۇستەھكەم، ھازىرقى كۈندىمۇ قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان، ئازاب ئارقىلىق زىيان تۆلىنىدىغان بۇنداق چۈشەنچە قانداق پەيدا بولغان؟ بىز شۇنى قىياس قىلىپ بولدۇقكى، ئۇ ھەقدار بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە مۇناسىۋىتىدە پەيدا بولغان. بۇنداق ئەھدە مۇناسىۋىتى «قانۇنىي سۇبيېكت» چۈشەنچىسىگە ئوخشاشلا قەدىمىي، «قانۇنىي سۇبيېكت»، يەنە ئېلىم ـ سېتىم، ئالماشتۇرۇش، سودا، قاتناشقا چېتىلىدىغان ئاساسىي شەكىلدۇر.

## 5

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ پاكىتلار ئەلۋەتتە ئادەمنى مەزكۇر ئەھدە مۇناسىۋەتلىرىنى ياراتقان ۋە ئېتىراپ قىلغان قەدىمكى

ئىنسانلارغا قارىتا تۇرلۇك گۇمان ۋە زىددىيەتلىك كەيپىياتتا بولۇشقا ئۈندەيدۇ؛ مانا بۇ — مۇشۇ يەردىكى لەۋز قىلىش ئېھتىياجى، مانا بۇ — مۇشۇ يەردىكى لەۋز قىلغۇچىنى لەۋزىدە تۇرغۇزۇش ئېھتىياجى، مانا بۇ — مۇشۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گۇمانى، شۇنداقلا مۇدھىشلىق، قەبىھلىك، ئازابنىڭ بايقىلىشىدۇر. كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قەرز قايتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك لەۋزىگە ئىشەندۈرۈش، لەۋزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا قەرز قايتۇرۇشنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاش ئۈچۈن، قەرزدار ئەھدە ئارقىلىق ئىگىدارغا قەرزدار قەرزىنى قايتۇرالمىغاندا، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش، ھەتتا «ئىگە بولۇش»، ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ تېنى، خوتۇنى ياكى ئەركىنلىكى، ھەتتا ھاياتى؛ مەلۇم دىنىي ئاڭ قويۇق مۇھىتتا قەرزدار ئۆزىنىڭ باقىي ئالەمدىكى بەختى، روھىنى قۇتقۇزۇش پۇرسىتى، ھەتتا قەبرىدىكى خاتىرجەملىكىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، مەسىلەن، مىسىردا ئىگىدار قەرزدارنىڭ جەسىتىنى قەبرىدىمۇ خاتىرجەم قويمىغان، مىسىرلىقلار بۇنداق خاتىرجەملىككە مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتاكى، ئىگىدار قەرزدارنىڭ جەسىتىنى خالىغانچە خورلىغان ۋە قامچىلىغان، مەسىلەن، جەسەتتىن قەرز مىقدارىغا باراۋەر گۆش شىلىۋالغان ۋەھاكازالار. دەسلەپتە، قەيەردە مۇشۇنداق چۈشەنچە بولسا، شۇ يەردە توغرا، قانۇندا بەلگىلەنگەن، ھەربىر ئورگانىزم، تەنىنىڭ مەلۇم قىسمىغا قارىتىلغان ئىنچىكە، قورقۇنچلۇق باھا بولغان. شۇڭا، رىمنىڭ 12 ماددىلىق قانۇنىدا بۇنداق ئەھۋالدا ئىگىدار شىلىۋالىدىغان گۆشنىڭ قانچىلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكى بەلگىلەنگەن: «قانچىلىك شىلىۋالغۇسى بولسا شىلىسۇن، ساختىپەزلىك

قىلمىسۇن» (Si plus minusve secuerent, ne fraud esto)، مېنىڭچە بۇ، ئىلگىرىلەش — تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ زور، تېخىمۇ رىمچە قانۇن چۈشەنچىسىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۈتكۈل تۆلەم شەكىللىرىنىڭ لوگىكىسىنى ئايدىڭلاشتۇرايلى، بۇنداق شەكىل ئەمەلىيەتتە تولىمۇ غەلىتە. باراۋەر مىقداردىكى تۆلەم ئىشقا ئاشقان - يۇ، بىۋاسىتە مەنپەئەت (ئوخشاش مىقداردىكى پۇل، ئورۇن ياكى باشقا بايلىق ئارقىلىق ئەمەس) — ئىگىدارنىڭ زىيىنى تولۇقلانمىغان، بەلكى ئىگىدار جاۋاب ياكى مۇناسىپ تۆلەم ئورنىدا مەلۇم خۇشاللىق تۇيغۇسىغا ئېرىشكەن. بۇنداق خۇشاللىق سېزىمى ھوقۇقى يوق ئادەمگە ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىن كەلگەن، بۇ بىر خىل ھەشەمخورلۇق بولۇپ، رەزىللىك قىلىشنىڭ ھوزۇرىدىن لەززەتلىنىش ئۈچۈنلا رەزىللىك قىلىشقا ئوخشاش بىر خىل باسقۇنچىلىق تۇسىنى ئالغان خۇشاللىقتۇر، بۇنداق قانائەت زوراۋان بولغان — ئىگىدارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەنلىگەنسېرى ئۇ بۇنداق قانائەتكە شۇنچە ئىنتىلگەن، ھەتتا بۇنداق قانائەت ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق پىرەنىكىگە ئايلىنىپ قالغان، لېكىن ئۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىسى بولغاندا ئاندىن بۇ تەمنى تېتىيالايتتى. قەرزدارنى جازالاش ئارقىلىق ئىگىدار بىر خىل غوجايىنلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان — يەنى، ئۇ ئاخىر بىر قېتىملىق يۇقىرى تەبىقە تۇيغۇسىنى پىسخىكا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن، ئاخىر بىر ئادەمنى «پەس ئادەم»گە ئايلاندۇرۇپ، كەمسىتىۋالغان ۋە قىينىۋالغان؛ ئەگەر جازالاش ھوقۇقى ۋە جازالاش تەدبىرى «يۇقىرى تەبىقە»نىڭ قولىغا ئۆتسە، ئۇ ئەڭ بولمىغاندا بۇ قەرزدارنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى ۋە قىينالغانلىقىنى كۆرەلەيتتى. شۇڭا، تۆلەم ئادەمنىڭ ئۆزگىگە يۈرگۈزىدىغان رەھىمسىزلەرچە قىيناش ھوقۇقىدۇر.





## 6

بۇ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇق ساھەسىدە بىر تۈركۈم ئەخلاق ئۇقۇملىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، «گۇناھكارلىق»، «ۋىجدان»، «مەجبۇرىيەت»، «مەجبۇرىيەتنىڭ مۇقەددەسلىكى» قاتارلىقلار، ئۇلار زېمىندىكى پۈتكۈل ئۇلۇغ شەيئىلەرنىڭ بىخلىنىشىغا ئوخشاش، ئاساسەن ئۇزاق مەزگىللىك قان شوراش بەدىلىگە بىخلانغان. ئەجەبا، بىز تولۇقلاپ، ئاشۇ دۇنيا قان ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ ھىدىدىن خالىي بولۇپ باققان دېيەلەمدۇق؟ كانت ئاقساقالمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇنىڭ «مۇتلەق بۇيرۇق»① بىدىنمۇ رەھىمسىزلىكنىڭ ھىدى تارقاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدەك بۇ ساھەدە «جىنايەت ۋە ئازاب» ئىدىيەسى غەلىتە تەرزدە بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن. مانا ئەمدى ئۇلار ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم سوراپ باقايلى: ئازاب قانداق ئەھۋال ئاستىدا قەرز ياكى گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدۇ؟ ئازاب پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدە خۇشاللىق سېزىمىنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، پەيدا بولغان زىيان ھەم زىياندىن تۇغۇلغان ناخۇشلۇق نىسپىي ھالدىكى غايەت زور قانائەت ئارقىلىقلا تولدۇرۇلىدۇ، ئازابنى پەيدا قىلىش ئەسلىدە بىر خىل قۇتلۇقلاشتۇر، بابا ئېيتقاندەك، ئىگىدار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي

① «مۇتلەق بۇيرۇق» كانت ئۇنىۋېرسال ئەخلاق قانۇنى ۋە ئەڭ ئالىي ھەرىكەت پرىنسىپىنى ئىپادىلەشتە ئىشلەتكەن ئۇقۇم. كانتنىڭ قارىشىچە، بۇيرۇق ھەرىكەتنى تىزگىنلەيدىغان ئەقلىيەت چۈشەنچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى قىياس ۋە مۇتلەقلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. قىياسىي بۇيرۇق شەرتلىك بولىدۇ، ياخشى ئىش قىلىش مۇھەببەت ۋە پايدىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىلىدۇ. مۇتلەق بۇيرۇق ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ئۆزىنى مەقسەت ۋە چوقۇم قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايدۇ. كانت مۇتلەق بۇيرۇقنى مۇنداق بايان قىلغان: «شۇنداق ھەرىكەت قىلغىنكى، ھەرقانداق چاغدا سېنى كارغا كەلتۈرۈۋاتقان ئىرادەڭنىڭ پرىنسىپى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىۋېرسال قانۇن تۇرغۇزغۇچى پرىنسىپ دەپ قارالسۇن» (ئىممەنيۇل كانت: «ئەمەلىي ئەقىلگە تەنقىد» دىڭ شاۋماڭ تەرجىمىسى، خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 39 - بەت). كانت بۇنىڭدىن مۇنداق ئەمەلىي قائىدىنى يەكۈنلەپ چىققان: ھەرىكىتىڭ ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېردىكى ئادىمىيلىك بىلەن ئۆزگىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئادىمىيلىكنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوخشاشلا مەقسەت دەپ قارايدۇكى، مەڭگۈ ۋاسىتە قىلىۋالمايدۇ. كانتنىڭ مۇتلەق بۇيرۇقى ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ئىرادە پرىنسىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇنۇمىنى تەكىتلەيدۇ.

ئورنىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغانسىرى، بۇنداق قۇتلۇقلاشقا شۇنچە ئەھمىيەت بەرگەن. يۇقىرىقىلار نوقۇل پەرەزدۇر، چۈنكى بۇنداق سىرلىق نەرسىنى تېگى ـ تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن، شۇنداقلا مۇشكۇلدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىمكى بۇ چاغدا تۇيۇقسىز «قىساس ئېلىش» ئۇقۇمىنى كۆتۈرۈپ چىقسا، شۇ سىرلىق پەردە ۋە قاراڭغۇلۇق كەينىگە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يوشۇرۇنىدۇ. («قىساس ئېلىش» بىزنى ئوخشاشلا بىر مەسىلىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، يەنى ئازابلاش قانداقمۇ تۆلەمنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن؟»). مېنىڭچە، كۆندۈرۈلگەن ئۆي ھايۋانلىرى (مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئادەملىرى ـــ بىز) پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەتتا ياخشى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قەدىمكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنتايىن زور شادىمانلىقىنى قۇراشتۇرىدىغان شەپقەتسىزلىك (بۇ شادىمانلىق پەقەت ئۇلارنىڭ پۈتكۈل شادىمانلىقىنىڭ خۇرۇچىدۇر) دەرىجىسىدىن خالاس بولۇۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ شەپقەتسىزلىكنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى شۇ قەدەر ئاق كۆڭۈل بولغانكى، ئەدناسى ئۇلارنىڭ بۇنداق «تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق زەھەرخەندىلىك»ى ياكى سپىنوزانىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «زەھەرخەندە ئورتاق تۇيغۇ»سى پىرىنسىپ جەھەتتە ئادەمنىڭ نورمال ئالاھىدىلىكى بولغان ـ دە، ۋىجدان سەممىي نىيەتتە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىگە ئايلانغانىدى. كۆزى ئۆتكۈر ئادەم بايقىشى مۇمكىنكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلارنىڭ بۇنداق ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئىپتىدائىي شادىمانلىقىنىڭ قالدۇقلىرى خېلى كۆپ. «ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدا»[1] دا، ھەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى «تاڭ شەپىقى»دە، مەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن شۇنداق كۆرسەتكەنىدىم: شەپقەتسىزلىك ئۇزۇكسىز رەۋىشتە «ئىلاھلاشتۇرۇلغان»، بۇنداق شەپقەتسىزلىك

① نىتچېنىڭ 1885 ـ يىلى يازغان ئەسىرى.





يۈكسەك كۈلتۈرنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا سىڭگەن، ئۇ ھەتتا ناھايىتى زور مەنىدە يۈقىرى تەبىقە كۈلتۈرىنى ياراتقان. قانداقلا بولسۇن، كىشىلەرنىڭ، ئىسىلزادىلەرنىڭ توي مۇراسىمى ۋە چوڭ كۆلەملىك ئاممىۋى قۇتلۇقلاش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلگەندە، مەلۇم ئادەمگە جازا ھۆكۈم قىلىش، قامچىلاش ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈشنى ئويلاشماسلىقتا باشلىغانلىقى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرىكى ئىش ئەمەس. ئەينى چاغدا ئاقسۆڭەك جەمەتلىرىدە كىشىلەرنىڭ خالىغانچە زەھەر چېچىشى ۋە شەپقەتسىز ئويۇنلارنى ئوينىشىغا مەخسۇس ئادەم تەييارلانمىغان (بىز كىنەز خانىم ئوردىسىدىكى دون كىخوتتەك ئادەملەرنى ئويلاپ باقايلى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھەقتىكى كىتابنى ئوقوغاندا ئىچىمىز ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئازابلىنىمىز، مۇشۇ سەۋەبتىن بۇنداق ئازابنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىنى ئىنتايىن ناتونۇش، ئىنتايىن چۈشىنىكسىز ھېس قىلىمىز — ئۇلار دون كىخوتنىڭ كىتابىنى ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا ئەڭ شادىمانلىق بىغىشلايدىغان كىتاب سۈپىتىدە ئوقۇپ، ئۇنى پەقەت مەسخىرە قىلىپلا قويغان). باشقىلارنىڭ ئازابقا ئۇچرىشى ئادەمنى شادىمانلاشتۇرىدۇ، باشقىلارغا ئازاب پەيدا قىلىش ئادەمنى تېخىمۇ شادىمانلاشتۇرىدۇ — بۇ ئىنتايىن شەپقەتسىز گەپ، شۇنداقلا قەدىمىي، كۈچلۈك، ئادىمىي، ھەتتا زىيادە ئادىمىي باش تېمىدۇر، مايمۇنلارمۇ مەزكۇر باش تېمىنى ئېتىراپ قىلسا كېرەك، چۈنكى بىرەيلەن مايمۇننىڭ ئىنساندىن ئاۋۋال پەيدا بولغانلىقىدەك قىياسنى دەپ يۈردى، ھەتتا نۇرغۇن قەدىمكى غەلىتە شەپقەتسىز ۋاستىلەرنى «ئورۇنلىدى». ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخى بىزگە شۇنداق ساۋاق بېرىدۇكى، شەپقەتسىزلىك بولمىسا قۇتلۇقلاش بولمايدۇ، ھەتتا جازالاشمۇ شۇ قەدەر شادىمانلىقتا ئىكەن!

## 7

بىراق، مېنىڭ بۇ ئىدىيەلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتىم پىسسىمىستلىرىمىزنىڭ ھاياتتىن بىزار بولۇشتىن ئىبارەت ئوقىدىن چىقىقان بۇزۇق تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇش ئەمەس، شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىنسانلار تېخى ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز ھەرىكىتىدىن نومۇس قىلمىغان دەۋرلەردىمۇ، دۇنيادىكى ھايات بەزى پىسسىمىستلار مەۋجۇت بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكىدىن شادىمان ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ نومۇس ھېس قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ چوقىقىسىدىكى ئاسمان بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىدۇ. پىسسىمىستلارنىڭ چارچىغان نەزىرى، ھاياتلىق سىرلىرىدىن گۇمانلىنىشى، كىشىلىك ھاياتتىن بىزار بولغۇچىنىڭ سوغۇق ئىنكارى — بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زەھەرخەندە دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس. ئۇلار ئەمدى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار سازلىقتىكى ئۆسۈملۈكلەردۇر، سازلىق بولغاندا ئۇلار بولىدۇ، ئۇلار سازلىققا مەنسۇپ، مېنىڭ كۆرسەتكىنىم كېسەل ھالەتتىكى شەرەندازلىشىش ۋە ئەخلاقىيلىشىش ۋەزىيىتىدۇر، بۇ خىل ۋەزىيەت بولغاچقا، «ئادەم»دىن ئىبارەت بۇ ھايۋان ئاخىر ئۆزىنىڭ بارلىق ئېنىستىنكىتلىرىدىن نومۇس قىلىشنى ئۆگەنگەن. «پەرىشتە»گە ئايلىنىش جەريانىدا (مېنىڭ بۇنى تېخىمۇ سوغۇق نەزەردە ئىشلەتكۈم يوق) ئادەم ئۆزىنىڭ بۇزۇلغان ئاشقازىنى ۋە گىزى ئۇزىراپ كەتكەن تىلىنى مازاق قىلغان، بۇ ئۇنى ھايۋانلارنىڭ شادىمانلىقى ۋە ياخشىلىقىدىن بىزار قىلغان، ھەتتا ھاياتنىڭ ئۆزىنىمۇ تېتىقسىز ھېس قىلدۇرغان، بۇ چاغدا ئۇ ئەدناسى ئۆزىدىنمۇ سەسكىنىشكە باشلىغان، ھەتتا ئىنتايىن گارمونىيەسىز

هالدا پاپا ئىننوسېنت III[1] بىلەن بىرلىكتە زېرىكىشلىك ئىشلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئاچقان: — «ناپاكلىقنىڭ مەنبەسى ئادەمنىڭ بالىياتقۇدا يىرگىنچلىك رەۋىشتە ئوزۇقلىنىشى، ئىنساننىڭ خام ماتېرىيالىدىكى گۇناھلار، سېسىق پۇراقلار، ئىچكى ئاجراتمىلار، سۈيدۈك ۋە گەندە قاتارلىقلاردۇر.» بۈگۈنكى كۈندە ئازاب ھامان تەبىئىي رەۋىشتە قارشىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈنجى دەلىلدۇر، ھەمىشە بارلىققا قارىتا ئەڭ زور گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىزگە كىشىلەر ئەكسىچە بولغان قىممەت بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان دەۋرنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر ئازابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى خالىماي، ئەكسىچە ئازابتا بىر خىل ئۆزگىچە سېھرىي كۈچنى، بىر خىل ھەقىقىي ھاياتلىق يەمچۈكىنى كۆرگەن. شۇ دەۋردىكى ئازاب بۈگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق بولمىسا كېرەك — مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم شەرەندازلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈندۇر — ھېچبولمىغاندا ئىچكى ئەزالىرى ئېغىر ياللۇغلانغان قارا تەنلىك بىمارنى داۋالاپ باققان دوختۇر شۇنداق كېسىپ ئېيتالايدۇكى (قارا تەنلىكلەر بۇ يەردە تارىختىن ئاۋۋالقى كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ)، ياللۇغلىنىش دەرىجىسى جىسمانىيىتى ئەڭ ياخشى ياۋروپالىقلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، ئەمما قارا تەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بەرىبىر. ئەمەلىيەتتە، بىز ئىلگىرىكى تۈمەنلىگەن ياكى مىليونلىغان كۈلتۈرەل تەربىيەسى ھەددىدىن زىيادە كىشىلەرنى كۆرگەندە شۇنى بايقايمىزكى، ئادەمنىڭ ئازابقا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنىڭ ئەگرى سىزىقى مۆجىزىلەرچە ئۇشتۇمتۇت چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى،

[1] ئىننوسېنت III (Innocent III، 1160 — 1216 ـ يىللىرى ياشىغان، 1198 — 1216 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) رىم پاپىسى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تېئولوگىيە ئۆگەنگەن، يېپىق شەكىلدە تېئولوگىيە نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلغان، 1198 ـ يىلى پاپىلىققا سايلانغان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ۋاتىكاننىڭ ھوقۇقىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان، تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىنى قوزغىغان.

ھىستېرىيەگە گىرىپتار بولغان بىر ئايال ئالىم بىر كېچىدە بەرداشلىق بەرگەن ئەرزىيەتكە سېلىشتۇرغاندا، تا بۈگۈنگىچە يەنىي جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ھېسابلىنىپ، تەكشۈرۈپ چىقىلغان پۈتكۈل ھايۋانلارنىڭ ئازابى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ھازىر بىر خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا رۇخسەت قىلىنسا كېرەك، ئۇ دەل شەپقەتسىز ئىستەكنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىدۇر، خۇددى بۈگۈنكى كۈندە ئازاب تۇيغۇسى كۈچەيگەندەك، بۇنداق ئىستەك مەلۇم غايىۋى، سىرلىق تەركىبلەرنى قوشۇشقا موھتاج، يەنى ئۇ پەيدا بولغاندا خام خىيال ۋە روھنىڭ تىلى دەپ تەرجىمە قىلىنىشى، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىسىملاردا بېزىلىشى، ئەڭ مېھرىبان، ساختا ۋىجداندىمۇ ئۆزىگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلماسلىقى كېرەك (بۇنىڭ بىر ئىسمى «تىراگېدىك ئىچ ئاغرىتىش»، يەنە بىر ئىسمى «ئازابلىق ئۆتمۈشنى سېغىنىش كەيپىياتى»دۇر). ئازاب قوزغاتقان غەزەپ ئازابنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئازاب تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشىدۇر، بىراق ئازابنى بىر پۈتۈن مېستىك قۇتقۇزۇش ئۇسكۇنىسى دەپ شەرھلەيدىغان خىرىستوسقا ياكى كۆزەتكۈچىلىك ۋە ئازاب ياراتقۇچىلىق نۇقتىسىدىن ئازابنى چۈشەندۈرىدىغان پۈتكۈل ئاق كۆڭۈل قەدىمكى دەۋر كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتايلى، بىر خىل بىلىنمەس ئازاب ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. دۇنيادا يارىتىلغانلىقى ياكى ناتايىنلىقىغا بىرنىمە دېگىلى بولمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن يوشۇرۇنغان، ئاشكارىلانمىغان، ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان ئازابنى، ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئىلاھلاردىن ئىبارەت يۈكسەك ھەم چاكىنا پانىي ئالەم كىشىلىرى ئىچىدىن ئىزدىشى زۆرۈر بولغاندەك تۇرىدۇ. قىسقىسى، بۇ مەلۇم تۈردىكى ئوخشاشلىقى يوشۇرۇن، ئوخشاشلىقى قاراڭغۇ جايلىرىدا بولغان، ھەتتا ئاسانلىقچە خاتالاشمايدىغان بىر مەيدان قىزىقارلىق تىراگېدىك نەرسىنى بايقاش ئىدى. بۇنداق بايقاشنىڭ ياردىمىدە





هاياتلىق ئەينى چاغدا ۋە كېيىن ئىزچىل رەۋىشتە يارىتىلما دەپ چۈشەندۈرۈلگەن؛ هاياتلىقنىڭ ئۆزىگە قايتا نام بېرىلگەن، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگىمۇ قايتا نام بېرىلگەن. هازىر يېڭى بايقاش زورۇر بولسا كېرەك (مەسىلەن، هاياتلىقنى سىرلىق ۋە بىلىش نەزەرىيەسىدىكى قىيىن تېما دەپ قاراش). «ئىلاھنى خۇشال قىلىدىغان ھەرقانداق بەختسىزلىك ئورۇنلۇقتۇر» — بۇ قەدىمكىلەرنىڭ هېسسىيات لوگىكىسىمۇ؟ — راستىنى ئېيتقاندا، بۇ پەقەت ۋە پەقەت قەدىمكىلەرنىڭلا هېسسىيات لوگىكىسىمۇ؟ ئەي، ئىلاھلار تەسەۋۋۇر قىلىنغان رەھىمسىز تىياتىرلارنىڭ ھەۋەسكارلىرى! پەقەت كالۋىن[1] بىلەن لۇتېر[2] غا قارىساقلا بۇ قەدىمىي تەسەۋۋۇر بىز ياۋروپالىقلارنىڭ ئادىمىيلىكىدە قانچىلىك يىراققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز! مەيلى نېمە بولسۇن، رەھىمسىزلىكتىن خۇشاللىق تېپىشنى هېسابقا ئالمىغاندا، گىرېكلار ئۆز ئىلاھلىرىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان بەخت خۇرۇچلىرىنى ئاتا قىلالمىغان. هومېر نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىلاھلىرىنى ئىنساننىڭ تەقدىرىگە سەل قاراشقا ئۈندەيدۇ؟ بۇنىڭدىن سىرت، تىروي ئۇرۇشى ھەم تىراگېدىيەسىمان قارا بېسىش زادى نېمە مەنىگە ئىگە؟ شۈبھىسىزكى، ئىلاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بايرامدۇر، ھەتتا شائىرلار ئېپوسلاردا «ئىلاھلار» توغرىسىدىكى بەدىئىي ئىجادىيەتكە باشقىلاردىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، شائىرلارنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى بايرام دەپ قارىغان بولسا كېرەك... كېيىنكى گىرېك ئەخلاق پەيلاسوپلىرى شۇنداق قارىدىكى، ئىلاھمۇ ئەخلاق ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشلەرنى،

① جون كالۋىن (John Calvin، 1509 — 1564 )، فىرانسىيەلىك دىن ئىسلاھاتچىسى، تېئولوگ، خىرىستىيان دىنى پىروتېستانىزمىنىڭ كالۋىنىزم مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچى. كىشىلەر ئۇنى «جەنۋە پاپىسى» دەپ ئاتىغان.

② مارتىن لۇتېر (Martin Luther، 1483 — 1456) گېرمانىيەدە تۇغۇلغان، 16 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا دىن ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى، خىرىستىيان دىنى پىروتېستانىزمى لۇتېر مەزھىپىگە ئاساس سالغۇچى.

قەھرىمانىزم ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزىنى خارلىغۇچىلارنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان — «بۈرچكار ھىراكلىس» سەھنىدە گۇۋاھچىسى بولمىغان ئەخلاقنىڭ بىر ئارتىس مىللەت ئۈچۈن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئەينى چاغدا ئاساسلىقى ياۋروپالىقلار ئۈچۈن تامامىلانغان بۇ كەشپىيات، «ئەركىن ئىرادە» توغرىسىدىكى، ئادەمنىڭ ياخشىلىق، رەزىللىكى توغرىسىدىكى مۇتلەق ئىستىخىيەلىك بۇنداق تەنتەكلىك، بۇنداق خەتەرلىك پەلسەپىۋى كەشپىيات ئەجەبا ئاۋۋال شۇنى ئىسپاتلىمىدىمۇ — ئىلاھنىڭ ئادەمگە قىزىقىشى، ئادەمنىڭ پەزىلىتىگە قىزىقىشى مەڭگۈ زەئىپلەشمەمدۇ؟ بۇ پانىيلىق سەھنىسىدە، ئەزەلدىن ھەقىقىي يېڭى شەيئى، كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىسەنگىرەش، سۇيىقەست ۋە بالايىئاپەتلەر كەم بولۇپ باقمىغان، بۇ پۈتۈنلەي دېتېرمىنىزم[1] لىق دۇنيا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاھلار ئۇنىڭدىن زېرىككەن — شۇڭا ئىلاھلارنىڭ دوستى سۈپىتىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ بۇنداق دېتېرمىنىزملىق دۇنيانىڭ جىنايەتلىرىنى ئىلاھلاردىن كۆرمەسلىككە تولۇق ئاساسى بار ئىدى! قەدىمكى دەۋر دۇنياسى ئاساسەن ئاممىۋى، ئىچقۇېتىلگەن دۇنيادۇر، مانا بۇ پۈتكۈل قەدىمكى دەۋر دۇنياسىنى «تاماشىبىنلار»غا قارىتىلغان مۇلايىملىقتا تولدۇرغان بەختنى مۇراسىملاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تىياتىر ۋە بىز سۆزلەپ ئۆتكەنگە ئوخشاش ئېغىر جازامۇ شۇ قەدەر زور بايرام تۈسىنى ئالغان!

---

① دېتېرمىنىزم (Determinism) ھادىسىلەرنى بېرىلگەن كونتېكىستتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە باغلاپ، ئۇلار ئىلگىرىكى ھالەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياكى قارارلاشقان دەپ قاراشتۇر. پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەردە، دېتېرمىنىزم ئادەتتە ئەركىن ئىرادە بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ چۈشىنىلىدۇ. دېتېرمىنىزم، ئەخلاقىي دېتېرمىنىزم، ئالەملىك دېتېرمىنىزم ۋە تېئولوگىيەلىك دېتېرمىنىزم دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەخلاقىي دېتېرمىنىزمنىڭ قارىشىچە، ئىرادىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئۇنى بەلگىلەيدىغان، شۇنداقلا ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدىغان سەۋەبلەردىن بارلىققا كېلىدۇ. ئالەملىك دېتېرمىنىزمنىڭ قارىشىچە، تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر ئالدىنقى سەۋەبلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياكى تەبىئەت قانۇنى بويىچە يۈز بېرىدۇ. تېئولوگىيەلىك دېتېرمىنىزمدا بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئالدىنئالا بېكىتىلگەن دەپ قارىلىدۇ، ئۇ ئادەتتە تەقدىرچىلىكنى كۆرسىتىدۇ.

## 8

يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قوياي، بىز شۇنى كۆردۇقكى، جىنايەت تۇيغۇسى بىلەن شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ ئىپتىدائىي كىشىلىك مۇناسىۋەتنى — سېتىۋالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ، ئىگىدار بىلەن قەرزدارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەنبە قىلغان؛ بۇنداق مۇناسىۋەتتە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئۆزىنى ئۇنىڭ قارشىسىدا قويۇپ تۇرۇپ، تۇنجى قېتىم باھالاپ باقىدۇ. بىز شۇنى بايقايمىزكى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەن بولسۇن، ھەممىسىدە بۇنداق مۇناسىۋەت مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت. باھا بېكىتىش، قىممەت ئۆلچەش، تەڭ قىممەتلىك بۇيۇمنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئالماشتۇرۇلۇشى — قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىگىلىگەن، ھەتتا مەلۇم مەنىدە ئۇلار دەل قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدۇر، بۇنىڭدىن ئەڭ قەدىمكى توغرا بولۇش ئېڭى يېتىشىپ چىققان، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىخارى، ئادەمنىڭ باشقا ھايۋانلارغا قارىتىلغان ئەۋزەللىك تۇيغۇسىمۇ مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولغان. بىزنىڭ ئادەم (manus) دېگەن سۆزىمىزدە ھازىرغىچە بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت ھېس قىلىش مەنىسى ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىنى قىممەتلەرنى ئۆلچەيدىغان ۋە ئۆلچەمنى كۆچكە ئىگە قىلىدىغان، «باھالىغىلى بولىدىغان ھايۋان» سۈپىتىدىكى بىر خىل جانلىق قىلىپ لايىھەلىگەن. سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئۇلارنىڭ باشقا قوشۇمچە پىسخىك خۇسۇسىيىتىدۇر، ھەتتا ئۇ ئەڭ دەسلەپكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقتىنمۇ قەدىمىيدۇر — كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھوقۇق ئىپادىلەش شەكىللىرىدە، دەل ئەنە شۇ

ئالماشتۇرۇش، ئەھدە، جىنايەت، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، ماسلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ بىخ ئاڭلىرى ئاۋۋال ئەڭ جۇشقۇن، ئەڭ ئىپتىدائىي ئاممىۋى توپ (باشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاممىۋى توپلارغا سېلىشتۇرغاندا)قا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سېلىشتۇرۇش، ئۆلچەش، باھالاش، ھوقۇق ۋە كۈچنىمۇ بىر - بىرىگە قارشى ئورۇنغا قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇنداق دۆتلۈكنىڭ ئېزچىللىقى، ئالدىراشچانلىق بىلەن كېچىكىپ كېلىش، كېيىن يەنە جاھىللىق بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلىشتىن، كىشىلەر شۇ ھامان «ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆز باھاسى بولىدۇ»، «ھەممە نەرسىنى تۆلىگىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇنىۋېرسال خۇلاسىگە ئېرىشەلەيدۇ — مانا بۇ ئادالەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئەخلاق قانۇنى، دۇنيادىكى پۈتكۈل «ياخشىلىق»، «ئادىللىق»، «ھىممەت» ھەم «ئوبيېكتىپلىق»نىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇنداق ئىپتىدائىي ئادالەت ئومۇمىي جەھەتتىن كۈچى باراۋەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئاقىدىغان ھىممەت، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا سەۋرچانلىق، شۇنداقلا بىر خىل ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق «ئەپۇ»غا يېتىشتۇر، ئەگەر بۇ كۈچى ئاجىزلارغا چېتىلىپ قالسا، مەجبۇرلاش ئارقىلىق بىر خىل ماسلاشتۇرۇشقا يېتىلگەن.

## 9

يەنىلا تارىختىن ئاۋۋالقى ئۆلچەم ئارقىلىق ئۆلچەپ باقايلى (ئەلۋەتتە، تارىختىن ئاۋۋالقى بۇ مەزگىل ھەرقانداق دەۋردە مەۋجۇت ياكى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ)، ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مۇھىم ئاساسىي مۇناسىۋىتى، يەنى ئىگىدار بىلەن ئۇنىڭ قەرزدارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇچۇندۇر. كىشىلەر بىر ئىجتىمائىي توپتا ياشاپ، ئىجتىمائىي





تويىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بەھرىمەن بولغان (ئۇ نەقەدەر باراۋەر ئەۋزەللىك ـ ھە! بىز بۇگۈنكى كۈندە دائىم ئۇنى بوش چاغلايمىز!) ئۇلار يارەدەم ۋە قوغداشقا ئېرىشىپ، تىنچلىق ۋە ئىشەنچ ئىچىدە ياشىغان؛ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك ۋە دۈشمەنلىككە ئۇچراشتىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى بولمىغان، ئەمما ئىجتىمائىي توپ «سىرتىدىكى» كىشىلەر، «نېسىۋىگە شۈكۈر قىلمايدىغان»لار بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن — گېرمانلار «خارلىق» («elend»)① نىڭ ئەسلىي مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، كىشىلەر دەل مۇشۇنداق زىيانكەشلىك ۋە دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ كاپالەتلىك قىلىشى بۇزۇۋېتىلسە قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ئالدانغان ئىگىدار مەلۇم ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولسا، بۇنىڭغا تايىنىپ، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۆلەمگە ئېرىشتۈرەتتى. جىنايەتچىنىڭ بۇ يەردىكى بىۋاستە زىيىنى چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئوخشىمايدىغان مەسىلە شۇ يەردىكى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئەمەلىيەتتە ئۆز دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى، يەنى پۈتكۈل قىممەتلەر ئىگە بولغان خاراكتېر ۋە ئۆزى بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان ھەم ئۆزىنى خاتىرجەم قىلغان ئىجتىمائىي توپ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. قانۇننى بۇزغۇچى ئۆزىگە بېرىلگەن پايدا ۋە ئىمتىيازغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، قەرز ئىگىسىگە ھۇجۇم قىلغۇچى بولغاچقا، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى پۈتكۈل قىممەتلەرنىڭ پايدىسىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، بۇ مەنپەئەتلەرنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇش بىر ئادىللىق ئىدى. زىيانغا ئۇچرىغۇچى

① خارلىق مەنىسىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «سۈرگۈنلۈك». نىتچې بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مەلۇم توپقا تەۋە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن خاتىرجەملىكنىڭ يوقىلىشىنى كۆزدە تۇتقان.



ئىگىدار — ئىجتىمائىي توپ غەزەپلەنگەن پېتىچە جىنايەتچىنى قانۇننىڭ قوغدىشى بولمىغان ياۋايى ھالەتكە قايتۇرۇۋەتكەن. شۇڭا، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھەرقانداق بىر تۈردىكى دۈشمەنلىك ھەرىكىتى داۋاملىشىشى مۇمكىن. مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچىدا، «جازالاش»نىڭ شەكىللىرى كىشىلەرنىڭ يىرگىنچىلىك، قوغداشتىن مەھرۇم قالغان، تاشلىۋېتىلگەن دۈشمەنگە تۇتقان نورمال پوزىتسىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە تەقلىد قىلغان. جىنايەتچىنىڭ ئۆزى پۈتكۈل ھوقۇق ۋە قوغداشتىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈستىگە، ھەرقانداق كەڭچىلىككە ئېرىشىش پۇرسىتىدىن قۇرۇق قالغان، ئۇلار ئۇرۇش قائىدىسى ۋە غەلىبە تەنتەنىسىنىڭ شەپقەتسىز ۋە رەھىمسىز ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قوبۇل قىلغان — مانا بۇلار نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش تۈسىنى ئالغان قۇربانلىقلارنىڭ تارىختا جىنايەت پەيدا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 10

ئەگەر بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچەيسە، ئۇ شەخسنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىنى ئۇنچىۋالا ئېغىر كۆرمەيدۇ؛ ئىجتىمائىي توپنىڭ قارىشىچە، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىلگىرىكىدەك بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇققا تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ؛ بەختسىزلىكنى پەيدا قىلغۇچى «نېسۋىسىگە شۇكۇر قىلمىغۇچى» دەپ قارىلىپ، تەدرىجىي ئىجتىمائىي توپتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، ئاممىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭدىن چەكلىمىسىز رەۋىشتە ئاچچىقىنى چىقارمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈنلۈك شۇنىڭدىن تارتىپ بەختسىزلىك پەيدا قىلغۇچىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاقلايدۇ، ئۇنى غەزەپلىك ھېسسىياتقا ئۇچراشتىن، بولۇپمۇ

بىۋاسىتە زىيانلانغۇچىنىڭ غەزەپلىك ھېسسىياتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراشتىن قوغدايدۇ. ناچار ھەرىكەتنىڭ بىۋاسىتە زىيانلانغۇچىنىڭ غەزەپلىك ھېسسىياتىنى يۇمشىتىشقا تىرىشىشى ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ، تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى، شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتىكى ئىشتىراك قىلىش ۋە قالايمىقانچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ تەڭ قىممەتلىك بۇيۇم ئىزدەشكە ئۇرۇنۇش پۈتكۈل سودىنى تەڭشەيدۇ؛ بولۇپمۇ ھەرقانداق ناچار ھەرىكەتكە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە تۆلەمنى يولغا قويۇشنى بارغانسېرى قەتئىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىش، ھېچبولمىغاندا جىنايەتچى بىلەن ئۇنىڭ جىنايى ھەرىكىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئايرىش — مانا مۇشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى جازا قائىدىلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىياتىدا بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىز قالدۇرىدۇ. بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ جازا قائىدىلىرىمۇ بارغانسېرى مۆلايىملىشىدۇ. بۇنداق جازا قائىدىسىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئاجىز ۋە زەھەرخەندە ھەرىكەت قايتىدىن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق جازا شەكلىنى پەيدا قىلىدۇ. «ئىگىدار» بارغانسېرى بېيىپ، تاكى ئىگە بولغان بايلىقىنىڭ مىقدارى ئۇنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان بولغانغا قەدەر مۇناسىپ رەۋىشتە ئادىمىيلىشىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھوقۇق ئېڭىمۇ ئويلىنىشىنىڭ ئىچىدە، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتنى ئۆزى بەھرىمەن بولالايدىغان ئەڭ ئالىي پاراغەتكە ئېرىشتۇرۇپ، جەمئىيەتنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلارغا جازا يۈرگۈزمەيدۇ. «راستىنىلا تېنىمدىكى پارازىت بىلەن مېنىڭ بىرەر ئالاقەم بارمۇ؟ ئەمىسە ئۇلارنى سۆزلىتەي! ئۇلار ياشىسۇن ۋە كۆپەيسۇن! مەن يەنىلا ئىنتايىن ساغلام، تەسىرگە ئۇچرىمايمەن!... زىيانغا كۆزۈمنى يۇمۇپلا قويغانلىقىم، كۈچسىزلەرنىڭ تۆلەمدىن باش تارتىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىم»

ئۈچۈن «ھەممە نەرسىنى تۆلىگىلى بولىدۇ، ھەممە نەرسە چوقۇم تۆلىنىشى كېرەك» دېگەن ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ يوقالغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىمەن — پانىيلىقتىكى ھەممە ياخشى ئىشلارغا ئوخشاش، بۇنداق ھەققانىيەتنىڭ يوقىلىشىمۇ بىر خىل ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىشتۇر. بىز شۇنى بىلىمىزكى، بۇنداق ھەققانىي ئۆزلۈكتىن كېچىش ئۆزىگە تېخىمۇ گۈزەل بىر ئىسىمنى بەخش ئەتكەن — ئۇ «كەچۈرۈم قىلىش» دەپ ئاتالغان؛ ناھايىتى ئېنىقكى، كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقدارنىڭ ئەڭ ئالاھىدە ھوقۇقى بولغان ياكى شۇنداق دەيمىزكى، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا ئايلانغان.

## 11

بۇ يەردە مەن ھەققانىيەتنىڭ مەنبەسىنى پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيادىن، يەنى قىساسكارلىق دەپ ئاتالغان دائىرىدىن ئىزدەش خاھىشىنى ئىنكار قىلىمىسام بولمايدۇ. چۈنكى، بىرەيلەن پىسخولوگلارنىڭ ئۆچمەنلىكنى يېقىندىن تەتقىق قىلىپ بېقىشقا قىزىقىدىغانلىقىغا كېيىپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كاسىلدىدى — بۇ (ئۆچمەنلىك) ئۆسۈملۈك نۆۋەتتە ئانارخىزم ۋە ئانتى – سېمىتىزم① تۈپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ باراقسانلاشماقتا، ئەلۋەتتە ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش ئۇ دائىم تەسكەيدە تۇرۇۋاتىسمۇ، رۇخسارگۈلدەك باراقسان يوپۇرماق چىقىرىۋاتىدۇ، پەقەت پۇرىقىلا ئوخشىمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، دەل مۇشۇ چەمبىرەكتىن دائىم قىلچە

① ئانتي – سېمىتىزم (anti–semitism، 反犹太主义) — بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى دەسلەپتە ئەڭ قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ سېمىتلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ، كېيىن مەخسۇس يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەر ئوخشاشلا سېمىتلارغا تەۋە بولسىمۇ، ئادەتتە ئانتي – سېمىتىزم يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش مەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئانتي سېمىتىزمنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋە مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغان. مەزكۇر ئىزم كۈچلۈك ئىرقچىلىق خاھىشىغا ئىگە.

بوشىشىپ قالماي ھەققانىيەت نامىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئارقىلىق قىساس ئېلىش تىرىشچانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ھەققانىيەتنىڭ ئەسلىدىنلا زىيانلانغۇچىنىڭ تۇيغۇسىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ھەتتا قىساس ئېلىش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، قارشى تۇرۇش كەيپىياتى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۈزۈل - كېسىل ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇلاھىزىلەرگە قارشى پىكىرىمنى ئىپادىلىمىدىم. مەن ئەدناسى فىزىيولوگىيەلىك مەسىلىلەرگە چېتىپ تىلغا ئېلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پايدىلىق دەپ قارايمەن. بۇگۈنگىچە فىزىيولوگىيەلىك مەسىلىلەر بىلەن ھېلىقىدەك ئەكسىيەتچى قىممەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئىزچىل سەل قارالدى. مېنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتام شۇكى، ئاداۋەت روھىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇنداق يېڭىچە ئىلمىي ئادالەت ئۆچمەنلىك، ھەسەت، خۇدۇكسىرەش، گۇمان، غوم ۋە قىساسخورلۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، باشقا كەيپىياتلارغا ئۇچراشقان ھامان بۇنداق «ئىلمىي ئادالەت» ئۈنۈمىنى يوقىتىپ، چوڭقۇر ئۆچمەنلىككە ئورۇن بېرىدۇ. مېنىڭچە، باشقا فىزىيولوگىيەلىك قىممەتلەردە پەيدا بولىدىغان كەيپىياتلاردىن كۆرسەتمەكچى بولغىنىم، ئەسلىدە تەشەببۇسكار كەيپىيات — مەسىلەن، ھۆكۈمرانلىق ئىستىكى، ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى قاتارلىقلار (E. دىيۇرىڭ[1] نىڭ «ھاياتنىڭ قىممىتى»، «پەلسەپە ئوقۇشلۇقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە قاراڭ. — ئاپتوردىن) بولۇپ، ھېلىقىدەك «قارشىلىق ئاۋۋال، ئىلمىي باھالاش ۋە يۇقىرى قىممەت ئاتا قىلىش كېيىن» دېگەن كەيپىياتقا سېلىشتۇرغاندا خېلى روشەن

[1] ئېۋگېن دىيۇرىڭ (Eugen Duhring، 1833 — 1921) گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، 1853 - يىلىدىن 1856 - يىلىغىچە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگەنگەن، 1861 - يىلى پەلسەپە دوكتورلۇقىغا ئېرىشىپ، 1864 - يىلىدىن 1877 - يىلىغىچە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1867 - يىلى ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنى تەنقىدلىگەن. ئۇنىڭ «خەلق ئىقتىسادشۇناسلىقى ۋە سوتسىيالىزم تارىخى تەنقىدى» (1871)، «خەلق ئىقتىسادشۇناسلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» (1873)، «پەلسەپە ئوقۇشلۇقى — كەسكىن ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.



ئىكەنلىكى، ئومۇمىي يۈزلىنىشنىڭ ئاۋۋاللىقى توغرىسىدىكى شۇنچە كۆپ گەپ بولۇنغانلىقىدۇر. دىيۇرىڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھېسسىيات تۇپرىقىدىن ھەققانىيەتنىڭ يۇرتىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت ئەسلىي گېپىگە كەلسەك، بىز يەنە تېخىمۇ قاتتىق گەپ ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيىدىغان گەپنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك — ئەڭ ئاخىرقى ھەققانىيەت روھى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان تۇپراق ئەكسىيەتچىل ھېسسىيات تۇپرىقىدۇر. ھەققانىي ئادەم ئۆزىگە زىيان سالغان ئادەمگە نىسبەتەن ھەققانىيلىقىنى ساقلاپ قالالىسا (ھەتتا، سۇس، چەكلىك، يىراقلاشقان، پەرۋايىسىغا ئالمايدىغان ھالەتتە ۋە ھەققانىيەتنىڭ مەڭگۈ بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە ئىكەنلىكىنى ساقلاپ قالالىسا)؛ جىسمانىي زىيان، مەسخىرە، گۇمانغا يولۇققان ئەھۋالدا، ھەققانىيەتنىڭ بىۋاسىتە كۆرۈش نەزىرى سۇسلىشىپ قالمىسا؛ ئالىيجانابلىق، ئاقىللىق، تېرەنلىك ھەم مېھرىبانلىقنىڭ ئوبيېكتىپلىقى مۇشۇ سەۋەبتىن ئاجىزلاپ كەتمىسە، ئادەم بىر خىل مۇكەممەللىك ياكى ئىنتايىن پىشقانلىق مۇقامغا يېتىدۇ — ئەقىللىك كىشىلەر بۇنىڭدىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەيدۇ، مەيلى قانداق بولۇپ كەتسۇن، بىز بۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيمىز. دەرۋەقە، ئادەتتىكى ئەھۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەڭ دۇرۇس ئادەملەرمۇ ئاز ساندىكى ھاقارەت، رەھىمسىزلىك، يالاقچىلىقنى كۆرۈۋېرىپ كۆنۈپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلار كۆزىنى ئاچسا قانىنى، كۆزىنى يۇمسا ئادالەتنى كۆرەلەيدۇ. تەشەببۇسكار، ئاكتىپ، تەكەببۇر ئادەم ھەققانىيەتكە ھامان ئەكسىيەتچىل كىشىدىنمۇ بەكرەك يېقىن؛ تەشەببۇسكار كىشىنىڭ ئەكسىيەتچىل كىشىگە ئوخشاش شەيئىلەرگە خاتا، بىر تەرەپلىمە باھا بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق؛ شۇڭا، تەكەببۇر كىشى ھامان تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ ئالىيجاناب، شۇنداقلا تېخىمۇ ھۆر نەزەر دائىرىگە، تېخىمۇ ياخشى ۋىجدانغا ئىگە. ئەكسىچە، بىز چوقۇم شۇنى قىياس

قىلىپ بولدۇقكى، زادى كىم ۋىجدانىدا «ۋىجدان ئازابى»نى كەشىپ قىلغان؟ — دەل ئاداۋەت تۇتقۇچى! قانۇننى تەتبىقلاش ۋە قانۇننىڭ ھەققانىيلىقىغا بولغان تەلەپ تارىختىكى قايسى باسقۇچتا كەڭ تارىلىشقا باشلىغان؟ ئەكسىيەتچىل كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! تەشەببۇسكار، كۈچلۈك، ئىستىخىيەلىك، جېدەلخور كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان باسقۇچتا! ئەگەر ھېلىقى قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچى (ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار قىلىپ شۇنداق دېگەن: «قىساس ئېلىش تەلىماتى ھەققانىيەتنىڭ قىزىل سىزىقىغا ئوخشاش مېنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىم ۋە تىرىشچانلىقىمغا سىڭىپ كەتكەن») نىڭ ئوغىسى قايناپ كېتىشىدىن قورقمىسام، شۇنداق دېيمەنكى، تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى پۈتكۈل قانۇنلار كۆرەش قىلىش، قارشى تۇرۇشنىڭ ئەكسىچە بولغان كەيپىياتنى تەكىتلەيدۇ؛ ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ كۆرۈشىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قوللاپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىشەم ھاياجىنىنى چەكلەپ ۋە تىزگىنلەپ، يارىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. قەيەردە ھەققانىيەت ئۇلغايسا ۋە قوغدالسا، شۇ يەردە قۇدرەتلىك كۈچ، بېقىنغان، ئاجىز كۈچكە (بۇ كۈچ توپ بولۇشىمۇ، يەككە بىر ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن) قارىمۇقارشى بولىدۇ. قۇدرەتلىك كۈچلەر ئاداۋەتچىنىڭ غەزىپىنى يوقىتىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ — ئۇلار بەزىدە قىساسكارنىڭ ۋاسىتىسىدىن ئاداۋەتنىڭ ئوبيېكتىنى ئىزدىسە، بەزىدە ئۇرۇش قوزغاپ، تىنچلىق تەرتىپىنى بۇزغۇچىغا زەربە بېرىپ، بۇنى قىساس ئېلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ؛ بەزىدە قىياس قىلىپ، تەكلىپ بېرىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا يارىشىشقا مەجبۇرلىسا، بەزىدە مەلۇم زىياننى تۆلىگۈچى ئۆلچەملەشكەن ماددىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئاداۋەتنى يوقىتىشنى بىر يولىلا ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىراق، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئارقىلىق دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە قارشى تۇرۇش ئەۋزەللىكىنىڭ تېخىمۇ ھالقىلىق يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا

يېتەرلىك كۈچ بولغاندىلا قانۇن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ نەزىرىدە نېمىنىڭ قانۇنلۇق، توغرا ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ قانۇنسىز، چەكلىنىدىغانلىقىنى مەجبۇرىي چۈشەندۈرىدۇ. قانۇن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شەخس ياكى بىر پۈتۈن توپنىڭ چېكىدىن ئاشقان ياكى ئۆز بېشىمچە ھەرىكىتىنى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش، ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى بايقۇت قىلىدىغان قىلمىش دەپ قاراپ، بىر تەرەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بۇنداق قانۇنغا خىلاپلىقنى پەيدا قىلغان قىساس ئارقىلىق بېقىنغۇچىنىڭ كەيپىياتىنى بۇراپ، ئەڭ ئاخىر ھەرقانداق قىساسخورلۇق پىسخىكىسى يەتمەكچى بولغانىنىڭ دەل ئەكسىچە مەقسەتكە يېتىدۇ — قىساسخورلۇق زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆزقارىشىغىلا ئەھمىيەت بەرسە ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلسا، ئەڭ ئالىي ھوقۇق كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى قىلمىشقا باھا بەرگەندە بارغانسېرى شەخسىي ھېسسىياتتىن خالىي بولۇشتا مەشىقلەندۈرىدۇ، ھەتتا زىيانلانغۇچىنىڭ نەزىرىنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئەڭ ئاخىر رېئاللىشىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «توغرا»، «خاتا» ئۇقۇمىنىڭ پەيدا بولۇشى قانۇن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن بولغان، ھەرگىزمۇ دېيۈرىڭ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، زىيانكەشلىك جىنايىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئەمەس. توغرا ۋە خاتا ئۇقۇملىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مەلۇم بىر خىل زىيانكەشلىك، شەپقەتسىزلىك، ئېكسپلاتاتسىيە، يوقىتىۋېتىش قىلمىشىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇت خاتالىق ئەمەس، چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ رولىدا، جۈملىدىن ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەسىدە زىيانكەشلىك خاراكتېرى، شەپقەتسىزلىك خاراكتېرى، ئېكسپلاتاتسىيە خاراكتېرى، يوقىتىۋېتىش خاراكتېرىگە ئىگە نەرسىلەر رول ئوينايدۇ. ھاياتلىقنى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بىز دىققەت

قىلىشقا تىگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئەڭ ئالىي فىزىيولوگىيەلىك مەۋقەنى چىقىش قىلىش پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا يۈرگۈزۈلىدىغان قانۇن بولۇشى كېرەك، چۈنكى قانۇن بەزىدە كۈچنى مەنبە قىلغان هاياتلىق ئىرادىسىنى چەكلەپ، هاياتلىق ئىرادىسىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئايرىم ۋاستىلەرگە، تېخىمۇ زور هوقۇق بىرلىكى يارىتىش ئۈچۈن يۈرگۈزۈلىدىغان ۋاستىلەرگە بويسۇندۇرىدۇ. بىر خىل قانۇن تەرتىپىنى هۆكۈمران ۋە ئۇنىۋېرسال دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنى هوقۇق بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن كۈرەش قورالى دەپ قارىغانلىق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كۈرەشكە قارشى قورال دەپ قارىغانلىقتۇر (ديۇرىڭنىڭ كوممۇنىستىك سەپسەتىسىگە ئاساسلانغاندا، هەرقانداق ئىرادە باشقا هەرقانداق ئىرادە بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك) — مانا بۇ هاياتلىققا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان پىرىنسىپ، ئادەمنى بۇزۇش ۋە خارابلاشتۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە سۇيىقەست قىلىش، بىر خىل چارچاشنىڭ سىمۋولى، يوقلۇققا ئاپىرىدىغان مەخپىي يولدۇر.

## 12

جازانىڭ مەنبەسى ۋە جازالاشنىڭ مەقسىتى هەققىدە يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، ئىككى پەرقلىق مەسىلە ياكى چوقۇم پەرقلەندۈرۈپ ئايرىلىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار، كىشىلەر هەمىشە ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىلگىرى ئەخلاق ئېتىمولوگلىرى بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئاق كۆڭۈللۈك ئىدى، ئۇلار ئۆز خاهىشى بويىچە جازادىن بىر «مەقسەت» تاپاتتى. مەسىلەن، قىساس ئېلىش ياكى توسۇش، ئاندىن يېنىكلىك بىلەن بۇ مەقسەتنى شەيئىلەرنىڭ ئېپتىداسىغا، جازالاشنىڭ مەنبەسىگە يىغىنچاقلايتتى، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەت

ھېسابلانغان. ھالبۇكى، تەتقىقات مېتودىنىڭ يۈز بېرىش تارىخىي مۇساپىسىدە، «قانۇننىڭ مەقسىتى» ئەڭ كېيىن مۇھاكىمە قىلىنغان تېمىدۇر. ئەلۋەتتە، تارىخشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇھىم خۇلاسە تېرىشىش ئارقىلىق، پەقەت تېرىشىش ئارقىلىقلا قولغا كەلگەن، بۇ خۇلاسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پايدىسى، ئەمەلىي قوللىنىلىشى ھەم مەقسىتىنىڭ تەرتىپلىك رەتكە تىزىلىشى پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا ئىشتۇر؛ پۈتكۈل مەۋجۇت شەيئىلەر مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ئۆزۈكسىز رەۋىشتە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر تەرىپىدىن باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇرمىلىنىدۇ؛ جانلىقلار دۇنياسىدا يۈز بېرىدىغىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ۋە جەڭ غەلىبىسىدۇر، شۇڭا پۈتكۈل بويسۇندۇرۇش ۋە جەڭ غەلىبىسى قايتا چۈشەندۈرۈش ۋە قايتا نام بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ قايتا چۈشەندۈرۈش ۋە قايتا نام بېرىش جەريانىدا، ئىلگىرىكى «مەنە» ۋە «مەقسەت» ئەلۋەتتە غۇۋۇالاشتۇرۇلىدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلىدۇ. كىشىلەر پۈتكۈل فىزىيولوگىيەلىك ئەزالارنىڭ رولىنى بىلىدۇ (خۇددى قانۇن ئاپپاراتلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ، سىياسىي ئادەتلەردىن تاكى سەنئەت شەكىللىرى ياكى دىنىي نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىغىچە بولغان شەكىللەرنىڭ رولىنى بىلگەنگە ئوخشاش). لېكىن، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق — گەرچە بۇلار كونا زاماننىڭ قۇلىقىغا شۇ قەدەر يېقىمسىز ئاڭلانسىمۇ. كىشىلەر ئەلمىساقتىن تارتىپ بىر نەرسىنىڭ، بىر شەكىلنىڭ ياكى بىر قۇرۇلمىنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىش بولىدىغان مەقسىتىنى چۈشەنگىلى بولسىلا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن؛ كىشىلەر كۆزنىڭ كۆرۈشكە يارىتىلغانلىقى، قولنىڭ تۇتۇشقا يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، جازانىڭ



جازالاش ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. پۈتكۈل مەقسەت، پۈتكۈل پايدا پەقەت بىرلا ئەمەلىيەتنىڭ بەلگىسىدۇر، يەنى ھوقۇق ئىرادىسى كۈچى نىسپىي ئاجىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كېيىن ئۆز ئېھتىياجى بويىچە ئۇنىڭغا خاراكتېر ۋە فۇنكسىيە ئاتا قىلغان. شۇڭا، بىر «ئىش»، بىر ئەزا، بىر ئادەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى ئۈزۈلمەس زەنجىردۇر، ئۇ تۈرلۈك قايتا چۈشەندۈرۈش ۋە ئىجابىي نام قويۇشقا باغلانغان، ھەتتا بۇ چۈشەندۈرۈش ۋە ئىجابىي نام قويۇشلارنىڭ سەۋەبى ئۆزئارا باغلانغان زۆرۈرىيەت بولمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئارقىمۇئارقا تىزىلىشى، ئۆزئارا ئالمىشىشى پەقەت تاسادىپىي ئامىللاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، بىر ئىش، بىر خىل ئادەت، بىر ئەزانىڭ «تەرەققىياتى» ھەرگىزمۇ بىر نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلغان تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى ئەمەس — لوگىكىلىق، چەبدەسلىك ئادەمنىڭ كۈچ بايلىقىنى ئەڭ چەكلەيدىغان تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى ئەمەس، بەلكى نىسبەتەن چوڭقۇر، نىسپىي مۇستەقىل، ئىستىخىيەلىك پەيدا بولغان بويسۇندۇرۇش جەريانىدىن تەشكىل تاپقان تەرتىپتۇر، بۇ تەرتىپ يەنە ھەربىر جەرياندا پەيدا بولىدىغان توسالغۇ، ئۆزىنى قوغداش ۋە قارشىلىقنى مەقسەت قىلغان شەكىللەرنىڭ ئالمىشىشى، ئۈنۈمگە ئېرىشكەن قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شەكىل ئۆزگەرسە، «مەنە»نىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ زور بولىدۇ... بۇ ھەرقانداق بىر ئورگانىزمدا شۇنىڭدىن باشقىسى ئەمەسكى، بىر پۈتۈن ئورگانىزمنىڭ ئاساسلىق ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى باشلانسا، ئورگانىزمنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرىنىڭ «مەنە»سىمۇ ئۆزگىرىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا ئايرىم ئەزالارنىڭ قېرىشى ۋە مىقدارىنىڭ كېمىيىشى (مەسىلەن، بەزى تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆلۈشى) بىر پۈتۈنلۈكنىڭ مۇكەممەللىشى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى ئاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن. دېمەكچىمەنكى، مەنە ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىنىڭ قىسمەن ئۈنۈمسىزلىكى، يىگىلىشى، چېكىنىشى، يوقىلىشى، ھەتتا ئۆلۈمى ھەقىقىي

تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنىڭ شەرتىدۇر، بۇ جەريان ھەمىشە بىر ئىرادە ۋە تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر خىل ھوقۇققا يۈزلىنىش شەكلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ھەتتا بۇنداق ئىرادە ۋە شەكىلنىڭ ئىزچىللىقى ھامان سان ـ ساناقسىز ئاجىز كۈچلەرنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىدۇ، شۇنداقلا «ئىلگىرىلەش»نى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىلگىرىلەشكە بېرىلگەن قۇربانلىقنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئىرقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قۇربان قىلىش — بۇمۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش بولۇشى مۇمكىن... مېنىڭ تارىخشۇناسلىق مېتودولوگىيەسىدىكى بۇ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى ئالاھىدە تەكىتلىشىم، مۇھىمى مەركۇر نۇقتىئىنەزەرنىڭ پۈتۈنلەي نۆۋەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىنستىنكىت ۋە مودىغا زىت ئىكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر، بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئەدناسى ھەممە يەردە مۇتەئەسسىپ ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىغان ھوقۇق ئىرادىسى نەزەرىيەسىدۇر، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇتلەق تاسادىپىيلىقى ۋە مېخانىزمىنىڭ مەقسەتسىزلىكىگە ئىشىنىدۇ. پۈتكۈل ھۆكۈمرانلار ۋە ھۆكۈمران بولىدىغانلارغا قارشى دېموكراتىزملىق بىر تەرەپلىمە قاراش، ھازىرقى زاماندىكى مىسارىكىزم① (مەن بىر ناچار ئىشقا بىر ناچار سۆز ياسىدىم) مەنىۋى دۇنياغا سىڭىپ كىردى ھەمدە ئۆزىنى ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى قىياپەتتە پەردازلاپ، قەدەممۇقەدەم زوراۋانلىق يولىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن ئوبيېكتىپ پەن ھالىتىگە كىرگۈزۈپ، قاتتىق تەلەپ قىلىنىدىغان ھوقۇققا ئېرىشتى؛ مېنىڭچە، ئۇ پۈتكۈل فىزىيولوگىيە ۋە ھاياتلىق تەلىماتلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ بۇ تەلىماتلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىر ئاساسىي ئۇقۇمنى، بىر ئىچكى تەشەببۇسكار ئۇقۇمنى ئوغرىلىقچە ئالماشتۇرۇۋېتىش

① ھۆكۈمەت ياكى قائىدە ـ نىزاملارغا قارشىلىغان ئۆچمەنلىك مەنىسىدە.

ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى؛ ئەكسىچە، دېموكراتىزملىقتا سەل قاراشنىڭ بېسىمىدا، كىشىلەر «ماسلىشىش»، يەنى بىر خىل شاللاق تەشەببۇسكارلىق، بىر خىل ساپ ئىنكاسچانلىقنى ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇۋالدى. مەسىلەن، ھېربېرت سپەنسېر ھاياتلىقتا شۇنداق ئېنىقلىما بەردىكى، ئۇ ھاياتلىقنى تاشقى مۇھىتقا قارىتىلغان مەقسەتنىڭ بارغانسېرى ئېنىقلىشىدىغان ئىچكى «ماسلىشىشى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن، ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى — ئۇنىڭ ھوقۇق ئىرادىسى بۇرمىلىنىپ، ئىستىخىيەلىكلىكى، ئىلگىرىلەشچانلىقى، ئەۋزەللىكى، كۈچى (بىلىش كېرەككى، «ماسلىشىش» مۇشۇنداق كۈچ بويىچە تەرتىپكە سېلىنىدۇ) نىڭ ماھىيىتىنى شەرھلەش، ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ۋە شەكىللەندۈرۈشتىكى ئەۋزەللىكىگە سەل قارالدى ـ دە، ئورگانىزملاردىكى ھاياتلىق ئىرادىسى ئارقىلىق نامايان بولىدىغان تەشەببۇسكار ۋە ئىجادىي ئالىي دەرىجىلىك فۇنكسىيەلەرنىڭ يېتەكچىلىك رولى نەزەرگە ئېلىنمىدى. سپەنسېرنىڭ «مەمۇرىي نىھىلىزم①»ىنى ھاكسلېي② نىڭ قانداق ئەيىبلىگەنلىكى كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، لېكىن نۆۋەتتىكى مەسىلە ھەرگىزمۇ «مەمۇرىيەت» مەسىلىسى ئەمەس.

## 13

جازادىن ئىبارەت بۇ تېمىغا قايتىپ كەلسەك، بىز جازانىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ نىسبەتەن تۇرغۇن ئالاھىدىلىكىدۇر،

① نىھىلىزم (nihilism ،虚无主义) — پەلسەپىۋى مەنىدە دۇنيا، بولۇپمۇ ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى يوق دەپ قارايدىغان مەسلەك. «نىھىلىزم» ئۇقۇمى لاتىن تىلىدىكى «ھېچنېمە يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «nihil» دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن.

② توماس ھاكسلېي (Thomas Henry Huxley، 1825 — 1895)، ئەنگلىيەلىك ناتۇرالىست، دارۋىنىزمنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. ئۇنىڭ «ئادەمزاتنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى»، «ھايۋانلارنى تۈرگە ئايرىش ئىلمىگە مۇقەددىمە»، «دىنسىزنىڭ دىن ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

بۇنداق ئالاھىدىلىك ئادەت، مۇراسىم، «تىياتىر»دا، تەرتىپتىكى مەلۇم باسقۇچتا ئىپادىلەنگەن؛ ئىككىنچىسى جازانىڭ ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىكىدۇر، بۇنداق ئالاھىدىلىك مەنە، مەقسەتتە، مۇشۇنداق تەرتىپكە قارىتا شەكىللەنگەن ئارزۇدا ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىدۇكى، بۇ يەردە باشقا ئالدىنقى شەرت يوق. مۇۋاپىق بايان قىلىنغان تارىخشۇناسلىق مېتودولوگىيەسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىينەزىرىگە ئاساسلانغاندا، تەرتىپ ئۆزىنىڭ جازالاشقا ئىشلىتىلگەنلىكىدىنمۇ قەدىمىي، ئىلگىرىكى نەرسىگە ئايلىنالايدۇ، ئۇنىڭ جازالاشقا ئىشلىتىلىشى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان تەرتىپكە مەجبۇرىي تېڭىلغان. دېمەك، ئىش ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەخلاق ۋە قانۇن ئېتىمولوگلىرىمىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىجاد قىلىنىشتىكى مەقسەت جازالاش ئۈچۈندۇر، بۇ كىشىلەرنىڭ قولىنىڭ يارىتىلىشى نەرسىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن، دېگەن قارىشىغا ئوخشايدۇ. جازانىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۆزگىرىشچان ئالاھىدىلىكى، يەنى جازانىڭ «مەنە»سىگە كەلسەم، ئەڭ يېقىنقى كۈلتۈر باسقۇچى (مەسىلەن، بۈگۈنكى ياۋروپا) دا، جازا ئەمەلىيەتتە يەككە مەنىلىك ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل مەنىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ قالدى. جازانىڭ پۈتكۈل تارىخى — ئۇنىڭ تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىش تارىخى ئەڭ ئاخىر بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنى پەرقلەندۈرۈش، ئاجرىتىش قىيىن، ھەتتا شۇنى تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېنىقلىما بەرگىلى بولمايدۇ. بىز ھازىر جازا ئىجرا قىلىنىشنىڭ ئەسلىي نېمە ئۈچۈن بولغانلىقىغا كېسىپ ھۆكۈم قىلالمىغاچقا، پۈتكۈل جەرياندىكى بەلگىسىمان پىرىسلانما ئۇقۇملارغا ئېنىقلىما بېرىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز، پەقەت تارىختا بولۇپ باقمىغان ئۇقۇملارغىلا ئېنىقلىما بەرگىلى بولىدۇ.





خېلى بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، «تۇرلۇك مەنە»لەرنىڭ بىرىكمىسىنى يەنىلا تېخىمۇ ئاسان پارچىلىغىلى، تېخىمۇ ئاسان ئىندۇكسىيەلىگىلى بولىدۇ. بىز هازىر بىرىكمىنىڭ تۇرلۇك ئامىللىرى قانداق قىلىپ باشقىچە بىر ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن يەنە قانداقىسىگە قايتىدىن بىرىكىپ، بەزىدە بۇنداق ئامىللارنى، بەزىدە ئۇنداق ئامىللارنى باشقا ئامىللاردىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۇرۇپ، يېتەكچى ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. كىتابخانلارغا ئەڭ بولمىغاندا جازانىڭ «مەنىسى» ئەمەلىيەتتە نەقەدەر ئېنىقسىز، نەقەدەر ئادەتتىكىچە، نەقەدەر تاسادىپىي ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئوخشاش بىر تەرتىپنىڭ قانداق ئىشلىتىلىپ، شەرھلىنىپ، بىزنىلىپ، پۇتۇنلەي ئوخشاش بولمىغان مەقسەت ئۇچۇن خىزمەت قىلغانلىقىنى چۇشەندۇرۇش ئۇچۇن، بۇ يەردە بىر تېزىسنى مىسال كەلتۇرىمەن، بۇ تاسادىپىي توپلاپ قويغان قىسمەن ماتېرىياللىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئېلىنغان:

بۇزغۇنچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىنى يوقىتىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۇچۇن يۇرگۇزۇلىدىغان جازا.

مەلۇم شەكىلدە (هەتتا بىر خىل هېسسىيات تۆلىمى شەكلىدە) جازالىغۇچىغا تۆلەم بېرىش ئۇچۇن يۇرگۇزۇلىدىغان جازا.

جازالاش ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇققا تەسىر يەتكۇزگەن تەرەپنى يېتىم قالدۇرۇپ، تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش هادىسىسىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

جازالاش ئارقىلىق جازالاش قارارىنى چىقارغۇچى ۋە ئىجرا قىلغۇچىدا قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلىش.

جازالاش ئارقىلىق جىنايەتچى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئېتىبارنى يوقىتىش (مەسىلەن، ئۇنى كاندا قۇل قىلىپ ئىشلىتىش).

جازالاش ئارقىلىق ئاينىپ كەتكەن ئەزالارنى سىقىپ چىقىرىش (بەزى ئەھۋاللاردا پۇتۇن جەمەت سىقىپ چىقىرىلغان، مەسىلەن،



جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىرقنىڭ ساپلىقى ياكى جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوغدايدىغان قورالدۇر).

جازالاشنى قۇتلۇقلاش مۇراسىمى قىلىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، يوقىتىلغان دۇشمەنگە زوراۋانلىق قىلىش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش.

جازالاش ئارقىلىق جازاغا ئۇچرىغۇچىدىمۇ (يەنى ئۇنىڭغا قارىتا «ئۆزگەرتىش» يۈرگۈزۈپ)، كۆرگۈچىدىمۇ خاتىرە قالدۇرۇش.

جازا ھوقۇقدار جىنايەتچىدىن تۆلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ھەقتۇر، چۈنكى ھوقۇقدار جىنايەتچىنى تاپتىن چىققان قىساسكارلىقتىن ساقلايدۇ.

كۈچلۈك ئىرق ھېلىھەم قىساسكارلىقنىڭ تەبىئىي ھالىتىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇنداق تەبىئىي ھالەتنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، جازانى بۇنداق قىساسكارلىقنىڭ تەبىئىي ھالىتى بىلەن كېلىشتۈرۈش كېرەك.

جازا ئارقىلىق تىنچلىق، قانۇن، تەرتىپ ۋە نوپۇزنىڭ دۈشمەنلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىنىپ، ئۇرۇش قائىدىسى بەلگىلىنىدۇ. كوللېكتىپ ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارالغۇچىلار ئۆزىنىڭ ياشاش كاپالىتى بولغان كوللېكتىپ تۇرمۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن ۋاز كەچتۈرۈلىدۇ، كىشىلەر بۇ دۈشمەنلەرنى مۇناپىق، ئاسىي، تىنچلىقنى بۇزغۇچى دەپ قارايدۇ. كىشىلەر ئۇرۇشتا بېرىلگەن قورال ئارقىلىق ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ.

## 14

بۇ تىزىملىك چوقۇم مۇكەممەل ئەمەس، ناھايىتى ئېنىقكى، جازا قالايمىقان ئىشلىتىلگەن، شۇڭا بىزنىڭ بىر خىل تەسەۋۋۇرىي پايدىلىنىشنى ــ گەرچە ئاۋامنىڭ ئېڭىدا بۇ ئەڭ مۇھىم پايدىلىنىش بولسىمۇ ــ ئۆچۈرۈۋېتىشكە تېخىمۇ ئاساسىمىز بار،

جازاغا قارىتىلغان ئەقىدە بۈگۈنكى كۈندە لىڭشىپ قالدى. بىراق، ئەقىدە دەل جازادىن ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تۈۋرۈكىنى ئۈزۈكسىز ئىزدەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جازا قىممەتكە ئىگە ئىمىش، گۇناھكارنىڭ قەلبىدە بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلارمىش، كىشىلەر جازادىن ئەنە شۇنداق روھنىڭ ئەكس سادا پەيدا قىلالايدىغان ھەقىقىي فۇنكسىيەسىنى ئىزدىگەن، ئۇلار روھنىڭ بۇنداق ئەكس ساداسىنى «ۋىجدان ئازابى»، «ۋىجداننىڭ پۇشايمىنى» دەپ ئاتىغان. بۇنداق تەسەۋۋۇر بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئاللىقنى بۇرمىلاش، پىسخىكىنى بۇرمىلاشقا ئىشلىتىلمەكتە، ئەگەر بۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىغا، ئادەمنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەزگىلىگە تەتبىقلانسا، تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ! دەل جىنايەتچى ۋە مەھبۇستا سەممىي پۇشايمان ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، تۈرمە ۋە تەربىيەلەش ئورۇنلىرى بۇ مىتىلەر ئېمىشكە ئامراق جاي بولۇپ قالغان. پۈتكۈل ئەستايىدىل كۆزەتكۈچىلەر دائىم قانداقتۇر خالىماي، ۋىجدانىغا ئىنتايىن مۇخالىپ ھالدا بۇنداق ھۆكۈملەرنى دەپ يۈرمىسىمۇ، بۇ نۇقتىنى ماختايدۇ. قىسقىسى، جازا ئادەمنى ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە سوغۇققان قىلىۋېتەلەيدۇ، جازا ياتلىشىش تۇيغۇسىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە — جازا مادارىدىن كېتىپ، ئېچىنىشلىق چۈشكۈنلۈك ۋە ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇشنى پەيدا قىلسا، بۇنداق نەتىجە شۈبھىسىزكى، جازانىڭ ئادەتتىكى ئۈنۈمى، شۇنداقلا لاۋزا، مەيۇس ئەستايىدىللىقنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئۈنۈمىدىنمۇ بەكرەك ئادەمنى نارازى قىلىدۇ. بىراق، بىز ئىنسانلارنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى نەچچە مىڭ يىلنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىپ باقساق، شەك - شۈبھىسىز ھالدا كېسىپ ئېيتالايمىزكى، جازا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك توسقان،





ھېچبولمىغاندا جازا قورالىنىڭ قۇربانلىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا شۇنداق. شۇڭا، بىز جىنايەتچىنىڭ قانۇننىڭ ۋە قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ تەرتىپلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزىنى چەكلىگەنلىكى، قانچىلىك دەرىجىدە ئۆز قىلمىشىنى پەسكەشلىك دەپ ھېس قىلغانلىقىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قانۇننىڭ قىلمىۋاتقىنىمۇ ئوخشاشلا قۇۋلۇق ـ شۇملۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ــ ياخشى نامدىمۇ، ۋىجدان نامىدىمۇ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئالايلى، مارىلاش، ئالداش، سېتىۋېلىش، تۇزاق قۇرۇش، بىر يۇرۇش ئىنچىكە، مۇغەمبەر ساقچىلىق ماھارىتى، ئەرز قىلىش سەنئىتى دېگەندەك، ئەقىل چىداپ تۇرالمايدىغان بۇلاڭ ـ تالاڭ، زوراۋانلىق، تىللاش، قاماش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، سۇيىقەستنى دېمەيلا قوياي، بۇ ھەرىكەتلەر قانۇن ئەمەلدارىنىڭ ئەيىبلىشى ۋە ھۆكۈم قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ، ئالاھىدە شارائىتتا، ئالاھىدە ئەھۋاللارنى چىقىش قىلىپ ئىشقا سېلىنىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. «ۋىجدان ئازابى» دىن ئىبارەت يەر يۈزىدە ئۆستۈرۈلگەن ئەڭ غەلىتە، ئەڭ قىزىقارلىق ئۆسۈملۈك بۇ زېمىندا ئۆسۈپ يېتىلمىگەن.
ئەمەلىيەتتە، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قانۇن ئەمەلدارى، جازا ئىجرا قىلغۇچى ئۆزىنىڭ «جىنايەتچى» بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىغان، ئۇ بالا ـ قازا تېرىغۇچى بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقاندا، مەسئۇلىيىتى يوق بىر ئىش بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقاندا، جازالانغۇچى ئۆزىنىڭ جازالىنىشىنى بىر خىل بەختسىزلىك دەپ قارايتتى، شۇڭا، جازالانغۇچى جازاغا ئۇچرىغاندا «قەلبى ئازابلان»مىغان، پەقەت ئويلاپ باقمىغان مەلۇم بىر ئىشنىڭ، قورقۇنچلۇق تەبىئىي ئىشنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان ــ ئاسماندىن قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر قورام تاش چۈشۈپ، ئۇنى ئەزگەن.

## 15

مۇنداق بىر پاكىت سپىنوزانىڭ ئېگىدا ئىنتايىن ئۇستاتلىق بىلەن ئورۇن ئالغان (بۇ ئۇنى شەرھلىگۈچىلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ، چۈنكى ئۇلار، مەسىلەن، كۇنو فىشېر[①] ئۇنى بۇ نۇقتىدا خاتا چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن). بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، نامەلۇم بىر ئەسلىمىنىڭ تەسىرىدە، سپىنوزا مۇنداق بىر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلايدۇ ـــ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زادى ھېلىقىدەك مەشھۇر «ۋىجدان ئازابى» قانچىلىك ساقلىنىپ قالغان؟ سپىنوزا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك ئەنئەنىسىنى تەسەۋۋۇر دۇنياسى تەۋەلىكىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ «ھۆر» تەڭرىسىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قەتئىيلىك بىلەن قوغدىغان؛ تەڭرىگە قارا چاپلاپ، تەڭرى ھەممە نەرسىگە ئىنتايىن ئەقىل بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ جاكارلىغان بىھۆرمەتلەرگە قارشى تۇرغان («بۇ تەڭرىنى تەقدىرگە بويسۇندۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنداق بولسا، تەڭرى ھەقىقەتەن گۆل، ئەخمەقتە ئايلىنىپ قالىدۇ»). سپىنوزانىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئاق كۆڭۈللۈككە، ۋىجدان ئازابى كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ بولغانىدى، بىراق بۇ جەرياندا ۋىجدان ئازابى يەنە نېمىگە ئايلاندى؟ ئۇ ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېگەن: «بىر خىل ئازاب، ئۆتمۈشتىكى مەلۇم كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققان ئىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا ئەگەشمەكتە.»[②] نەچچە مىڭ يىلدىن

① كۇنو فىشېر (Kun Fischer، 1824 ــــ 1907)، ھېيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى بولغان. ئۇ «ھازىرقى زامان پەلسەپە تارىخى» ناملىق 10 توملۇق مەخسۇس ئەسىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىر تومى مەخسۇس سپىنوزاغا بېغىشلانغان.

② سپىنوزا: «ئېتىكا»، 3 ـ قىسىم، 18 ـ ئەھكام، 1 ـ، 2 ـ ئىزاھات. (ئاپتوردىن) «ئېتىكا»، سودا باسمىخانىسى 1983 ـ يىلى، 2 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى7 ـ ئاي 16 ـ بېسىلىشى، 114 ـ بەت. (ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)





بىرى، جازاغا ئۇچرىغان بالا ـ قازا تىرىغۇچىلار بىلەن سپىنوزانىڭ پەرقى يوق، ئۇلار ئۆزىنىڭ «قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى» توغرىسىدا «بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى» دېگەن تۇيغۇدا ئەمەس، بەلكى «بۇ قېتىم چوقۇم تاسادىپىيلىقتىن بولدى» دېگەن تۇيغۇدا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزى ئۇچرىغان جازاغا نىسبەتەن كېسەللىك، قىيىنچىلىققا يولۇقۇش ياكى ئۆلۈمگە ئوخشاش شۇ قەدەر مۇستەھكەم، قارشى تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان تەقدىرگە يولۇققان بىلەن ئوخشاش پوزىتسىيەگە ئىگە بولىدۇ، مەسىلەن، رۇسلار ھاياتلىقنى تىزگىنلەشتە بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزدەك غەربلىكلەردىن كۆپ ئەقىللىك. ناۋادا ئاشۇ كۈنلەردە ھەرىكەتكە قارىتىلغان بىر خىل تەنقىد بار بولسا، ئۇ دەل بىر خىل پاراسەتتۇر، بۇنداق پاراسەت ھەرىكەتنى تەنقىد قىلالايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز جازانىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى ئاۋۋال پاراسەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن، ئەسلىمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن، تېخىمۇ سەمىمىي، تېخىمۇ خۇدۇكسىرەپ، تېخىمۇ مەخپىي ئىش قىلىش ئىرادىسىدىن، ئادەمنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمايدىغان سەزگۈرلۈكىدىن ئىزدىشىمىز، قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشتىكى ئىلگىرىلەش جەريانىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. مەيلى ئادەم ياكى يىرتقۇچ بولسۇن، ئۇلارنىڭ جازا ئارقىلىق يېتىدىغىنى ۋەھىمىنىڭ كۆپىيىشى، ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئېشىشى، شۇنداقلا ئىستەكنى بېسىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، جازالاش ئادەمنى بويسۇندۇرىدۇكى، ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ، بىزنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان خۇلاسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشقا تېخىمۇ كۆپ ئاساسىمىز يوق. (خۇددى كىمدۇر بىرى ئېيتقاندەك: «بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن». ئوڭۇشسىزلىق بىراۋنىڭ ئەقلىنى ئاشۇرسىمۇ، يەنە بىراۋنىڭ ئەقلىنى

ناچارلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ياخشى يېرى، ئوڭۇشسىزلىق كۆپىنچە ئادەمنى دۆتلەشتۈرۈۋېتىدۇ.)

**16**

ئەمدى گەپ ئوينىتىۋەرمەي، «ۋىجدان ئازابى» توغرىسىدىكى قىياسىمنى دەسلەپكى قەدەمدە بايان قىلىپ باقاي، بۇ قىياسىم ئاڭلىماققا قۇلىقىمىزغا يات تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىز قايتا ـ قايتا ئىزدىنىپ بېقىشىمىز كېرەك. مەن ۋىجدان ئازابىنى بىر خىل مەرەز دەپ قارايمەن، كىشىلەرنىڭ بۇنداق مەرەزگە گىرىپتار بولۇشى تارىختىن ئاۋۋالقى چوڭقۇر ئۆزگىرىش سەۋەبلىك ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلغان، بۇنداق ئۆزگىرىش ئادەمنى جەمئىيەتنىڭ ۋە تىنچلىقنىڭ تۇرمىسىگە مەڭگۈلۈك بەند قىلىۋەتكەن. خۇددى دېڭىزدىكى ھېلىقى خەقلەرنىڭ كەچۈرمىشىگە ئوخشاش، ئۇلار ياكى قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىغا ئۆزگىرىپ ياشاشقا ئىنتىلىشكە ۋە ياكى نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى، شۇڭا ئۇلار ــ ياۋايىلىق، ئۇرۇش مۇھىتى، ئەركىن ئارىسالدىلىق ۋە خەتەرلىك تۇرمۇشنى شادىمان ھالەتتە پىششىق بىلىدىغان بۇ يېرىم يىرتقۇچىلار تۇيۇقسىز ئۆزىدىكى پۈتكۈل ئىنستىنكتلەرنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى، «ئېچىلىپ» قالغانلىقىنى بايقىغان. ئىلگىرى ئۇلار ئىنچىل سۇدا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ھازىر ئۇلار پۇتى بىلەن ميڭىشى، «ئۆز تېنىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشى» كېرەك ــ ئۇلارنىڭ زىممىسىگە نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئېغىر بېسىم چۈشكەن ـ ھە! ئۇلار ئەڭ ئاددىي مەشغۇلاتلىرىنىڭ كېلەڭسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. بۇ يېڭى، بىلىنمىگەن دۇنيادا، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك تەرتىپلىك، ئاڭسىز رەۋىشتە تايىنىدىغان كۈچ بويىچە ئۆزىنى يېتەكلىيەلمەيتتى. ئۇلار ئويلاش، ھۆكۈم قىلىش، ھېسابلاش، سەۋەب ـ نەتىجىنى باغلاشقا مەجبۇرلانغان، بۇ

بەختسىزلەر ئەڭ پەس، ئەڭ ئاسان خاتالىشىدىغان ئەزاسى ــ «ئاڭ»نى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇرلانغان. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا ئەزەلدىن بۇنداق ئازاب تۇيغۇسى، بۇنداق ئۇچىغا چىققان بىئارامچىلىق بولۇپ باقمىغان، چۈنكى ئۆتمۈشتىكى ئىنستىنكتلەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئۇشتۇمتۇت ئۈزۈۋەتمىگەن، پەقەت هازىرقى ئېھتىياج ئۇلارنىڭ تەلىپىنى كۆزگە چېلىقماس قىلىۋەتكەنىدى. هالقىلىق يېرى، ئۇلار ئۆزى ئۇچۇن يېڭى، يوشۇرۇنراق قانائەت ئىزدىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار قويۇۋېتىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان ئىنستىنكتلەر ئىچىگە يۈزلىنىشكە بۇرۇلغان، مەن ئۇنى ئادەمنىڭ «ئىچكىلىشىشى» دەپ ئاتايمەن، مۇشۇ ئىچكىلىشىش بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا كېيىن ئادەمنىڭ «روهى» دەپ ئاتالغان نەرسە ئۆسۈپ يېتىلگەن. پۈتكۈل ئىچكى دۇنيا ئەسلىدە ئىككى قەۋەت تېرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلغاندەك شۇ قەدەر نېپىز ئىدى، هازىر ئادەمنىڭ سىرتقا قويۇۋېتىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغاندا، ئىچكى دۇنيا مۇناسىپ رەۋىشتە هەممە يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلىپ، چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك ۋە ئېگىزلىككە ئىگە بولدى. دۆلەت تەشكىلى تەرىپىدىن ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلىتىلىپ، قەدىمىي ئەركىن ئىنستىنكتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ قالغان قورقۇنچلۇق توسالغۇ (جىنايەت مانا مۇشۇ توسالغۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىدۇر) ياۋايى، هۆر، سەيياهلىقتا يۈرگەن ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئىنستىنكتلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى قىلىپ قويغان. ئۆچمەنلىك، ياۋۇزلۇق، زىيانكەشلىك ئىستىكى، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئىستىكى، غەيرىيلىككە ئىنتىلىش ئىستىكى، بۇزغۇنچىلىق ئىستىكى ــ بۇلار ئەكسىچە مۇشۇ ئىنستىنكتلەرگە ئىگە بولغۇچىلارغا قارىتىلغان، مانا بۇ «ۋىجدان ئازابى»نىڭ مەنبەسىدۇر. تاشقى دۈشمەن ۋە قارشىلىق كەم بولغانلىقى، بىسىم ئىچىدىكى بىر خىل تار ماكان ۋە ئەخلاق قېلىپىغا بەند قىلىپ

قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم خۇددى ئۆزى كۆندۈرگەن يىرتقۇچ قەپەس ئىچىدە تېنىمنى توختىماي ھەر تەرەپكە ئۇرغاندەك، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشقا، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا، ئۆزىنى چىشلەشكە، ئۆزىنى غاجىلاشقا، ئۆزىنى خورلاشقا باشلىغان. دەشت ـ چۆللەرنى سېغىنىپ زەئىپلەشكەن بۇ ھايۋان ئۆزى ئۈچۈن بىر خىل خەتەرلىك تۇرمۇش، بىر جازا ئۆيى، بىر خاتىرجەمسىز، خەتەرلىك ياۋايىلىق يارىتىشى كېرەك ئىدى — مانا مۇشۇ كالۋا، ئۈمىدۋار ھەم ئۈمىدسىز مەھبۇس «ۋىجدان ئازابى»نىڭ كەشپىياتچىسىغا ئايلانغان. ۋىجدان ئازابى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەللىكنى پەيدا قىلغان، ئىنسانلار تا بۈگۈنگىچە بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، ئادەمنىڭ ئادەم ئۈچۈن ئازاب چېكىشى، ئۆزى ئۈچۈن ئازاب چېكىشى — مانا بۇ قوپاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ياۋايى ئۆتمۈشىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىنىڭ، ئۇشتۇمتۇت يېڭى مۇھىت ۋە ياشاش شارائىتىغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ، ئۆتمۈشتىكى ئىنىستىنكتىگە، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ كۈچى، خۇشاللىقى ۋە ھەيۋىسىگە ھامىلدار بولۇۋاتقان ئىنىستىنكتىكە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنى تولۇقلاپ قويۇشىمىز كېرەككى، يەنە بىر جەھەتتىن، بىر ھايۋان روھىنىڭ ئۆز جىسمىغا بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆز جىسمىغا قارشى مەۋقەنى ئىشقا سالغان، دۇنيادا يېڭى، تېرەن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، سىرلىق، ئۆز ـ ئۆزىگە زىت ۋە ئىستىقبالى پارلاق نەرسە تۇغۇلۇپ، دۇنيانىڭ ئەسلىي قىياپىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولغان. ئەمەلىيەتتە، يەنە بىر سىرلىق تاماشىبىن بۇ بىر مەيدان ئويۇنغا قاتنىشىشقا موھتاج ئىدى. ئويۇن باشلاندى، لېكىن خاتىمىسىنى تېخى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر مەيدان ئويۇن ئىنتايىن نەپىس، ئىنتايىن سىرلىق، ئىنتايىن مۇنازىرىلىك، شۇڭا مەلۇم ئەرزىمەس پىلانېتادا قويۇلۇۋاتقان ئويۇننى ئۇن ـ

تىنىسىز يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھېراكلىتۇس[①] نىڭ «ئۇلۇغ بالا» (ئۇنىڭ زېۋىسىنى ئاتىغانلىقى ياكى پۇرسەتنى ئاتىغانلىقى بىلەن كارىم يوق) ئويۇنىدىكى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان قىماردا، ئادەمنىڭ ئورنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئادەم ئۆزىگە بىر خىل قىزىقىش، بىر خىل تەشۋىش، بىر خىل ئۈمىد، ھەتتا بىر خىل ئەقىدە ياراتقان، خۇددى ئادەم بىر نېمىنى ئالدىن زاھىر قىلغاندەك، بىر نېمىگە تەييارلىق قىلغاندەك، ئادەم بىر خىل مەقسەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئۇسۇل، بىر ئارىيە، بىر كۆۋرۈك، بىر ئۇلۇغ لەۋزدەك...

## 17

مېنىڭ ۋىجدان ئازابى توغرىسىدىكى قىياسىم ئاۋۋال شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، مەزكۇر ئۆزگىرىشلەر تەدرىجىمۇ، ئىختىيارىيمۇ بولمىغان. ئۇ يېڭى شارائىتقا ماسلاشقان بىر خىل مېخانىك تەرەققىياتنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى بىر خىل بۆلۈنۈش، بىر خىل جانلىنىش، بىر خىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئاپەت ئىدى. ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە قارشى تۇرغىلىمۇ، ھەتتا نەپرەتلەنگىلىمۇ بولمايتتى. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ قىياسىم يەنە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، ئىزچىل ئاخىرلاشمىغان، ئېنىق شەكلى بولمىغان ئاۋامنى بىر جىددىي قېلىپقا سولاپ قويۇشتەك بۇنداق زوراۋانلىق بىلەن باشلانغان ھەرىكەتنى زوراۋانلىق بىلەن

---

[①] ھېراكلىتۇس (Heraclitus) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480 ـ يىلىغىچە ياشىغان قەدىمكى گىرېتسىيەلىك پەيلاسوپ. ئىئونىيان رايونىدىكى ئېفېسىيە پولىسىنىڭ خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىش، دەپ قاراپ، «ھەممە ئۆزگىرىش ئىچىدىدۇر» دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. «بىز ئوخشاش بىر دەرياغا ئىككى قېتىم كىرەلمەيمىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر گېپىدۇر. ئۇ ئەسلىي تەخت ۋارىسى بولسىمۇ، تەخت ۋارىسلىقىنى ئىنىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىلاھە ئارتېمىس ئىبادەتخانىسى يېنىدا ماكانلىشىپ، پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىرسىيە شاھى دارىئوس ئۇنىڭغا تەكلىپنامە ئەۋەتىپ، پىرسىيە ئوردىسىدا گىرېك كۇلتۇرىدىن تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىكەن.

ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك. شۇڭا، ئەڭ دەسلەپكى دۆلەت بىر قورقۇنچلۇق زالىم پادىشاھ سۈپىتىدە، ئېچىنىشلىق باستۇرىدىغان تەپ تارتماس ماشىنا سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان، بۇ جەريان تاكى ئاۋام بىلەن يېرىم يىرتقۇچلار يۇغۇرۇلۇپ، كۆندۈرۈلگىچە تەرەققىي قىلغان، ھەتتا تۇراقلاشقان. مېنىڭ «دۆلەت» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ كۆرسەتمەكچى بولغىنىم ئىنتايىن چۈشىنىشلىكى، ھېلىقى بىر توپ قىزىل چاچلىق قاراقچىلار، بىر ئىستېلاچى غوجايىن ئىرق ئۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنەلەيتتى، ئۇلارنىڭ تەشكىللەنگۈدەك كۈچى بار ئىدى. ئۇلار تەپ تارتماي قورقۇنچلۇق تىرناقلىرىدا ئىنسانلار تارىخىدا ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدىغان، تەشكىلسىز ھالەتتىكى سەيياھ ئىرقنى چاڭگىلىغا ئالغان بولسا كېرەك. دۇنيادىكى «دۆلەت» مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان. مېنىڭچە، بىز دۆلەت «كېلىشىم»دىن باشلانغان، دېگەن خام خىيالنى بويسۇندۇرۇپ بولدۇق. كىم بۇيرۇق قىلالىسا، شۇ تەبىئەتنىڭ «غوجايىنى»، شۇ ھەرىكىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدا زوراۋانلىقنى نامايان قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمگە كېلىشىمنىڭ نېمە كېرىكى! بۇنداق تەبىئەت بىلەن ھېسابلاشقىلى بولمايدۇ، ئۇلار تەقدىرگىلا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبى يوق، ئىدراكى يوق، تەپ تارتمايدۇ، باھانىسى يوق. ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولىدۇ، بەك قورقۇنچلۇق، بەك تۇيۇقسىز، بويسۇنماي ئامال يوق، بەك «ئادەتتىن تاشقىرى»، ھەتتا ئۇلارغا نەپرەتلەنگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار شەكىللەرنى ئىنستىنكتلىق يارىتىپ، ئىنستىنكتلىق كېڭەيتكەن، ئۇلار ئەڭ پەرۋاسىز، ئەڭ ئاڭسىز سەنئەتكارلار ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار قەيەردە پەيدا بولسا شۇ يەردە يېڭى نەرسىلەر باش كۆتۈرەتتى، بۇ يېڭى نەرسىلەر بىر جانلىق ھۆكۈمرانلىق شەكلى ئىدى، ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ۋە فۇنكسىيەسى ناھايىتى ئېنىق ھەم ئۆزئارا باغلانغانىدى، ئۇنىڭغا باشتىلا بىر پۈتۈن

بولمىغان ھەرقانداق نەرسە ئاسانلىقچە سىغمايتتى. بۇ تەبىئىي تەشكىللەنگۈچىلەر نېمىنىڭ جىنايەت، نېمىنىڭ مەسئۇلىيەت، نېمىنىڭ تەپ تارتىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنى ھېلىقى قورقۇنچلۇق سەنئەتكار ــ شەخسىيەتچىلىك قۇترىتاتتى، بۇ شەخسىيەتچىلىك رۇدىدەك مۇستەھكەم ئىدى، خۇددى ئانا ماھىرلىق بىلەن ئۆز بالىسىنى ئېتىراپ قىلغاندەك، ئۇ ماھىرلىق بىلەن باشقا «ئەسەر»لەرگە ئۆزىنى مەڭگۈلۈك ئېتىراپ قىلدۇراتتى. ۋىجدان ئازابى ئەلۋەتتە بۇ كىشىلەرنى مەنبە قىلمىغان، بۇ نۇقتا ئالدىبۇرۇن ئايدىڭلىشىپ بولدى. لېكىن، سانسىز ئەركىنلىكلەر دۇنيادىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ نەزىرىمىزدىن غايىب قىلىنمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ زەربىسى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ زوراۋانلىقى بولمىغان بولسا، ۋىجدان ئازابىدىن ئىبارەت بۇ رەزىللىكنىڭ تۇغۇندىسى بولمايتتى. بىزگە مەلۇمكى، مۇشۇ شەپقەتسىزلەرچە يوشۇرۇن ھالەتكە كىرىشكە مەجبۇرلانغان ئەركىنلىك ئىنسىتىنكتى چېكىندۇرۇلگەن، باستۇرۇلغان قەلبكە بەند قىلىۋېتىلگەن، ئەڭ ئاخىر ئۆزىگە قاراپ ئاقتان ۋە ئۆزىگە قويۇۋېتىلگەن ئەركىنلىك ئىنسىتىنكتىلا ۋىجدان ئازابى بىخلانغان تۇپراقتۇر.

## 18

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، مەزكۇر ھادىسە پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىپلاسلىق ۋە ئازابنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ يۈرمەيمىز. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھېلىقى ئاكتىپ كۈچ ــ زوراۋان سەنئەتكارنىڭ ئەسىرىنى تېخىمۇ ئالاھىدە قىلغان، زوراۋان تەشكىلىنى دۆلەت قۇرۇشقا ئۈندىگەن كۈچتۇر. شۇنىڭدەك بۇنداق كۈچ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىچىگە،

كىچىك، تار، چېكىنىش يۈنىلىشىگە يۈزلەنگەن، گېيوتىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «كۆكرەكتىكى ئېزىتقۇ قەسىر» دە تۇرىدىغىنى دەل مۇشۇنداق ئەركىنلىك ئېنستىنكتى ئىدى، مېنىڭ گېپىم بويىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق ئىرادىسى ۋىجدان ئازابىنى ياراتقان، ئىنكار قىلىنغان غايىنى تىكلىگەن. شۇڭا، يېڭىلىق ياراتقان، شەپقەتسىز تەبىئەت كۈچى قۇراشتۇرۇپ چىققان ماتېرىيال ئادەمنىڭ ئۆزى، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھايۋانلىقىنىڭ ئۆزىدۇركى، باشقا نەرسە ئەمەس، باشقىسى تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئادەتتىن تاشقىرى ئادەمدۇر. بۇنداق سىرلىق ئۆزىگە ئۆزى زوراۋانلىق قىلىش، بۇنداق سەنئەتكارنىڭ شەپقەتسىزلىكى، بۇنداق ئۆزىنى سالماق، تەرسا، ئازابلىق نەرسە قىلىۋېلىش ئارقىلىق تۇراقلاشتۇرغان ھۇزۇر — ئىرادە، تەنقىد، قارىمۇقارشىلىق ۋە كەمسىتىشنى ئۆزىگە تېڭىۋالغان ھۇزۇر، ئۆزىنىڭ روھى قىلغان بۇنداق قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك ئىستەكنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىش، بۇنداق ئازابنى بويسۇندۇرۇپ ھۇزۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئازابلىنىشقا ئۈندەيدىغان خىزمەت، بۇنداق ساپ تەشەببۇسكار «ۋىجدان ئازابى» ئەڭ ئاخىرى — بىز ئاللىبۇرۇن قىياس قىلىپ بولغانىدۇق — ئىدىئال ۋە تەسەۋۋۇري ئىشلارنىڭ ھەقىقىي بالىياتقۇسى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ كۆپ مىقداردىكى يېڭى، ئۆزگىچە گۈزەللىك ۋە مۇئەييەنلىكنى تۇغقان، ھەتتا گۈزەل تەننى تۇغقان... ئەگەر گۈزەللىكنىڭ قارىمۇقارشىسى ئاۋۋال ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولمىغان، سەتلىك ئاۋۋال ئۆزىگە: «مەن سەت» دېمىگەن بولسا، نېمە گۈزەل بولاتتى؟ بۇ ئەڭ بولمىغاندا سىرلارنى يېشىشكە ياردىمى تېگىدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى، خالىسلىق، شەخسنى ئىنكار قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئوخشاش بۇنداق قارىمۇقارشى ئۇقۇملارنىڭ بىر خىل غايە، بىر خىل گۈزەللىكتىن بېرىدىغان ئىشارىتىدۇر. كىتابخان بىردىنلا شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇكى، مەن خالىس

ئادەم، شەخسىيەتنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان ئادەم ھېس قىلىدىغان ھوزۇرنىڭ باشتىلا بىر خىل شەپقەتسىز ھوزۇر بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن. «شەخسىيەتسىزلىك»تىن ئىبارەت بۇنداق ئەخلاق قىممىتىنىڭ مەنبەسى ھەم بۇنداق قىممەت ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراقنىڭ چېگراسىنى بېكىتىش توغرىسىدا، ئاۋۋال شۇلارنى دەپ قويايكى، ۋىجدان ئازابى، ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاش ئىرادىسى — پۈتكۈل شەخسىيەتسىزلىك قىممىتىنى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلىگەن.

## 19

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ۋىجدان ئازابى بىر خىل كېسەل، ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى ئۇ ھامىلىدارلىقىلا ئوخشايدىغان كېسەلدۇر. ھازىر بىز بۇنداق كېسەل يېتىدىغان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قورقۇنچلۇق باسقۇچنىڭ شەرتىنى ئىزدەيمىز. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئۇنىڭ ئەسلىدە قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىدۇر، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر تىنىقتىلا بۇنى دەپ بولغىلى بولىدۇ، بىز ئالدى بىلەن يەنىلا ئىلگىرى تىلغا ئالغان نۇقتىئىينەزەرگە قايتىشىمىز كېرەك. قەرزدار بىلەن ئۇنىڭ ئىگىدارى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدلىيەلىك مۇناسىۋەت خېلى بۇرۇنلا بىر تېمىغا ئايلىنىپ بولغان، ھازىر ئۇ يەنە بىر قېتىم، ھەتتا تارىخىي خاراكتېرلىك دىققەت ۋە تەپەككۇرنى قوزغاش شەكلىدە، ئېھتىمال بىزدەك ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئەڭ چۈشىنەلمەيدىغان مۇناسىۋەتكە، يەنى ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە — بىز قەدىمكى دەۋرلەرنى دەۋاتىمىز — ھەربىر ئەۋلاد، يېڭى ئادەم ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بىر ئەۋلادنى ئېتىراپ قىلغان، بولۇپمۇ قەبىلىنىڭ ئەڭ

دەسلەپكى ئاساسچىلىرى بىر خىل قانۇن مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان (بۇ ھەرگىزمۇ بىر خىل ھېسسىيات رىشتىسى ئەمەس، گەرچە بىز ھازىر بۇنداق رىشتىنىڭ ئىنسانلار تارىخىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئاساسسىز ھالدا ئىنكار قىلالمىساقمۇ). ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەت ئادەمزاتنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قۇربانلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىقلا داۋاملىشالايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، بۇلار قۇربانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشقا موھتاج ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر زىممىسىدە بىر خىل قەرزنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ھەتتا قەرز داۋاملىق كېڭەيگەن، چۈنكى كۈچلۈك روھ سۈپىتىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەجدادلار ئۆز كۈچى ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى يېڭى ئېتىبار ۋە ئالدىن قەرز بېرىلىدىغان يېڭى تۈرلەر بىلەن تەمىنلەشنى توختاتمىغان. بىكارغىمۇ؟ شەپقەتسىز، «روھ نامرات» دەۋردە، ھېچقانداق نەرسە ھەقسىز ئەمەس ئىدى. قانداق قىلغاندا بۇ نەرسىلەرنى تۆلىگىلى بولىدۇ؟ نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرى (باشتا ئەڭ تۆۋەن چۈشىنىش ئىقتىدارى بويىچە ئۇلارنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەن)، بايرام، مۇزىكا، ئىبادەت قىلىش، بولۇپمۇ بويسۇنۇش ئارقىلىق تۆلىگىلى بولاتتى. بويسۇنۇشقا كەلسەك، بۇ ئەجدادلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا بەلگىلىمە ۋە بۇيرۇق سۈپىتىدە سىڭدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىدى. بىراق، كىشىلەر بۇ مەسىلىنى قەرز ھېسابلىغانمۇ - ھېسابلىمىغانمۇ؟ بۇنىڭدا گۇمان بار، ھەتتا گۇمان بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، ئۇ چاغدا ھەق - ناھەق سۈرۈشتۈرۈلمەيلا، مەجبۇري ھالدا ئىنتايىن زور تۆلەم تەدبىرى يولغا قويۇلۇپ، مەلۇم غايەت زور سومىلىق بەدەل «ئىگدار»غا تۆلەنگەن، مەسىلەن، ئەڭ مەشھۇر بولغىنى چوڭ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشتۇر، بۇ قان، ئادەمنىڭ قېنىغۇ! بۇ لوگىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلار ھەم

ئۇلارنىڭ ھوقۇقىدىن قورقۇش، ئەجدادلارغا بولغان قەرزدارلىق ئېڭى چوقۇم قەبىلە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاشقان؛ قەبىلە غەلىبە قىلىپ، مۇستەقىل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، كىشىلەرنى قورقۇتقانسېرى ئەجدادلىرىدىن قورقۇش ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى ئېشىپ بارغان، ئەكسىچە بولسىمۇ شۇنداق! قەبىلىنىڭ ھەربىر زاۋاللىقى، ھەربىر ئويلىمىغان خاتالىق، ھەربىر چېكىنىش، ھەربىر پارچىلىنىشنىڭ ئالامىتى ھامان قەبىلىنىڭ ئەجداد روھىدىن قورقۇشىنى ئازايتىپ، قەبىلىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ پاراستى، ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە ئەمەلىي كۈچىگە قارىتىلغان باھانى تۆۋەنلەتكەن. بۇنداق يۈزەكى لوگىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خۇلاسىسى شۇكى، ئەڭ قۇدرەتلىك قەبىلە ئەجدادلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز زورايتىلغان ۋەھىمىسىنى، بىر گىگانت ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى ۋەھىمىلىك، چۈشىنىكسىز ئىلاھنىڭ كۆلەڭگىسىگە قايتۇرۇلغان — ئەجدادلار ئەڭ ئاخىر قېچىپ قۇتۇلغۇسىز رەۋىشتە ئىلاھقا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئىلاھلارنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ۋەھىمىنىڭ مەنبەسى بولسا كېرەك!... ئەگەر كىمكى گېپى كەلگەندە تولۇقلاپ: «تەقدىم قىلىشنىمۇ مەنبە قىلغان!» دېسە، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تەرەققىياتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى ئىنتايىن قىيىن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، بۇ مەزگىلدە ئالىيجاناب ئىرق پەيدا بولغان، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى — ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىغا (ئۇلار قەھرىمان بولسىمۇ، ئىلاھ بولسىمۇ) تىنىمسىز رەۋىشتە پۈتكۈل پەزىلەتلەرنى تۆلەپ بولغان، بۇ پەزىلەتلەر ئىنتايىن روشەن ھالدا ئۇلاردا بار ئىدى، بۇ پەزىلەتلەر ئالىيجانابلىق پەزىلەتلىرىدۇر. كېيىن بىز يەنە ئىلاھلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىشىشى ۋە «يۈكسەكلىشىشى» (بۇ

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ «مۇقەددەسلىشىشى» گە ئوخشىمايدىغان ئىشتۇر) نى كۆرىمىز، ئەمما، بىز ئاۋۋال بۇ قەرزدارلىق ئېڭى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ئاخىرلاشتۇرايلى.

## 20

تارىخ بىزگە شۇنداق تەلىم بېرىدۇكى، ئادەمنىڭ ئىلاھقا قەرزدارلىق ئېڭى، «ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى»نىڭ قانداشلىق تەشكىلىي شەكلى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىنمۇ يوقالمىغان. ئىنسانلار قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «ياخشى ۋە يامان» ئۇقۇمىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تەبىقىگە ئايرىش توغرىسىدىكى پىسخىك خۇمارىغا ۋارىسلىق قىلغاندەك، قەبىلە ئىلاھلىرى ۋە ئىرق ئىلاھلىرىنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەرز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ۋە ئەڭ ئاخىر قەرز قايتۇرۇش ئۈمىدىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان (جان سانى كۆپ قۇللار ۋە يانچىلار ياكى مەجبۇرلىنىش ياكى بويسۇنۇش ۋە ياكى دوراش ئارقىلىق غوجايىنلىرىنىڭ نەزىرلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار بىر يولغا ئايلانغان، بۇ مىراسلار ئۇلار ئارقىلىق تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغان). بۇنداق ئىلاھقا قەرزدارلىق تۇيغۇسى داۋاملىق بىرنەچچە ئەسىر تەرەققىي قىلغان، ئۇ ھەمىشە ئادەمنىڭ ئىلاھ توغرىسىدىكى ئۇقۇمى ۋە ئىلاھ توغرىسىدىكى ھېسسىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان، ھەتتا يۇقىرى چوققىغا يەتكەن (ئىرقىي ئۇرۇش، ئىرقىي زەپەر، ئىرقىي يارىشىش ۋە بىرىكىشنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا كەلسەك، بۇلار پۈتكۈل ئىرقلار ئەڭ ئاخىر ئىرقلارنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىغا كىرىشتىن ئاۋۋال يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر، ھەممىسى ئىلاھقا ئائىت مەنبەلەر تەلىماتىدىكى قالايمىقانچىلىقتا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش، غەلىبە ۋە يارىشىش توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دۇنياۋى

خاراكتېرلىك ئېمپىرىيەگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمۇ ھامان دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەڭرىگە قاراپ ئىلگىرىلەش بولغان، مۇستەبىتلىك ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئاقسۆڭەكلىرى ئارقىلىق مەلۇم خىل شەكىلدىكى بىر تەڭرىلىك نەزەرىيەسىنى بويسۇندۇرۇپ، يولنى تەكشىلىگەن). بۇگۈنگىچە بولغان «ئەڭ يۇكسەك ئىلاھ» سۈپىتىدىكى خىرىستىيان دىنى تەڭرىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ دۇنيادا قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ «ئەڭ»لىرىنى پەيدا قىلغان. بىز ئەڭ ئاخىر كىرىپ قالغان قارشىلىق ھەرىكىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا خىرىستىيان دىنى تەڭرىسىگە بولغان ئېتىقادنىڭ ئاجىزلىقىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ قەرزدارلىق ئېڭى مۇناسىپ رەۋىشتە ئاجىزلاپ كەتتى. دۇرۇس، بىز شۇنداق بىر كەلگۈسىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەككى، ئاتېئىزمنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئىنسانلارنى ئۆزىدىن ئاۋۋالقىلارغا، ئېپتىداسىغا قارىتىلغان ئومۇميۈزلۈك قەرزدارلىق تۇيغۇسىدىن ئازاد قىلىدۇ. ئاتېئىزم بىر خىل شەكىلدە «ئىككىنچى قېتىملىق بىگۇناھلىق»قا ئوخشاشلا كەلگۈسىگە مەنسۇپتۇر.

## 21

«گۇناھكارلىق» ۋە «مەجبۇرىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇملار بىلەن دىني قىياسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئاۋۋال بۇ يەردە قىسقىچە توختىلاي. مەن بۇ ئۇقۇملار باشتىن كەچۈرگەن ئەخلاقلىشىش جەريانىنى مەقسەتلىك تىلغا ئالمايمەن، ئۇ بىزنى ۋىجدان مەسىلىسىگە قايتۇرىدۇ، ھەتتا چوقۇم ۋىجدان ئازابى ۋە ئىلاھ ئۇقۇملىرىغا باغلاپ قويىدۇ. مەن ئالدىنقى مەزمۇننىڭ خاتىمىسىدىن كۆردۇمكى، بۇنداق ئەخلاقلىشىش جەريانى بولۇپ باقمىغاندەك قىلىدۇ، ۋەسسالام، ھازىر بۇ ئۇقۇملارنى مۇھاكىمە

قىلمىشنى توختىتىشىم كېرەك، چۈنكى بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئالدىنقى شەرتى — بىزنىڭ ئىگىدارىمىزغا، يەنى تەڭرىگە بولغان ئېتىقادنىڭ ئاللىقاچان غۇلاپ چۈشكەنلىكىدۇر. قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، ئەمەلىي ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ يامان. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۆزىنىڭ قەرزنى تەن ئېلىش ۋە مەجبۇرىيەت ئۇقۇملىرىنى ئەخلاقلاشتۇرۇشقا ئىش قوشۇپ، بۇ ئۇقۇملارنى ۋىجدان ئازابىغا قايتۇرۇش تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بۇرۇلماقچى ياكى ئەڭ بولمىغاندا تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرا يولىدا بىر پەس توختىۋالماقچى بولغان. هازىر بىر يولىلا قەرز قايتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇنداق كەلگۈسىگە سوغۇق سۇ سېپىپ، ئادەمنىڭ تۆمۈر توغرىسىدىكى ئىشقا ئاشمايدىغان دىققىتىنى يوقىتىپ، بۇ دىققەتنى چىققان يېرىگە تىقمۇيتىمىز؛ هازىر قەرزنى زىممىسىگە ئېلىش ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنى بۇراش كېرەك، لېكىن بۇنى كىمگە قارىتىمىز؟ ئەلۋەتتە، ئاۋۋال «قەرزدار»غا قارىتىش كېرەك، چۈنكى ۋىجدان ئازابى نۆۋەتتە ئۆز ۋۇجۇدىغا يىلتىز تارتىپ، ئۆزىنى چىرىتمەكتە، ئۆزىنى كولدۇرلاتماقتا، ھەتتا راكتا ئوخشاش كېڭەيمەكتە ۋە چوڭقۇرلىماقتا، ئەڭ ئاخىر ئۇنىڭغا ئېرىشتۇرىدىغان خۇلاسىگە شۇنداق قارايدۇكى، قەرزنى زىممىسىگە ئېلىش قايتۇرۇشقا ئامالسىزلىق بولغاچقا، گۇناھىدىن ساقىت بولۇشمۇ بىھۇدە، بۇنىڭدىن جىنايەتنى يۇغىلى بولماسلىق ئىدىيەسى، يەنى «مەڭگۈلۈك جازا» ئۇقۇمى شەكىللەنگەن. بىراق، نەتىجە يەنە تىغ ئۇچىنى «ئىگىدار»غا قاراتتى، هازىر كىشىلەر ئادەمنىڭ ئىپتىداسىنى، ئادەمزاتنىڭ مەنبەسىنى، ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى (مەسىلەن، «ئادەم»، «ئەسلىي گۇناھ»، «بوغۇلغان ئىرادە»)غا، تەبىئەتكە لەنەت ئوقۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا رەزىللىك («ئىبلىس تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن

تەبىئەت»)نى مۇجەسسەملىگەن، ھەتتا تاكى بىز زىددىيەتلىك، ۋەھىملىك جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرىنىڭ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆرە تۇرغانغا قەدەر، ھازىر قىممىتى يوق دەپ قارىلىدىغان بارلىق (نوھىلىزمچە بارلىقتىن يىراقلىشىش، بۇددىزمدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يوقلۇقنى ئۈمىد قىلىش ياكى ئۇنىڭ «قارشى تەرىپى»، يەنى باشقا بىر خىل شەكىلدىكى «بارلىق»)قا لەنەت ئوقۇيدۇ. خىرىستىيان دىنىنىڭ بۇ قالتىس تەدبىرى ئازابقا دۇچار بولغان ئىنسانلارغا ئازراق تەسەللى تېپىپ بەردى — تەڭرى ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان. تەڭرى ئۆزىنىڭ بەدىلىنى ئۆزى تۆلەيدۇ، پەقەت تەڭرىلا ئادەمنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان قەرزلىرىنى قايتۇرالايدۇ — ئىگىدار ئۆزى خالاپ قەرزدارى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان، بۇ مۇھەببەتنى (ئادەمنى ئىشەندۇرەلەمدۇ؟)، يەنى ئۆز قەرزدارىغا بولغان مۇھەببەتنى چىقىش قىلغان...

## 22

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، كىتابخانلار بۇ تەلىملەرنىڭ كەينىدە زادى نېمىلەر يۈز بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى — بۇ دەل ئازاب ئىرادىسىنى ئىزدەش، چېكىنىپ كەتكەن شەپقەتسىزلىكنى ئىزدەشتۇر. ئىچكىلىشىپ، قورقۇنچتا ئۆزىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن ھايۋان — ئادەم — «دۆلەت»كە تەقىب قىلىنىش ئارقىلىق كۆندۈرۈلگەن مەھبۇس، تەبىئىي رەۋىشتە ئازاب يارىتىپ قويۇۋېتىش ئىستىكى توسۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، يەنە ۋىجدان ئازابىنى كەشىپ قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئازاب ياراتقان. مانا مۇشۇ ۋىجدانى ئازابلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ چېكىنگەن شەپقەتسىزلىكىنى ئىشقا سېلىپ دىنىي قىياسلارنى چاڭگاللاپ، ئۆزىدىكى ئۆزلۈك

ئازابىنى قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتكۈزگەن. تەڭرىگە قەرزدارلىق قارىشى ئۇنىڭ جازا قورالىغا ئايلانغان، ئۇ تەڭرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ چىن، تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ھايۋانلىق ئىنستىنكتىغا[1] قارىمۇقارشى بولغان نەرسىلەرنى بايقىغان. ئۇنىڭ بۇنداق ھايۋانلىق ئىنستىنكتىنى كۆرستىشى ئۇلارنى تەڭرىگە قەرزدارلىقنىڭ ئىسپاتى قىلىش، تەڭرىدىن قىساس ئېلىش، تەڭرىنى رەت قىلىش، «ئىگىسى»دىن يۈز ئۆرۈش، «ئاتا» دىن يۈز ئۆرۈش، ئەجدادلىرى ۋە پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈشنىڭ پاكىتى قىلىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «تەڭرى» ۋە «ئالۋاستى»نىڭ قارىمۇقارشىسىغا قويغان. ئۇ ھەممىنى، يەنى ئۆزلۈكىنى، تەبىئەتنى، ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە چىنلىقىنى ئىنكار قىلغان؛ ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىن قازغان نەرسىلەرنى بىر خىل مۇئەييەنلىك، مۇمكىن بولىدىغان، چىن، جانلىق نەرسە، تەڭرى، تەڭرىنىڭ سوتى، تەڭرىنىڭ جازاسى، باقىي دۇنيا، مەڭگۈلۈك، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئازاب، دوزاخ، مەڭگۈلۈك جازا ۋە مۆلچەرلىگۈسىز قەرز ھېسابلىغان. بۇنداق روھ شەپقەتسىزلىكى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىرادىنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىدۇر — ئادەم ئۆزىنى قەرزدار، چاكىنا، قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراشنى خالايدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ جازاغا ئۇچرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى، ھەتتا جازانىڭمۇ ئۇنىڭ قەرزىنى تۈگىتەلمەسلىكىنى خالايدۇ؛ ئۇ قەرزىنى زىممىسىگە ئېلىش ۋە جازادىن ئىبارەت قىيىن تېما ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ يىلتىزىنى بۇلغاپ، ئۆزىنىڭ بۇ «بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە سىرلىق ئوردىسى»دىن چىقىدىغان چىقىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشنى خالايدۇ؛ ئۇ بىر خىل غايە، بىر خىل «مۇقەددەس

---

① ئىنستىنكت (Instinct, 本能) مەلۇم بىر جانلىق تۈرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىدا بولىدىغان تىپىك، ئۆلۈك ھالەتتىكى، ئالاھىدە غىدىقلىنىشقا دۇچ كەلگەندە بىر خىل مۇقىم ئەندىزىدە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان ھەرىكەت شەكلىدۇر. بۇ ئۇقۇم يەنە جانلىق ئورگانىزملاردىكى تەبىئىي ھەم ئىرسىي يۈزلىنىش، قوزغىلىش ياكى ئىقتىدارنىمۇ كۆرستىدۇ.

تەڭرى» غايىسى تىكلەپ، بۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ قىلچە قىممىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشنى خالايدۇ. ئاھ! نىرۋىسى كاردىن چىققان، ھەسرەت چېكىۋاتقان يىرتقۇچ ـــ ئادەم! ئۇلارنىڭ ئويى نەقەدەر غەلىتە! ئۇلارنىڭ يىرتقۇچلۇق قەدىمى ئاستا ـ ئاستا توسۇلسا، ئۇلارنىڭ بىنورماللىقى، ئالجوقلىقى، يىرتقۇچ ئىدىيەسى دەرھال پارتلاپ چىقىدۇ! بۇلار ئىنتايىن قىزىقارلىق، بىراق كىشىلەر چوقۇم قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك، كەسكىن مەنئى قىلىنغان، قارا، مەيۇس، نىرۋىسى ئاجىز بىر خىل ئازابلىق نەزەردە بۇ گىردابقا ناھايىتى ئۇزۇن دىققەت قىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ كېسەل ھازىرغىچە كۆرۈلگەن، ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەلدۇر. بۇ ئازاب ۋە ئالجوقلىق كېچىسىدە ياڭرىغان مۇھەببەت چاقىرىقىنى، بۇ مەستۇ ـ مۇستەغرەق چاقىرىقنى، مۇھەببەتتىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەيدىغان چاقىرىقنى كىم ئاڭلىيالايدۇ (ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ بۇلارنى ئاڭلايدىغان قۇلىقى يوق!)، ئۇ يەڭگىلى بولمايدىغان ۋەھىمىدىن يىراقلاشماقتا! ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ قەدەر كۆپ ۋەھىمە بار! دۇنيا ناھايىتى ئۇزۇندىن بۇيان ساراڭلار ساناتورىيەسىگە ئايلىنىپ قالدى!

## 23

بۇ بايانلىرىم «مۇقەددەس تەڭرى»نىڭ مەنبەسىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. گىرېك ئىلاھلىرىنىڭ بىزنى قايىل قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى، ئىلاھ ئۇقۇمىنىڭ بۇنداق كېسەلمەن تەسەۋۋۇردا پەيدا بولۇشى ناتايىن، بۇ بىز نۆۋەتتە ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايدىغان ھادىسە؛ ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئۆزىنى ئۆزى جازالاش (يېقىنقى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ياۋروپالىقلار بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ) تىنمۇ يۈكسەك ئۇسۇللار نۇرغۇن، ئۇلارنى ئىشلىتىپ





ئىلاھ ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى توقۇغىلى بولىدۇ. گىرېك ئىلاھلىرى ئالىيجاناب ھەم ئۆزىگە غوجايىن بولغان ئادەمنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىدۇر. ئۇلاردا ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ھايۋان ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلەشكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى نابۇت قىلمىغان، ئۆزىگە غەزەپلەنمىگەن! بۇ گىرېكلار ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئۆز ئىلاھلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋىجدان ئازابىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قەلبىدىكى ئەركىن شادىمانلىقنى ساقلاپ قالالىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھنى چۈشىنىشى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۆز تەڭرىسىدىن پايدىلىنىش شەكلىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە. بۇ مەشھۇر، جاسارەتلىك چوڭ ئوغۇللار بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئۇزاپ كەتكەندى. ھومېر ئېپوسلىرىدىكى زېۋىستىن قىلىشمايدىغان نوپۇز ئارىلاپ ـ ئارىلاپ شۇنداق كۆرسىتىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن يەڭگىلتەك، بىر قېتىم ئۇ مۇنداق دېگەن (بۇ ئاگېستۇس ھەققىدىكى مىسال، ئىنتايىن ناچار مىسالدۇر):

«ـــ نېمىدېگەن غەلىتە! ھېلىقى ئاددىي كىشىلەر قانداقسىگە بىزنىڭ بۇ ئىلاھلىرىمىزدىن بۇقەدەر يۇقىرى ئاۋازدا ئاغرىنىدۇ!

ـــ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رەزىللىكنىڭ مەنبەسى بىز، بىراق ئۇلار ھېچ نەرسە بىلمىگەنلىكى، تەقدىرگە تەن بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ياراتتى!»

كىتابخان دەرھال شۇنىڭغا دىققەت قىلسۇنكى، بۇ ئولىمپىس كۆزەتكۈچىسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارمۇ مانا مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇلاردىن ئاغرىنمىغان، ئۇلارنى ناھايىتى ناچار دەپ ئويلىمىغان. «ئۇلار نەقەدەر دۆت!» ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ خاتالىقىنى كۆرگەندە مۇشۇنداق ئويلىغان. «دۆت»، «بىلىمسىز»، يەنە بىر ئاز «روھى بىنورمال» ـــ مانا بۇلار ئومۇمىي گۈللىنىش مەزگىلىدىكى گىرېكلار ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇن ناچار ئىشلار ۋە ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ئىدى. دۆت، ئەمما گۇناھكار



ئەمەس!... سىلەر چۈشەندىڭلارمۇ؟ بىراق، روھىي بىنورماللىق ھەقىقىي مەسىلىدۇر. «شۇنداق، بۇنداق ئىش بىزدەك ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق يۈز بېرىپ قالدى؟ بىز قانداش ئاقسۆڭەكلەر، تۇرمۇشى بەختلىك، تەربىيەلىنىشى ياخشى، ئورنى ئېنىق، مىجەزى ئېسىل، پەزىلىتى يۈكسەك ئادەملەردۇرمىزا!» نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى، ھەر قېتىم بىر ئالىيجاناب گىرېك چۈشىنىكسىز شەپقەتسىزلىك ۋە رەزىللىك ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنى بۇلغىسا، باشقا گىرېكلار مۇشۇنداق سوئال سورىغان. كېيىن ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ: «ئۇلارنى چوقۇم بىر ئىلاھ ئەخمەق قىلدى» دېگەن. مانا بۇ تىپىك گىرېكچە ئەگىتمە گەپ، ئەينى چاغدا ئىلاھلار ئادەمنىڭ رەزىللىكىنى مەلۇم دەرىجىدە مانا مۇشۇنداق ئاقلىغان، ئىلاھلار رەزىللىكنىڭ سەۋەبىگە ئايلانغان. ئۇ چاغدا ئادەملەر ئۆزىنى جازالىمايتتى، بەلكى تېخىمۇ ئالىيجاناب ھالەتتە گۇناھكارنى جازالايتتى.

## 24

بۇ بابنى مۇنداق ئۈچ سوئال بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. بەزى كىتابخانلار مەندىن: «سەن بۇ يەردە بىرەر غايە تىكلىدىڭمۇ ياكى بىرەر غايىنى يوق قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. خوش، مەن قايتۇرۇپ سوراپ باقاي، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن قايتا ــ قايتا شۇنى سوراپ باقتىڭلارمۇ، دۇنيادىكى ھەربىر غايىنىڭ تىكلىنىشى قانچىلىك قىممەتلىك بەدەللەرنىڭ تۆلىنىشىگە، قانچىلىك ئىشنى يېپىش ۋە بۇرمىلاشقا، قانچىلىك ۋىجدانىنى قالايمىقان قىلىشقا، قانچىلىك ئىلاھنى قۇربان قىلىشقا موھتاج؟ بىر مۇقەددەس شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۇقەددەس شەيئى يوقىتىلىشى كېرەك، مانا بۇ قانۇنىيەت ــ ئەگەر كىمكى

قانۇنىيەتنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسە، شۇنى ھۆرمەت قىلىمەن. بىز ــ ھازىرقى زامان ئادەملىرى نەچچە مىڭ يىللىق ۋىجدان ئاناتومىيەسى ۋە ھايۋانلارچە ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇق. بۇ جەھەتتە بىز ئۇزۇن مەزگىللىك مەشىققە ئىگە، بۇ ساھەدە بەدىئىي ئىقتىدارىمىزمۇ بولسا كېرەك، ئەدناسى مەلىكىلىك ماھارىتىمىز بار، مانا بۇ بىز ئادەتلەنگەن تەمدۇر. ئادەم «رەزىللىك نەزىرى» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئىي يۈزلىنىشىدە بەك ئۇزۇن ۋاقىت تىمىسقىلىدى، نەتىجىدە بۇ تەبىئىي يۈزلىنىش ئاخىر «ۋىجدان ئازابى» بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بۇ يۈزلىنىشنى ئەسلىگە قايتۇرۇش تىرىشچانلىقى مۇمكىن بولسىمۇ، كىمدە بۇ ئىشنى قىلالىغۇدەك يېتەرلىك كۈچ بار؟ بۇ پۈتكۈل ناتەبىئىي يۈزلىنىشكە، قارشى قىرغاقتىكى دۇنياغا مېڭىش تىرىشچانلىقىغا موھتاج، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنگىچە بولغان غايىلەر، پۈتكۈل دۈشمەنلىك تۇرمۇشى غايىسى، دۇنيانى ۋەيران قىلىش غايىسى، يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىگە باغلاشقا موھتاج. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئارزۇ ۋە تەلەپنى كىمگە دېگىلى بولىدۇ؟... ئاشۇ ياخشى ئادەملەرگىمۇ؟ ــ كىشىلەر دەل ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى تۇرغان ــ ھەر ئىشنى ئۆز يولى بىلەن قىلىدىغانلار يەنىلا سۆرەلمە، چېكىنگەن، شۆھرەتپەرەس، چاكىنا، چارچىغان كىشىلەرمۇ؟ ئادەمنى ئۆزىنى ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈش تىرىشچانلىقىدىنمۇ بەكرەك نومۇسقا قويۇپ، ئۇنى شۇ قەدەر ئۇزۇل ـ كېسىل پەرقلەندۈرۈپ چىقالايدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ ئەكسىچە، بىز باشقا بارچە كىشىلەرگە ئوخشاش ئىش قىلىمىز، باشقىلارغا ئوخشاش «ياشايمىز»، پۈتكۈل دۇنيا يەنە شۇ قەدەر دوستانە بولىدۇ! قارشى يۈنىلىشكە مېڭىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن باشقا بىر روھ كېرەك، بىزنىڭ مەزكۇر دەۋرىمىزدە بۇنداق روھنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۇرۇش ۋە

غەلىبىدە كۆچەيتىلىدىغان، بويسۇندۇرۇش، خېيىم - خەتەر، مۇشەققەت، ھەتتا ئازابنى تەلەپ قىلىدىغان روھتۇر؛ مەزكۇر مەقسەتكە يېتىشتە ئىنتايىن سوغۇق تاغ ھاۋاسىغا، قىشتا سەيلە قىلىشقا، تۇرلۇك مۇزلۇق ۋە تاغلىقلارغا ئادەتلىنىش كېرەك؛ مەزكۇر مەقسەتكە يېتىشتە تەۋەككۇلچىلىك، بىلەلەيدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك، ئۇشبۇ جاسارەت ئۇلۇغ ساغلاملىقنى مەنبە قىلىدۇ؛ قىسقىسى، مەزكۇر مەقسەتكە يېتىشكە كېرەكلىك نەرسە مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ساغلاملىقتۇر! بۈگۈنكى كۈندە، ئادەمدە مۇشۇنداق ساغلاملىق بارمۇ؟

بىراق، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر دەۋردە، بىزنىڭ بۇ چىرىك، گۇمانخور ھازىرقى دەۋرىمىزدىنمۇ قۇدرەتلىك دەۋردە، ئۇلۇغ مۇھەببەت ۋە كەمسىتىشكە ئىگە، دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان، روھ يارىتىدىغان ئادەم يەنە كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى ھېچ يەردە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ؛ ئۇنىڭ تەنھالىقىنى ئادەملەر رېئاللىقتىن قاچقانلىق دەپ خاتا چۈشىنىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە، تەنھالىق ئۇ ئۆزىنى بېغىشلىغان، باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن، خىيال سۈرىدىغان رېئاللىقتۇر، ئۇ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ، يورۇقلۇقنى قايتا كۆرگەن ھامان، رېئاللىقنى پۈتكۈل غايىلەر ئۇنىڭغا تاڭغان لەنەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. كەلگۈسىدىكى بۇ ئادەم بىزنى بۈگۈنگىچە بولغان پۈتكۈل غايىمىزدىن مانا مۇشۇنداق قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ - دە، بىز غايىنىڭ تۇغۇندىلىرىدىن، ئۇلۇغلۇقنىڭ رەزىللىكلىرىدىن، يوقلۇق ئىرادىسىدىن، نېھىلىزمدىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز. مانا بۇ چىڭقچۈشتىن خەۋەر بېرىدىغان داڭ ئاۋازى، ئىرادىنى قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ، زېمىننى قايتىدىن نىشانغا ئىگە قىلىپ، ئادەمگە قايتىدىن ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئۇلۇغ قاراردۇر، مانا بۇ خىرىستىيانىزمغا قارشى، نېھىلىزمغا

قارشى، تەڭرى ۋە يوقلۇقنى يەڭگۈچى ئادەمدۇر — ئۇ هامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدۇ.

**25**

مەن يەنە نېمە دەيمەن؟ بەس! بەس! ئەمدى سۈكۈت قىلىشىم كېرەك، بولمىسا باشقا بىر ئادەمگىلا مەنسۇپ بولغان هوقۇقنى تارتىۋالغان بولۇپ قالىمەن، ئۇ مەندىنمۇ ياش، مەندىنمۇ كۈچلۈك، مەندىنمۇ «بەكرەك كەلگۈسىنىڭ ۋەكىلى»دۇر، بۇ هوقۇق زوروئاستىرغا — تەڭرىسىز زوروئاستىرغا مەنسۇپ.



# ئۈچىنچى باب

## تەركىدۇنياچىلىق غايىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ

پەرۋاسىزلىق، مەسخىرىۋازلىق، زوراۋانلىق — مانا بۇلار ئەقلىنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى، ئەقىل بىر ئايالدۇر، ئۇ مەڭگۈ جەڭچىلەرنى سۆيىدۇ.

— «زورۇئاستىر شۇنداق دەيدۇ»دىن

### 1

تەركىدۇنياچىلىق غايىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ سەنئەتكارلارنىڭ نەزەرىدە، بۇ ھېچنېمىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ياكى نۇرغۇن نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ پەيلاسوپلار ۋە ئالىملارنىڭ نەزەرىدە، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆزىتىش ۋە بىۋاسىتە ھېس قىلىشقا ئىنتايىن پايدىلىق مۇھىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئاياللارنىڭ نەزەرىدە، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ناھايەت بىر خىل سۆيۈملۈك يەمچۈك، گۈزەل تەندىكى بىر تال نۇر، بىر خىل گۈزەل، سېمىز ھايۋاننىڭ روھىدۇر؛ فىزىيولوگىيەلىك كەمتۈكلۈكى بار ياكى جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئادەمنىڭ نەزەرىدە، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۆزىنى بۇ دۇنيادىن «يۇكسەكلىتىش»كە ئۇرۇنالايدىغانلىقىدىن، بىر خىل مۇقەددەس شەكىل پەيدا قىلىغان ئازادىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۇلارنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك ئازاب ۋە

زېرىكىش بىلەن كۆرەش قىلىدىغان ئاساسلىق قورالىدۇر؛ دىندارلارنىڭ نەزىرىدە، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى، ئەڭ ئاخىرقى شان ـ شەرىپى ئۇمىدى، يوقلۇق («تەڭرى») تا خاتىرجەملىك تېپىشى، ئەسەبىيلىشىش شەكلىدۇر. تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇ قەدەر كۆپ نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ يەردە نامايان بولىدىغان ئاساسىي پاكىت ئادەمنىڭ ئىرادىسى، ئادەمنىڭ مەنىسىزلىك توغرىسىدىكى ۋەھىمىسىدۇر. ئادەمگە بىر نىشان كېرەك، ئادەمنىڭ يوقلۇققا ئىنتىلىشى مۇنداقچىلا بىر ئىنتىلىش ئەمەس. گېپىمنى چۈشەندۈرەلىدىمۇ؟ «ئازراقمۇ چۈشەنمىدىم! ئەپەندىم!» ئۇنداقتا، بىز باشتىن تارتىپ سۆزلەيلى.

## 2

تەركىدۇنياچىلىق غايىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭغا يەنىلا بىر ئەمەلىي مىسالنى كەلتۈرەي. مەسىلەن، ئادەتتە كىشىلەر مەندىن مۇنداق سورايدۇ: رىچارد ۋاگنېر[①] غا ئوخشاش بۇنداق سەنئەتكارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىپپەتكە چوقۇنۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شۇنداق قىلغان، پەقەت ئاخىرقى ئۆمرىگە كەلگەندىلا، ئۇنىڭدىكى ئىپپەتكە چوقۇنۇش تەركىدۇنياچىلىق مەنىسىگە ئىگە بولۇشقا باشلىغان. «سەزگۈ ئەزالىرى»دىكى بۇنداق بۇرۇلۇش، فۇنكسىيەدىكى بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ۋاگنېر مۇشۇ جىددىي ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن بىۋاسىتە ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىگە سەكرىدى. ئەگەر بىر سەنئەتكار ئۇشتۇمتۇت ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كەتسە، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟...

① ۋېلھېلىم رىچارد ۋاگنېر (Wilhelm Richard Wagner، 1813 ــ 1883)، گېرمانىيەلىك مۇزىكانت، كېيىنكى رومانتىزملىق ئوپېرا مۇزىكىلىرى ئېقىمىنىڭ باشلامچىسى. ۋاگنېر بىلەن نىتچې يېقىن دوستلاردىن ئىدى، كېيىن ئىككىيلەن پىكىر ئىختىلاپى سەۋەبىدىن ئايرىلىپ كەتكەن.

قارىغاندا بىز بۇ مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىساق، ۋاگنېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ساغلام، ئەڭ ھاياجانلىق، ئەڭ قەيسەرلىك ئېھتىماللىقى بولغان چاغنى ئەسلىسەك بولغۇدەك، شۇ چاغدا لۇتېرنىڭ توينى ئويلىسىلا، ئۇ قەلبىنىڭ تېرەنلىرىدە نومۇس قىلاتتى. قانداقتۇر بىر تاسادىپىي توغرا كېلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئەسلىتىپ تۇرىدىغىنى مەزكۇر توي مۇزىكىسى ئەمەس، بەلكى مەشھۇر ناخشا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ ناخشىدا بىرنەچچە خىل توي مۇزىكىسىنىڭ ئەكس ساداسى بولۇش ئېھتىماللىقىنى كىم بىلگەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ «لۇتېرنىڭ تويى»دىمۇ ئېپپەتكە مەدھىيە ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە شەھۋەتمۇ مەدھىيەلىنىشى كېرەك ئىدى — مېنىڭچە، مۇشۇنداق بولغاندا لوگىكىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا تېخىمۇ «ۋاگنېرچە»لىشىدۇ، چۈنكى ئېپپەت بىلەن شەھۋەت ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر قارىمۇقارشىلىق يوق. پېشانىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ھەربىر ياخشى نىكاھ، ھەربىر سەممىي مۇھەببەت بۇنداق قارىمۇقارشىلىقتىن ھالقىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ۋاگنېرنىڭ قىلغىنى توغرا، ئۇ گۈزەل، جەسۇر ھەم باتۇر بىر خىل لۇتېرچە مېلودىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گېرمانىيەلىك قېرىنداشلىرىغا يەنە بىر قېتىم كىشىنى خۇشال قىلىدىغان رېئاللىقنى ئەستە ساقلاتتى، چۈنكى ھازىرمۇ، ئۆتمۈشتىمۇ گېرمانلار ئارىسىدا ھامان نۇرغۇن شەھۋەتتىن زەخىملەنگەنلەر بولغان، لۇتېرنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى ئۆزىدىكى شەھۋەتنى يېڭەلمىگەنلىكى بولسا كېرەك (ئەلۋەتتە، كىشىلەر ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن شەھۋەتنى «ئىنجىل ئەركىنلىكى» دەپ ئاتىشىدۇ). ئېپپەت بىلەن شەھۋەت ھەقىقەتەن قارىمۇقارشى بولغان دەۋردە، بۇنداق قارىمۇقارشىلىقنىڭ ھېلىمۇ ياخشى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تىراگېدىك بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، ئەڭ بولمىغاندا كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر شۇنداق قارايتتى، ئۇ چاغدا ئۇلار



ئۆزىنىڭ «ھايۋان بىلەن پەرىشتە» ئوتتۇرىسىدىكى تۇراقسىز باراۋەرلىكىنى مەۋجۇتلۇقتا قارشى تۇرۇشنىڭ سەۋەبى ھېسابلاشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكىلەر، مەسىلەن، گېيوتې[1] ۋە ھافىز[2] بۇنداق باراۋەرسىزلىكتىن بىر خىل ھاياتلىق سېھرىي كۈچىنى كۆردى، مانا مۇشۇ «زىددىيەت» كىشىلەرنى مەۋجۇتلۇققا قىزىقتۇردى... بۇنىڭدىن سىرت، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بەختسىز چوشقىلار ئىپپەتكە چوقۇندۇرۇلسا — ھەقىقەتەن شۇنداق چوشقىلار بار! — ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئەكسىنى — بەختسىزلىككە چوقۇنغان چوشقىلارنىڭ ئەكسىنى كۆرىدۇ. ئاھ، ئۇلار نەقەدەر تىراگېدىيىلىك خارتىلدايدۇ ۋە قىزغىنلىق بىلەن چوقۇنىدۇ - ھە! تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، رىچارد ۋاگنېر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىمۇ يەنىلا مۇزىكىغا، سەھنىگە يۆتكەلگەن قارىمۇقارشىلىققا بۇ قەدەر ئازابلىق، لاۋزا قارىمۇقارشىلىقنى كىرگۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىراق، بىزنىڭ بىر سوئال سورىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىلەر، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ ئاشۇ چوشقىلار بىلەن ئۇنىڭ ۋە بىزنىڭ بىرەر ئالاقىمىز بارمۇ؟

## 3

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىدىن ئەگىپ ئۆتەلمەيمىز: ئۇنىڭ ئاشۇ ئەرەنچە (ئاھ! شۇ قەدەر زەيىپانىلىشىپ كەتكەن)

① يوھان ۋولفگاڭ ۋون گېيوتې (Johann Wolfgang von Goethe، 1749 — 1832) گېرمانىيەلىك شائىر، تەبىئىي پەن ئالىمى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەچىسى ۋە سىياسىيون، ۋېيمار كىلاسسىزمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» (1774)، «فائوست» (1790) قاتارلىقلار بار.

② ھافىز يەنى خوجا ھافىز شىرازى (ئەسلىي ئىسمى شەمسىددىن مۇھەممەد، 1320 — 1389) ئىرانلىق لىرىك شائىر. ئىسپاھاندا سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كېيىن پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شىرازغا كۆچۈپ بارغان. ئۇ نەچچە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان 500 پارچىدىن ئارتۇق غەزەلى پارس لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىلىدۇ. 18 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، گېيوتې قاتارلىق شائىرلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.



«سەھەرالىق تومپاي»، ئاشۇ بىچارە، ئاشۇ ئاددىي ـ ساددا ياش، ئاشۇ ئەڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەڭ نومۇسلۇق ۋاستىسى تەرىپىدىن كاتولىك دىنى مۇرىتىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن پارسىفال (نېمە؟ بۇ پارسىفال ھەقىقەتەن كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتىغا ئايلىنىپ كېتىپتىمۇ؟) بىلەن بىرەر ئالاقىسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، بىز رىيئاللىق بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى دادىل تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، ھەتتا شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ ۋاگنېرچە پارسىفالنىڭ يېنىك خۇشاللىقىنى، تىراگېدىيەچى ۋاگنېرنىڭ سالاھىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قىسىم ياكى تىراگېدىيە خاتىمىسىنى، ۋاگنېر بىز بىلەن خوشلىشىشتا، ئۆزى بىلەن خوشلىشىشتا، بولۇپمۇ تىراگېدىيە بىلەن خوشلىشىشتا ئىشقا سالغان شەكىللەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، ھەتتا ئۈمىد قىلىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋاگنېر تىراگېدىيە روھىنى، ئۆتمۈشتىكى پۈتكۈل قورقۇنچلۇق پانىي دۇنيا ئەستايىدىللىقى ۋە پانى دۇنيا قايغۇسىنى، ئەڭ قوپال تەبىئەتكە قارشى تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىپ، بۇنداق بەتقىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ھەممىدىن خوشلاشماقچى بولدى. ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قىلغان بولسا، بۇ بىر ئۇلۇغ تىراگېدىيە يازغۇچىسىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كېلەتتى. بىر سەنئەتكار ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ سەنئىتىگە ئېگىشىپ قاراشنى، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ شان ـ شەرەپ چوققىسىغا چىقالىشى مۇمكىن. ۋاگنېرنىڭ «پارسىفال»① ى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى سىرلىق ئوڭايسىزلىقنى مەسخىرە قىلغانلىقىدىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەڭ ئاخىرقى سەنئەتكارلىق ئەركىنلىكى، سەنئەتكارلىقنىڭ باقىيلىقىدىكى چوققىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ مەن ئېيتقانىدىم، بىز مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد

① ۋاگنېرنىڭ 1882 ـ يىلى يازغان ئوپېراسى.

قىلمىز، بۇنداق بولمىسا، ئەستايىدىل، ئىخلاسمەن پارسىفالنى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنى (كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتقىنىدەك) «ئەسەبىي قىساسكارلىق بىلىمىنىڭ، روھىنىڭ ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى» دەپ قارىشى زۆرۈرمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن توختىماي سەزگۈ ئەزالىرى ۋە روھنى قارغىغانمىدۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن خىرىستىيان دىنىنىڭ كېسەللىك ھالىتىگە ۋە جاھالەتچىلىككە قايتىش غايىسىگە ئاسىيلىق قىلغانمىدۇ؟ ياكى ئۇ بىر سەنئەتكارنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزلۈكنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۆزلۈكنى يوقىتىشىغا ۋەكىللىك قىلامدۇ؟ بىر ئۆمۈر بۇنىڭ ئەكسىچە نەرسىگە ئىنتىلگەن، بىر ئۆمۈر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ سەنئىتىنى — بۇ ئۇنىڭ سەنئىتىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ھاياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — يۇكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋىلىشىش ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى شەھۋەتلىشىشكە يەتكۈزگەن سەنئەتكارنىڭ ئۆزلۈكىنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۆزلۈكىنى يوقىتىشىمۇ؟ بىز ئەينى يىللىرى ۋاگنېرنىڭ پەيلاسوپ فېيېرباخ[①]نىڭ قەدىمىگە قانداق ئەگەشكەنلىكىنى ئەسلەپ باقايلى، فېيېرباخ ئېيتقان «ساغلام شەھۋەت» 30 ـ يىللار ۋە 40 ـ يىللاردىكى ۋاگنېرنىڭ ئەجدادلىرى بولمىش نۇرغۇن گېرمانىيەلىكلەر (ئۇلار ئۆزىنى «ياش گېرمانىيەلىكلەر» دەپ ئاتىغان)نىڭ قۇلىقىغا دۇنيانى قۇتقۇزىدىغان تىلدەك ئاڭلىناتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىپتىمۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇ ئەڭ ئاخىر مەقسىتىنى ئۆزگەرتكەندەك قىلىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت سەھنىدىلا پارسىفالنى تەرغىب قىلدى — ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى خۇنۇك

---

① لۇدۋىگ ئاندرېئاس فېيېرباخ (Ludwig Andreas Feuerbach، 1804 — 1872)، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ. ئۇنىڭ «ھېگىل پەلسەپىسىگە تەنقىد» (1839)، «خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى» (1841)، «تەڭرى، ئەركىنلىك ۋە تىز پۈكمەسلىك» (1866) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. فېيېرباخ ماركسقا ۋە ماركسىزمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ھەم ياسالما، ھەم لاۋزا ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، ھەم شەخسىي سىرنى ئاشكارىلاش ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى، ھەم پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان نەرسىلەر تەرغىب قىلىندى، دىنغا كىرىش، ئىنكار قىلىش، خىرىستىيان دىنى، ئوتتۇرا ئەسىر تەرغىب قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىغا شۇنداق دېدى: «دۇنيادا ھېچنېمە يوق، باشقا جايغا بېرىپ قۇتۇلۇش ئىزدەيلى!» بىراق، بىر قېتىم ئۇ «مەسىھنىڭ قېنى»غا مۇراجىئەت قىلغان...

## 4

مېنى ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندۇرغان، ئەمما ئىنتايىن تىپىك ئۇشبۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن كۆزقارىشىمنى دەپ ئۆتەي، بىر ئەڭ ياخشىسى سەنئەتكارنى ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئايرىۋېتەيلى، بىز سەنئەتكارنىڭ ئەسىرىگە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايلى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ئالدىنقى شەرت، بالىياتقۇ، تۇپراق قىلىدۇ، بەزىدە ئەسەرلىرىنى ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى ئوغۇت قىلىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا سەنئەت ئەسىرىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن، سەنئەتكارنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك. بىر پارچە ئەسەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش فىزىيولوگلار بىلەن روھ ئاناتومىستلىرىنىڭ ئىشىدۇر، ئۇنىڭ ئېستېتىكا مەنىسىدىكى ئادەم بىلەن، سەنئەتكار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، مەڭگۈ ئالاقىسى يوق! پارسىفالنى ياراتقان شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا يىلتىزى چوڭقۇر، ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان، ئوتتۇرا ئەسىرگە يۈزلەنگەن قەلبىنى قايتىش ۋە چېكىنىشكە قارىمۇقارشى قويۇش خاھىشى ساقلىنىپ قالغان، بارلىق يۈكسەكلىك، ئەستايىدىل ۋە قېلىپلاشقان پۈتكۈل روھقا زەھەرخەندىلىك بىلەن قارشى تۇرۇش خاھىشى، بىر خىل ئاقىلانە

جىنسىي ئايناقلىق (بۇ سۆزنى ئىشلەتكىنىمنى ئەپۇ قىلىڭلار) ساقلىنىپ قالغان. ئىككى قات ئايالنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى قۇسۇش ۋە كۆڭلى ئېلىشىشتىن ساقلىنالىشى قىيىن، شۇڭا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بوۋاقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، بۇ ناخۇشلۇقلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز كېرەك.

بىز بىر سەنئەتكار قەلبىدىكى تۈيغۇسىنى چىقىش قىلىپ ئۆزلۈكىنى خالىغانچە ئاشكارىلىسا بولىدۇ، دەپ قاراشنى — ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، سەنئەتكار ئۆزى ئىپادىلىگەن، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، نامايان قىلغاندەك بولىدۇ، دېگەن خاتا چۈشەنچىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزى نېمە بولسا شۇنى ھەرگىز ئىپادىلىيەلمەيدۇ، مۇلاھىزە قىلالمايدۇ، نامايان قىلالمايدۇ. ئەگەر ھومېر ئاكىللىس، گېيوتې فائۇست بولغان بولسا، ھومېر بىلەن گېيوتې ئاكىللىس بىلەن فائۇستنى ياراتمىغان بولاتتى. بىر مۇكەممەل سەنئەتكار ھامان «چىنلىق»تىن ئايرىلغان، رېئاللىقتىن ئايرىلغان بولىدۇ. بىراق، بىز بىلىمىزكى، سەنئەتكار بەزىدە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بۇنداق مەڭگۈلۈك «توقۇلما» ۋە ساختىلىقتىن ئىنتايىن بىزار بولۇش ئارقىلىق، ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ بۇيرۇققا خىلاپ ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ — مەزكۇر چىنلىققا كىرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ بىز بۇنى قىياس قىلالايمىز... مانا بۇ تىپىك سەنئەتكارنىڭ ساددا ئارزۇسى، مانا بۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ۋاگنېردا پەيدا بولغان ساددا ئارزۇدۇر، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك، ئىنتايىن ئېغىر بەدەل تۆلىدى (ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك دوستىدىن ئايرىلىپ قالدى). ئەگەر بۇنداق ساپ ئارزۇ تىلغا ئېلىنماي، ۋاگنېر نەزەردە تۇتۇلسا، كىم يەنە ئۇنىڭ پارسىفالچە شەكىلدە ئەمەس، بەلكى باشقا شەكىلدە — تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك، تېخىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، تېخىمۇ ۋاگنېرچە ئۇسلۇبتىكى شەكىلدە

بىزدىن ئايرىلىشنى ئارزۇ قىلمىسۇن، كىم يەنە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىرادىسىدىكى ئانچىكى نەيرەڭۋازلىق، ئانچىكى تۇتۇرۇقسىزلىق، ئانچىكى شوپىنخاۋېرنىڭ تەسىرى، ئانچىكى نېھىلىزمنى ئارزۇ قىلمىسۇن؟...

## 5

ئۇنداقتا، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەگەر بىر سەنئەتكارغا نىسبەتەن ئېيتىلسا، بىز بىۋاستە هالدا هېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ!... ياكى كۆپ نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە هېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغانغا تەڭ!... خوش، بىز سەنئەتكارنى بىر چەتكە تاشلىۋېتەيلى، ئەكسىچە ئۇزۇندىن بېرى، سەنئەتكارلار دۇنيا ۋە دۇنياغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن مۇستەقىل بولالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ قىممىتى ھەم ئۆزگىرىشنى ئېتىبارغا ئېرىشتۇرەلمىدى! ھەرقانداق دەۋردە، ئۇلار مەلۇم ئەخلاق ياكى مەلۇم پەلسەپە ۋە ياكى مەلۇم دىنىنىڭ مالايلىقىنى قىلىدۇ. ئەدناسى، ئۇلار دائىم كونا ـ يېڭى زوراۋانلىقلاردىن تەشۋىشلىنىپ، ئۆزىنىڭ زوقلانغۇچىلىرى ۋە ئۇزۇق ئالغۇچىلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان كۈتكۈچىلىك ۋە روھنى پۈرايدىغان ياللاقچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئەڭ بولمىغاندا، ئۇلار بىر قوغدىغۇچىغا، بىر تۈۋرۈككە موھتاج، ئاللىقاچان تىكلىنىپ بولغان بىر نوپۇزنىڭ قوغدىشىغا موھتاج بولىدۇ. سەنئەتكار ئەزەلدىن ئۆزىنى مەقسەت قىلمايدۇ، مۇستەقىل رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىنستىنكتىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، شۇڭا رىچارد ۋاگنېر «پۈرسەت پىشىپ يېتىلگەن»دە پەيلاسوپ شوپىنخاۋېرنى ئۆزىنىڭ ھىماتچىسى، قوغدىغۇچىسى قىلدى، ئەگەر شوپىنخاۋېرنىڭ پەلسەپە نوپۇزى ۋە 70 ـ يىللاردىكى ياۋروپادىكى شۆھرەتلىك نوپۇزى بولمىغان بولسا، ۋاگنېرنىڭ تەركىدۇنياچىلىق

غايىسىگە چوقۇنۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايتتى؟

يەنە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، يېڭى گېرمان ئىمپېرىيەسىدە، بىر سەنئەتكار ئىمپېرىيە ئىدىيە مېتودىنىڭ سۇتىگە سادىق بولمىسا، مەۋجۇت بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ يەردە تېخىمۇ كەسكىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق: ئەگەر بىر ھەقىقىي سەنئەتكار، شوپېنخاۋېرغا ئوخشاش مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان ئادەم، غوجايىنلىق جاسارىتى بار، كۆتۈرمىكەشلىك قىلمايدىغان، نىشانى مۇستەھكەم بىر چەۋەنداز تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە ئىشەنگەن بولسا، بۇ يەنە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەمدى بىز شوپېنخاۋېرنىڭ ئۆزگىچە، بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەتتا ھەيران قالارلىق بولغان سەنئەت قارىشىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى، بۇ سەنئەت قارىشى ۋاگنېرنى شوپېنخاۋېرغا باش ئەگدۈردى (ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ شائىر ھېرۋېغ① نىڭ ۋائىزلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر)، بۇنىڭ بىلەن، ۋاگنېرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئېستېتىك قارىشى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرىيەۋى قارشىلىق پەيدا بولدى، مەسىلەن، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى «ئوپېرا ۋە تىياتىر» لىرىدا بايان قىلىنغان چۈشەنچىلەر، ئۇنىڭ 1870 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدىكى بايانلارنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولسا كېرەككى، ۋاگنېر شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلىنىپ تۇرمايلا مۇزىكىنىڭ قىممىتى ۋە ئورنىغا بولغان ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى، ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئىزچىل رەۋىشتە مۇزىكىنى بىر خىل ۋاسىتىگە، بىر ۋاسىتىچىگە، بىر «ئايال»غا ئايلاندۇردى، بۇ ئايال بىر نىشانغا، بىر ئەرگە، يەنى بىر تىياتىرغا موھتاج ئىدى، شۇندىلا ئۆسۈپ يېتىلەلەيتتى! ۋاگنېر

① گېئورگ ھېرۋېغ (.Georg Herwegh، 1817 ـــ 1875) گېرمانىيەلىك شائىر. گېرمانىيەنىڭ «48 ـ يىل ئېقىمى»دىكى ئاساسلىق شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «ئاداۋەت ناخشىسى»، «ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش»، «چاقىرىق»، «قارشىلىق»، «ئەركىنلىكنىڭ تىلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

بىردىنلا شۇنى ھېس قىلىدىكى، شوپېنخاۋېرنىڭ نەزەرىيەسى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى مۇزىكىنىڭ غوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىشقا تېخىمۇ مايىل ئىدى، يەنى شوپېنخاۋېرنىڭ قارىشىچە، مۇزىكا باشقا پۈتكۈل سەنئەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، مۇستەقىل سەنئەت بولۇشى كېرەك ئىدىكى، باشقا سەنئەتلەرگە ئوخشاش زاھىرىيەت دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالسا بولمايتتى. «كۆڭۈل»دىكى ئىرادىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا ئەڭ تۈپكى، ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ بىۋاستە بايان بولۇشى كېرەك. شوپېنخاۋېر پەلسەپە ئېقىمىدىن تۇغۇلغان مۇزىكىنىڭ قىممىتى جىددىي يۈكسەلدى، بۇنىڭغا مۇناسىپ رەۋىشتە مۇزىكانت شوپېنخاۋېرنىڭ تۈيۈقسىز قىممىتى ئېشىپ كەتتى — ئۇ ھازىر بىر مۇقەددەس يارلىقا، بىر پاستۇر①غا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ بىر پاستۇرلا ئەمەس، «ئۆز - ئۆزىدىن مەۋجۇت» شەيئى چىقارغان ئاۋازنىڭ كانىيى، باقىي دۇنيانىڭ تېلېگرامىمىسىدۇر، بۇ تەڭرىنىڭ قورسىقىدىكى بايان قىلغۇچى پەقەت مۇزىكىنىلا ئەمەس، مېتافىزىكىنىمۇ مۇھاكىمە قىلغان، شۇڭا ئۇ ھامان بىر كۈنى تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى مۇھاكىمە قىلاتتى، بۇنىڭ پەقەت ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

## 6

شوپېنخاۋېر مەسىلىلەرگە كانتنىڭ نەزىرى بويىچە قارىمىسىمۇ، كانتنىڭ ئېستېتىكا مەسىلىسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئىشلىتىۋالغان. كانتنىڭ قارىشىچە، سەنئەتكە ھۆرمەت قىلىش

① پاستۇر(牧师، Pastor) لاتىن تىلىدىكى مەنىسى «پادىچى». خىرىستىيان دىنى پروتېستانت مەزھىپى (يېڭى دىن) نىڭ نۇرغۇن ئېقىملىرىدىكى دىنىي مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان خادىم. ئادەتتە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى دىنىي خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. «ئىنجىل. يېڭى ئەھدە»دە، پادىچى ئەيساغا، پادىلار مۇرتلارغا تەمسىل قىلىنغان، شۇڭا خىرىستىيان دىنىنىڭ پروتېستانت مەزھىپى دىن ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلار ۋە باشقۇرىدىغانلارنى مۇشۇنداق ئاتىغان. پوپتىن پەرقلىنىدىغان يېرى، پاستورلار توي قىلسا بولىدۇ، ئاياللارمۇ پاستور بولسا بولىدۇ. دىنى جەمئىيەتتە بۇ ۋەزىپە ئۈچىنچى دەرىجىلىك روھانىيلىق ھېسابلىنىدۇ.




گۈزەللىك ئىگە بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەردە گەۋدىلىك تەكىتلىنىدىغان يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت خۇسۇسىيىتى، مەسىلەن، ئىندىۋىدۇئاللىسىز ۋە ئۇنىۋېرسال تەتبىقلىنىش خۇسۇسىيىتىدۇر. بۇ يەردە، بۇنىڭ پۈتۈنلەي چۈشىنىشتىكى خاتالىق ياكى ئەمەسلىكىنى كۈچلەپ ئولتۇرمايمەن، بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ قويماقچىمەنكى، كانت پۈتكۈل پەيلاسوپلارغا ئوخشاش، سەنئەتكار (ئىجادىيەتچى) نۇقتىسىدىن ئېستېتىكا مەسىلىسىگە قارىمىغان، بەلكى «كۆزەتكۈچى» نۇقتىسىدىن سەنئەت ۋە گۈزەللىك مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان، ھەتتا ئىنس ـ جىنىغا تۇيدۇرماي «كۆزەتكۈچى»نىڭ ئۆزىنى «گۈزەللىك» ئۇقۇمىغا نىقتاپ كىرگۈزۈۋەتكەن. گۈزەللىكنى تەتقىق قىلىدىغان بۇ پەيلاسوپلار مەزكۇر «كۆزەتكۈچى»، گۈزەللىك جەھەتتە نۇرغۇن ئىندىۋىدۇئال كەچۈرمىش ۋە تەسىراتقا ئىگە، ئەڭ ئۆزگىچە، مول بولغان كۈچلۈك ھېس، ئىستەك، ھەيرانلىق ۋە مەستلىككە ئىگە مەزكۇر «كۆزەتكۈچى»گە نىسبەتەن ئەقەللىي چۈشىنىشكە ئىگە بولسىلا بولاتتى! ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەت ھامان بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ گۈزەللىكنى تەتقىق قىلىدىغان مەزكۇر پەيلاسوپلاردىن ئېرىشىدىغان ئېنىقلىمىمىز كانتنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىسىغا ئوخشايدۇ، بەجايىكى، ئەۋرەز قۇرتىدەك ئىچى كاۋاك، ئۆزلۈك پىسخىك كەچۈرمىشى يوق. كانت «گۈزەللىك خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھۇزۇر» دەپ جاكارلىغان. خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان! بۇ ئېنىقلىمىنى ھەقىقىي كۆزەتكۈچى ۋە سەنئەتكار ستېندال[①] بەرگەن ئېنىقلىما بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى، ستېندال

① ستېندال (Marie-Henri Beyle، 1783 ــ 1842)، 19 ـ ئەسىردىكى فرانسىيەلىك يازغۇچى، «ستېندال» (Stendhal) ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكىسىنى تەسۋىرلەشتىكى ماھىرلىقى ۋە ئىخچام تىلى بىلەن نام قازانغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «قىزىل ۋە قارا» (1830)، «پارما موناستىرى» (1839) قاتارلىقلار بار.





گۈزەللىكنى «بەختكە لەۋز قىلىش» دەيدۇ، مانا بۇ كانت گۈزەللىكنىڭ ھالىتىگە ئېنىقلىما بەرگەندە تەكىتلىگەن نەرسىنى ئىنكار قىلىش ۋە سىقىپ چىقىرىشتۇر. كىمنىڭ توغرا؟ كانتنىڭمۇ ياكى سېتىندالنىڭمۇ؟ بىزنىڭ ئېستېتىكچىلىرىمىز جاپا چېكىشتىن ئېرىنمەي كانتنىڭ تارازىسىنى توغرىلىشىدۇ، ئۇلار شۇنداق دەيدۇكى، گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچى ھەتتا ئادەمگە «شەخسىيەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان» ھالدا ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆزەتكۈزىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك غەرىزىدىن كۈلكىمىزنى تۇتالماي قالىدىغاندىمىز. سەنئەتكارلارنىڭ بۇنداق ئۆششاق ئىشلاردىكى پىشىنىك تەجرىبىسى تېخىمۇ «شەخسىيەتچىلىككە ئىگە»، ھەتتا پىگمالىئون[1] مۇ ھەرگىز «ئېستېتىك تۇيغۇسى يوق ئادەم» ئەمەس. بىزنىڭ ئېستېتىكچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلايدۇ، مەسىلەن، كانت سەھرالىق ئېپىسكوپلارچە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تېگىشىش سېزىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەيدۇ — ئېستېتىكچىلارنىڭ ساپلىقىنى ھەسسىلەپ ھۆرمەت قىلايلى! خوش، بىز يەنە شوپېنخاۋېرغا قايتتۇق، ئۇ كانتچە ئۇچرىشىش سەنئىتىگە قوشۇلمايتتى، بىراق كانتنىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ قانداق ئىش؟ بۇ ھال ئىنتايىن غەلىتە. شوپېنخاۋېر پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن چىقىپ «شەخسىيەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىق» دېگەن گەپنى چۈشەندۈردى. ئۇ باشقا مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىدا، ئېستېتىك تەپەككۇرنىڭ ئۇنۇمىنى مۇلاھىزە قىلىش دېگەندەك بۇنداق ئىنتوناتسىيەدىكى قەتئىيلىك ئىنتايىن ئاز بولدى، ئۇنىڭ

---

[1] پىگمالىئون (Pygmalion) گىرىك ئەپسانىلىرىدىكى سىپروس پادىشاھى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ھەيكەل ياساشقا ماھىر ئىكەن، ئۆزى ياسىغان چوكاننىڭ ھەيكىلىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىش.

ئېيتمىشچە، ئېستېتىك تەپەككۇرنىڭ ئۇنۇمى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ «پايدىسى» دەل ئەكسىچە، قولماق بىلەن كامفورا چىقىشالمىغانغا ئوخشايتتى. ئۇ «ئىرادە»دىن قويۇپ بېرىلگەن بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنۇمىنى زېرىكمەي ماختىدى، ھەتتا بەزىلەر سورىشى مۇمكىنكى، ئۇنىڭ «ئىرادە ۋە ئىپادە» ھەقىقىدىكى ئاساسىي ئۇقۇمى «ئىپادە» ئارقىلىقلا ئىرادىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيەنى مەنبە قىلغان، ئومۇملىشىپ كەتكەن جىنسىي كەچۈرمىشنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس (شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا شۇنىڭغا سەل قارىماي دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ پەلسەپە 26 ياشلىق يىگىتنىڭ كۆزقاراشلىرىدۇر، شۇڭا ئۇ شوپېنخاۋېرنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭكىگە ئوخشاش ياش قاتلىمىنىڭ ھاياتلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان). شوپېنخاۋېر ئېستېتىك ھالەتنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىپادىلەش كۈچىگە ئەڭ باي بولغان بىر بۆلەك («ئىرادە ۋە ئىپادىدىن ئىبارەت دۇنيا»، 1 ـ جىلد، 231 ـ بەت)كە سەمە بولساق، تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىنتوناتسىيەنى، ئازاب ـ ئوقۇبەت، بەخت، ھاياجاننى ئاڭلايمىز: «بۇ ئازابسىز ھالەتتۇر، ئېپىكۇرۇس① ئۇنى ئەڭ ياخشى ۋە ئىلاھىي ھالەت دەپ ئاتىغان. ئاشۇ پەيتتە بىز ئىرادىنىڭ ئېچىنىشلىق بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ چىقتۇق، بىز ئىرادىنىڭ ئېغىر ئەمگىكىنىڭ دەم ئېلىش

① ئېپىكۇرۇس (Epicurus، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 341 ــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 270 ـ يىللار ياشىغان)، قەدىمكى گىرېتسىيەلىك پەيلاسوپ، ئېپىكۇرۇسىزمنىڭ باشلامچىسى. ئۇ ئارىستىپپۇس (Aristippus)نىڭ ھېدونىزم (Hedonism، راھەتپەرەسلىك)ى بىلەن دېموكرىتۇس (Democritus)نىڭ ئاتومىزمىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۇنىڭ تەلىماتى توسالغۇسىز رەۋىشتە جىمجىت ھالەتكە يېتىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ تەلىماتىدىن ھېچقانداق پەن ئەنئەنىسى شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەركىن تەپەككۇر قىلىش پوزىتسىيەسى ۋە خۇراپىيلىققا قارشى تۇرۇش ئەمەلىيىتى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندە «ئېپىكۇرۇسىزم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىقسىز، راھەتكە ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.



كۆڭۈلنى قۇتلۇقلىدۇق، دوزاخ چاقى ئايلىنىشتىن توختىدى...»
نەقەدەر ھاياجانلىق جۈملە ــ ھە! نەقەدەر ئازابلىق، ئۆزۈڭغا
سوزۇلغان، زېرىكىشلىك مەنزىرە ــ ھە! «ئاشۇ پەيت» ۋە ئۇنىڭدىن
باشقا «دوزاخ چاقى»، «ئىرادىنىڭ ئېغىر ئەمگىكى»، «ئىرادىنىڭ
ئېچىنىشلىق بېسىمى» ئوتتۇرىسىدىكى كېسەلمەن ۋاقىتنى
سىلىشتۇرۇپ باقايلى! شوپېنخاۋېرنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ
يۈزدەيۈز توغرا، ئەمما بىزنىڭ ئېستېتىكىنىڭ ماھىيىتىنى
چۈشىنىشىمىزدە قانچىلىك پايدىسى بار؟ شوپېنخاۋېر گۈزەللىكنىڭ
بىر ئۈنۈمىنى، يەنى ئىرادىنى ئۇرغۇتۇش ئۈنۈمىنى تەكىتلىگەن،
بۇ بىر خىل دائىملىق ئۈنۈم ئەمەسمۇ؟ مەن سىتېندالنىڭ
سەزگۈرلۈكى شوپېنخاۋېرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، بىراق
شوپېنخاۋېرنىڭ مىجەزىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەختلىك، دېگەندىم.
سىتېندال گۈزەللىكنىڭ يەنە بىر خىل ئۈنۈمىنى ئوتتۇرىغا
قويغان ــ «گۈزەللىك بەختكە لەۋز قىلىشتۇر». ئۇنىڭ
كۆرسەتمەكچى بولغىنى دەل رېئال گۈزەللىك ئارقىلىق
قوزغىتىلغان ئىرادە ھاياجىنى («شەخسىيەتچىلىك» ھاياجىنى)
دۇر. ئەڭ ئاخىرىدا، بەزىلەر شوپېنخاۋېرنى ئەيىبلەپ شۇنداق
دېيىشى مۇمكىنكى، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن خاتا رەۋىشتە كانتنىڭ
مۇرىتى دەپ قارىۋاپتۇ ــ يۇ، كانتچە ئۇسۇلدا كاتىنىڭ گۈزەللىك
توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىسىنى چۈشەنمەپتۇ، ئۇمۇ بىر خىل
«شەخسىيەتچىلىك»نى چىقىش قىلىپ گۈزەللىكنى ھېس قىلىش،
ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئىندىۋىدۇئال شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش
قىلىش، ئوكۇشىسىزلىقتا قۇچاق ئاچقان، ئوكۇشىسىزلىقتىن
قۇتۇلغان ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلىشتۇر...

ئەمدى بىز دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە قايتىپ
كېلەيلى ــ «ئەگەر بىر پەيلاسوپ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە
ھۆرمەت قىلسا، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» بىز ھېچبولمىغاندا،

تۇنجى ئەسكەرتمىگە ئېرىشىپ بولدۇق — ئۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن قوتۇلۇشى كېرەك.

## 7

«ئوڭۇشسىزلىق»نىڭ بىئارام قىلىدىغانلىقىغا سەمە بولماڭ، بۇ يەردە يەنىلا يېتەرلىك تولەم، يېتەرلىك تەسەللى، ھەتتا بەزى كۆلكىلىك نەرسىلەر بار. بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، شوپىنخاۋېر جىنسىيەت (شۇنداقلا جىنسىي ئەزا، ئايال، جادۇگەرلەرنىڭ ئەزاسى)نى خۇسۇسىي دۈشمەن قىلىۋالدى. شوپىنخاۋېر دۈشمەن تىكلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا موھتاج ئىدى. شوپىنخاۋېر چۇس، زەھەرلىك تىل ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ قىزغىن مۇھەببەتنى چىقىش قىلىپ، غەزەپلىنىش ئۈچۈن غەزەپلەندى. ئەگەر شوپىنخاۋېرنىڭ دۈشمىنى بولمىغان بولسا، يەنى ھېگېل[1]، ئايال، جىنسىيەت ۋە پۈتكۈل ياشاش ئىرادىسى بولمىغان بولسا، ئۇ كېسەل بولۇپ، بىر پېسسىمىست (شوپىنخاۋېر مۇشۇنداق بولۇشنى تولىمۇ خالايتتى - يۇ، ئاخىرقى ھېسابتا پېسسىمىست بولالمىدى) قا ئايلىنىپ كېتەتتى. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇلار بولمىغان بولسا، ئۇ بۇ جايدا توختاپ قالماي، قېچىپ كېتەلەيتتى. دەل

[1] ھېگېل (گېئورگ ۋىلھېلىم فرىدرىخ ھېگېل، Georg Wilhelm Friedrich Hegel، 1770 — 1831)، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇ گېرمانىيەنىڭ فۇتتىنبۇرگ كىنەزلىكىدىكى بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە تېئولوگىيە ئۆگەنگەن، 1818 - يىلىدىن 1829 - يىلىغىچە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «روھ فېنومېنولوگىيەسى» (1806)، «لوگىكا» (1812 — 1816)، «پەلسەپە پېنىنىڭ ئومۇمىي تېزىسلىرى» (1817 — 1830، «لوگىكا»، «تەبىئەت پەلسەپىسى»، «روھىيەت پەلسەپەسى»دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن، «لوگىكا» قىسمى «كىچىك لوگىكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى» (1819) قاتارلىقلار بار. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ لېكسىيەلىرىنى رەتلەپ «ئېستېتىكا لېكسىيەلىرى» («ئېستېتىكا»، «ئېستېتىكا سۆھبەتلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «تارىخ پەلسەپەسى لېكسىيەلىرى» («تارىخ پەلسەپەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيەلەر»، «دىن پەلسەپەسى لېكسىيەلىرى» دېگەن ناملاردا نەشر قىلدۇرغان.

دۇشمەنلىرى ئۇنى توختىتىپ قويىدى، ئۇنىڭ دۇشمەنلىرى خۇددى قەدىمكى سىنىكىستلار[①] غا ئوخشاش، ئۇنى ياشاشقا ئۈزۈكسىز قىزىقتۇردى، ئۇنىڭ غەزەپلىنىشى ئۇنىڭ سوغۇق ئىچىملىكى، ساغلاملىقى، قوسۇق توختىتىش دورىسى، بەختىدۇر. بۇلار شوپېنخاۋېرنىڭ ئىندىۋىدۇئالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىر جەھەتتىن، شوپېنخاۋېردا بەزى تىپىك مەنىگە ئىگە نەرسىلەرمۇ بار. ئەمدى بىز باش تېمىمىزغا قايتىپ كېلەيلى، دۇنيادا پەيلاسوپلار بار بولسىلا، ئۇلار مەيلى قەيەردە بولسۇن (ئەگەر ئىككى خىل رادىكال پەلسەپە تەپەككۇرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ھىندىستاندا، ئەنگلىيەدە بولسىمۇ)، شۇ يەردە چوقۇم پەيلاسوپلارنىڭ جىنسىيەتكە بولغان سەزگۈلۈكى ۋە ئۆچمەنلىكى بولىدۇ. شوپېنخاۋېر مۇشۇ پەيلاسوپلار ئىچىدىكى ئەڭ قايىل قىلارلىق، ئەڭ جەلپكار، ئەڭ ئادەمنى مەست قىلىدىغان بىرىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، دۇنيادا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پەلسەپەدە ئەزەلدىن بولىدىغان پۈتكۈل تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قىزغىنلىق مەۋجۇت، بۇنىڭغا نىسبەتەن سەممىي بولۇشىمىز كېرەك. مەن ئېيتقاندىم، بۇ ئىككى خىل خاھىش ئىنتايىن تىپىك، ئەگەر بىر پەيلاسوپتا بۇ ئىككى نۇقتا كەم بولسا، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ «ئاتالمىش» پەيلاسوپتۇر. نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمىز؟ ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەككى، پەيلاسوپ نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل «شەيئىلەرنىڭ ئۆزى»دەك ئۇزۇنغىچە تەنھا ياشايدۇ؟ ھەربىر تۈرلۈك ھايۋان — ھايۋانىيلىقتا ئىگە پەيلاسوپىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ —

① سىنىكىزم (Cynicism) قەدىمكى گىرېتسىيەدىكى پەلسەپە ئېقىمى، سوكراتېس (سوقرات)نىڭ ئوقوغۇچىسى ئانتىېستېنېس (Antisthenes، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 445 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 365 ـ يىلىغىچە) قۇرۇپ چىققان، بۇ ئېقىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەتتە «سىنىكىست» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئېقىم جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىپ، تەبىئەتكە قايتىش، قەلبنى، نەپسنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن پارىغ قىلىپ، پانىي دۇنيانىڭ شان ـ شەرەپ ۋە بايلىقلىرىدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنستىنكتلىق رەۋىشتە ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئومۇميۈزلۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈك تۇيغۇسىنى قاندۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ياشاش شەرتىنى تولۇق قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ؛ ھەربىر ھايۋان ئوخشاشلا ئىنستىنكتلىق رەۋىشتە «پۈتكۈل ئەقىلدىن يۈكسەك» سەزگۈرلۈك ئارقىلىق تۈرلۈك توسالغۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتتىكى يولغا مېڭىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇشى مۇمكىن بولغان توسالغۇلاردىن يىرگىنىدۇ (مەن ئېيتقان يول بەختكە بارمايدۇ، بەلكى كۈچكە، ھەرىكەتكە، ئەڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەرگە بارىدۇ، كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتەن بەختسىزلىككە تۇتاشقان بولىدۇ). شۇڭا، پەيلاسوپنىڭ نىكاھتىن بىزار بولۇشى ھەم بۇ ھەقتە تەلىم بېرىشى نىكاھنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتتىكى يولغا مېڭىشىدىكى توسالغۇ ۋە ئاپەت دەپ قارىغانلىقىدۇر. قايسى ئۇلۇغ پەيلاسوپ خوتۇن ئېلىپ باققان؟ ھېراكلىتۇس، پلاتو، دېكارت[①]، سپىنوزا، لېبنىز[②]، كانت، شوپېنخاۋېرلارنىڭ ھېچقايسىسى خوتۇن ئالمىغان، ھەتتا بىز ئۇلارنىڭ خوتۇن ئېلىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. مېنىڭ گېپىم بويىچە ئېيتقاندا، توي قىلغان پەيلاسوپ كومېدىك شەخستۇر، سوكراتېس (سوقرات) بۇنىڭ سىرتىدا، مەككار سوكراتېس (سوقرات) مېنىڭ گېپىمنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، بىپەرۋالىق بىلەن توي قىلىۋالغان. ھەربىر پەيلاسوپ ئوغلىنىڭ

① رېنى دېكارت (Rene Descartes، 1596 ــ 1650)، فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ماتېماتىك. ئانالىتىك گېئومېترىيەنىڭ ئاتىسى، غەرب ھازىرقى زامان ئىدىيەسىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇنىڭ «ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىش»نى يادرو قىلغان «ئويلايمەن، شۇڭا، مەن مەۋجۇت» (قىسقارتىلىپ «كوجىتو» ــ ئويلايمەن ــ دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن پەلسەپە ئىدىيەسى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ياۋروپالىقلارغا ئىزچىل تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «مېتودولوگىيە»، «بىرىنچى پەلسەپە ئۈچۈن پىكىرلىنىش»، «پەلسەپە قائىدىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

② گوتفرىد ۋىلھېلىم لېبنىز (Gottfried Wilhelm Leibniz، 1646 ــ 1716)، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، ماتېماتىك. ئۇ قانۇنشۇناسلىق، مېخانىكا، ئوپتىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق ساھەگە چېتىلىدىغان تەتقىقاتى بىلەن «17 ـ ئەسىردىكى ئارىستوتېل» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ نيۇتون بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دىففېرېنسىيال ـ ئىنتېگرالنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭ «مېتافىزىكا نەزەرىيەسى»، «ئىندىۋىدۇئالىزم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، بۇدداغا ئۇخشاش: «راھۇلا ئۆيۈمگە چۈشۈپتۇ، ماڭا تاقاق سېلىپ قويۇلدى» (راھۇلانىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى «كىچىك ئالۋاستى» دېگەنلىكتۇر ــ ئاپتوردىن) دەيدۇ. ھەربىر ئەركىن روھ چوقۇم بىر پىكىرلىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇدداغا ئوخشاش تەپەككۇردا توختاپ قالغان چاغلىرى بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا: «ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىنى پەرەز قىلدى: ئۆيدە تۇرۇپ ياشاشنىڭ بىسىمى بەك ئېغىر، ئۆي پاكىز ئەمەس، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئاندىن ئەركىن بولغىلى بولىدۇ»، «ئۇيلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.» تەركىدۇنىياچىلىق غايىسى تەنھالىققا بارىدىغان نۇرغۇن يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، پەيلاسوپ جەسۇر ۋە كەسكىن كىشىلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى تۈرلۈك ئەركىن بولمىغان ئاۋازلارغا «ياق» دەيدىغانلىقى، ئاندىن چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ ھېكايىسىگە يوشۇرۇنچە كىرگەندە، ھامان قەلبىدىكى ھاياجاننى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ، يەنى بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە، قاۋۇل ھاماقەتلەردۇركى، ھەرگىزمۇ ساغلام روھقا ئىگە كىشىلەر ئەمەس. ئۇنداقتا، تەركىدۇنىياچىلىق غايىسى پەيلاسوپقا نىسبەتەن زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مېنىڭ جاۋابىمنى كىتابخانلار ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولدىغۇ دەيمەن. تەركىدۇنىياچىلىق غايىسى پەيلاسوپقا يۇكسەك، جەسۇر ۋە كەسكىن روھنى مەسخىرە قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى شەرتىدۇر، پەيلاسوپ ھەرگىزمۇ بۇ ئارقىلىق «بارلىق»نى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇ دەل مۇشۇ يەردە بارلىقنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ئۆزىنىڭ بارلىقىنىلا تاكى جىنايى ئارزۇ يېقىنلاشقىچە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «دۇنيا گۇمران بولدى، پەلسەپە تۇغۇلدى، پەيلاسوپ تۇغۇلدى، مەن تۇغۇلدۇم!»

8

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ پەيلاسوپلار ھەرگىزمۇ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى قىممىتىنىڭ ئادىل گۇۋاھچىلىرى ۋە سودىيەلىرى ئەمەس! ئۇلار ئۆزىنىلا ئويلىغان تۇرسا، «ئەۋلىيا» بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە ئالاقىسى؟ ئۇلار ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنىلا ئويلىغان، ئۇلار چەكلىمە، توسالغۇ، ئاۋاز، ئىش، مەسئۇلىيەت، بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان، ئۇلار سەگەك كاللا، جانلىق ئىدىيە بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار يېڭى ھاۋا بولۇشى كېرەك ئىدى، ھاۋا شالاڭ، يېڭى، ئەركىن، قۇرۇق، تاغ شامىلىدەك بولۇشى، پۈتكۈل ھايۋانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى يېتىلدۈرۈپ، كۆك قەررىدە پەرۋاز قىلدۇرالىشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار ھەممە ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىتلارنىڭ زەنجىرلىنىشى بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ قاۋىشى بولماسلىقى، شەكلى ئۆزگەرگەن ياۋايىلارنىڭ غاجىشى بولماسلىقى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار تىرىشچانلىق، يۈرەك، سىلىقلاش ماشىنىسىدىكى چىشلىق چاقىدا ئوخشاش جاپاكەش، بىراق رېئاللىقتىن يىراق بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ئۇلار بىر سوغۇق يۈرەك ـــ ئۇ ئالەمنىڭ يۈرىكى، كەلگۈسىنىڭ يۈرىكى، باقىي دۇنيانىڭ يۈرىكى بولۇشى كېرەك ئىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، تەپەككۇر دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ شادىمان تەركىدۇنياچىلىقىدۇر، مەزكۇر تەركىدۇنياچىلىق تۇرمۇشنى تاماشا قىلىدۇكى، ھەرگىز تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالمايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئۈچ مۇھىم شەرەپلىك شوئارى نامراتلىق، تەۋازۇ ۋە ئىپپەتتۇر. ئەگەر بىز ئۇلۇغ، مۆۋجىزە-پەقىيەت قازانغان، ئىجادچانلىقتا ئىگە پۈتكۈل ئاقىللارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئازدۇر- كۆپتۇر بۇ ئۈچ خىل ئەخلاقىيلىقنى تاپالايمىز.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر «ئەخلاقىيلىق»ى ئەمەس ــ بۇ كىشىلەرگە «ئەخلاقىيلىق»نىڭ نىمە كېرىكى؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ ئاساسى ۋە تەبىئىي شەرتىدۇر. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەقىل ـ پاراسىتى ئالدى بىلەن تىزگىنلەش قىيىن، ئاسان پارتلايدىغان تەكەببۇرلۇق ياكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان شەھۋانىيلىقنى ئىشقا سېلىشى زۆرۈر بولسا كېرەك، بولمىسا بۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۆز «قۇملۇق ئىرادىسى»نى تىزگىنلەپ، ئىشرەتخورلۇق، نەپسىلىككە ماھىللىقتا قارشىلىق كۆرسىتىشى، ئىسراپخور قايناق ھېسسىياتقا قارشىلىق كۆرسىتىشى تەسكە چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ دەل ئۇنىڭ يېتەكچى ئىنستىنكتىنىڭ يەنىلا باشقا پۈتكۈل ئىنستىنكتلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، ئۆز ئىرادىسى ئۇچۇن ئىرىشىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر؛ بۇنداق بولمىسا، ئۇ يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىيەلمەيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، مەن بايا تىلغا ئالغان «قۇملۇق» توغما مۇستەقىل قاۋۇل روھلارنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرىدىغان جايى، شۇنداقلا تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ خام خىيالىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە يىراقلىشىشىدۇر، بەزىدە قۇملۇق ئەمەلىيەتتە مەزكۇر تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، پۈتكۈل روھ ئارتىسلىرى قۇملۇقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، چۈنكى قۇملۇق ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا رومانتىكىغا يەتمەيدۇ، سۇرىيەگە يەتمەيدۇ، تىياتىر قۇملۇققا ئوخشىمايدۇ! ئەلۋەتتە، ئۇ يەردە تۆگە كەم ئەمەس، ئەپسۇسكى، ھەممىسى تۆگىسىمان نەرسىلەردۇر. بۇ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇش، ئۆزلۈكتىن قېچىش قىلمىشىدۇر، شۇنداقلا شاۋقۇن، چوقۇنۇش، گېزىتچىلىك، تەسىرگە قارىتىلغان بىر خىل تەشۋىش بولسا كېرەك. بىر پەس ئەمەل، بىر خىل ئاددىي تۇرمۇش،





بەزى ئاشكارىلانمايدىغان نەرسىلەر؛ تاسادىپىي ۋە شادىمان جانىۋارلار بىلەن بولغان ئالاقە — بۇ مەنزىرە ئادەمگە شادلىق بېغىشلايدۇ؛ بىر ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئىشلىتىلىدىغان تاغ تىزمىسى، بىراق بۇ ھەرگىز تاغ ئەمەس، تاغنىڭ كۆزى بار، ئۇ — كۆلدۇر. بەزىدە قىستالىڭ، ئاددىي ئۆتەڭلەردە ھەتتا بىرەر ئېغىز ئۆي بولىدۇ، ئۇ يەردە، ئادەم پەلىپەتىش بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ھەرقانداق ئادەم بىلەن جازاغا ئۇچرىماي تۇرۇپ مۇڭدىشالايدۇ — مانا بۇ بىزنىڭ قوملۇقىمىز، ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇ قوملۇق ئادەمنى بەك زېرىكتۈرىدىكەن! ئەگەر ھېراكلىتوس غايەت زور ئارتېمىس[1] ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسى ۋە تۈۋرۈكلۈك كارىدورىغا قايتىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ «قوملۇق»ى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولاتتى. بىزدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىبادەتخانا يوق؟ بىزدە بۇنداق ئىبادەتخانا كەم بولمىسا كېرەك، مەن دەل گۈزەل كىتابخانىنى ئويلىدىم، سان ماركو مەيدانى[2]، بولۇپمۇ ئەتىيازنىڭ چۈشتىن بۇرۇنى، سائەت ئوندىن ئون ئىككىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەنزىرىنى ئەسلىدىم. ھېراكلىتوسنىڭ قاچىدىغىنى دەل بىز قېچىشقا ئالدىرايدىغان نەرسىلەر — ئاۋاز، ئېفېسىيەلىك دېموكراتىزمچىلارنىڭ ۋالاقلاشلىرى، ئۇلارنىڭ سىياسىيسى، ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيە ھەققىدىكى ئەڭ يېقىنقى خەۋەرلىرى (دىققەت، مېنىڭ دەۋاتقىنىم پېرسىيە ئىمپېرىيەسىدۇر)، ئۇلارنىڭ «بۈگۈن» ھەققىدىكى كوچا پاراڭلىرىدۇر، بىز پەيلاسوپلارغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسە خاتىرجەملىككە يەتمەيدۇ، بولۇپمۇ «بۈگۈن». بىز جىمجىت، سوغۇق، ئېسىل، يىراق ۋە قەدىمىي نەرسىلەرگە ھۆرمەت قىلىمىز، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا، روھنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ۋە ئۆزىنى بوغۇشى بىھاجەت؛ بىز پاراڭلىشالايمىز، ئەمما يۇقىرى

---

① ئارتېمىس (Artemis) گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئاي ئىلاھى.

② سان ماركو مەيدانى (Plazza San Marco) ۋېنتسىيە مەركىزىي مەيدانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ۋېنتسىيەنىڭ سىياسىي، دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى بايراملاردىكى ئاممىۋى پائالىيەت مەركىزى.

ئاۋازىنىڭ كېرىكى يوق. ئەمەلىيەتتە، گەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئىنچىكە ئاڭلىشىمىز كېرەك، ھەربىر ئادەمنىڭ ئالاھىدە ئاۋازى بار، ھەركىم ئۆز ئاۋازىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، ھېلىقى كىشىنى دەيلى، ئۇ قارىماققا چوقۇم قۇتراتقۇچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاماقەت، ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرسە، چىققاندا زەھەرگە، پوقتەك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئىنتايىن چوڭ بوشلۇقتىكى ئەكس سادا ئۇنى تېخىمۇ كېلەڭسىز كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدىغان، ئۇنى پۈتۈپ قالمىغان بىرىنى مىسالغا ئالايلى، ئۇ ئويى ئويلىغاندا ئۇنى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ تامامەن مۇمكىن، بۇنى فىزىيولوگلاردىن سورىۋېلىڭلار. بىراق، كىمكى خەتمۇخەت ئوي ئويلايدىكەن، ئۇ ناتىقتۇركى، ھەرگىز مۇتەپەككۇر ئەمەس (بۇ يەردە شۇ نەرسە چېنىپ قالىدۇكى، ئۇ ئاساسەن ۋەقەلەرنى ئويلىمايدۇ، ۋەقەلەر نۇقتىسىدىن ئويلانمايدۇ، پەقەت ئويلاش ۋە ئىشلارغىلا مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىنىلا ئويلايدۇ). ئۈچىنچىسىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىسىلا توختىماي كاپشىيدۇ، ئۇ ئالدىغا مېڭىپ، بىزگە يېقىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ خارقىراپ كەتكەن تىنىقلىرى ئۇستىمىزدە، بىز مېخانىك رەۋىشتە ئاغزىمىزنى يۇمۇۋالدۇق، ئۇ بىر كىتاب ئارقىلىق بىزگە گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئاۋاز بىزگە شۇنى دېدىكى، ئۇنىڭ ۋاقتى يوقمىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ئىنتايىن قىيىن ئىكەن، ئەگەر ئۇ بۈگۈن سۆزلىۋالمىسا، مەڭگۈ سۆزلىيەلمەيدىكەن. ھالبۇكى، ئۆزىنى تۇتالايدىغان بىر ئادەمنىڭ ھامان ئاۋازى تىنىچ، ئېنىق، ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىر پەيلاسوپنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئۈچ خىل نەرسىدىن — ئاتاق ـ ئابرۇي، ھۆكۈمران، ئايالدىن قاچقان ـ قاچمىغانلىقىغا قاراشتۇر، بۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر نەرسىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن پەيلاسوپنى ئىزدىمىسۇن دېگەنلىك ئەمەس. پەيلاسوپ كۆچلۈك نۇردىن





تەشۋىشلىنىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە ۋاقتىدىكى قۇياشتىن قورقىدۇ، ئۇ بىر سايىگە ئوخشايدۇ — قۇياش تۆۋەنلىگەنسېرى، ئۇ زورىيىدۇ. ئۇنىڭ «تەۋازۇ»سىغا كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇققا بەرداشلىق بەرگەندەك، مۇئەييەن بېقىنىش ۋە زۇلمەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىدىندۇر. جۈملىدىن، ئۇ چاقماقنىڭ توسالغۇسىدىن قورقىدۇ، ئۇ يالغۇز دەرەخكە قاراشتىن تەشۋىشلىنىدۇ، چۈنكى بوران ـ چاپقۇن دەرەخنىڭ كەيپىياتىنى ئېلىپ كېتىدۇ، كەيپىيات يەنە ھېلىقى دەرەخ ئېلىپ كەتكەن بوران ـ چاپقۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ «ئانىلىق» ئىنستىنكتى، ئۇنىڭ ئۆز تېنىدىكى ھاياتلىقنى ئۈنسىز سۆيۈشى، ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىشى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى ئويلىماسلىقى ئايالنىڭ ئانىلىق ئىنستىنكتى جىددىي رەۋىشتە مۇستەقىل بولمىغان ھامىلىنى چۆرىدىگىنىگە ئوخشايدۇ. بۇ پەيلاسوپلار ئىنتىلىدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئاز، ئۇلارنىڭ دەستۇرى شۇكى، «كىم ئىگىلىسە، شۇ ئىگىلىنىدۇ»، ئەمما بۇ (يەنە بىر قېتىم بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ قوياي) بىر خىل ئەخلاقىيلىقنى مەنبە قىلمىغان، بىر خىل ئەڭ ئېسىل قانائەت ئىرادىسى ۋە ئاددىي ـ ساددا ئىرادىنى مەنبە قىلمىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئۇلارنىڭ غوجايىنلىق پاراسىتىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشنى تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقىدىندۇر. غوجايىن بىرلا ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى توپلاپ، ساقلايدۇ، ۋاقىت، كۈچ، مۇھەببەت، قىزىقىشى ئەنە شۇ بىرلا مەقسەت ئۈچۈندۇر. بۇنداق ئادەم دۈشمەنلىكنى، ھەتتا دوستلۇقنىڭ دەخلى قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ؛ ئۇلار ساغلام، شۇڭا تالاش ـ تارتىش قىلمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قۇربانلىق ئادەمنى بىزار قىلىدۇ؛ ئۇلار «ھەقىقەت ئۈچۈن ئازاب چېكىش»نى كىشىلەر توپى ئىچىدىكى بەتنىيەتلەر، سەھنە قەھرىمانلىرى ھەم يېتەرلىك ۋاقتى بار كىشىلەرگە بېرىۋەتكەن؛ ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆزى — پەيلاسوپلار ھەقىقەت ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدۇ. ئۇلار چوڭ گەپلەرنى بەك تەستە دەيدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، «ھەقىقەت» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە زىت ئىكەن، چۈنكى ھەقىقەت ئاڭلىماققا ئۆزىنى يانچىغانغا ئوخشايدۇ. ئەڭ ئاخىر پەيلاسوپلارنىڭ «ئىپپەت»نگە كەلسەك، بۇنداق روھنىڭ نەتىجىسى تەربىيە كۆرگەن قىز ـ ئاياللاردا كۆرۈلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ فامىلىسىنىڭ داۋاملىشىشىدا ـــ ئەرزىمەس ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىدىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. قەدىمكى ھىندى پەيلاسوپلىرىنىڭ گېپى تېخىمۇ بىۋاستە ـــ «ئەگەر ئۇنىڭ روھى دۇنيا بولسا، ئۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ نېمە كېرىكى؟» بۇنداق ئىپپەت تەركىدۇنياچىلىقنىڭ يامان كۆرۈشى ۋە تەنگە ئۆچمەنلىك قىلىشنى مەنبە قىلمىغان، تەنھەرىكەتچى ياكى بەيگىچى ئىجرا قىلىدىغان جىنسىي چەكلىمىمۇ ئەمەس. بۇنداق ئىپپەت، ئەڭ بولمىغاندا ئۇلۇغ ھامىلە باسقۇچى، ئەمەلىيەتتە پەيلاسوپلارنىڭ يېتەكچى ئىنستىنكتىدۇر. ھەربىر سەنئەتكارغا مەلۇمكى، روھ يۈكسەك دەرىجىدە جىددىيلەشكەن ۋە ھازىرلىق كۆرۈۋاتقان ئەھۋالدا، ئوخشاش ئۆيدە نۇرغۇن زىيانكەشلىك بولىدۇ. ئەڭ قاۋۇل، ئەڭ سەزگۈر سەنئەتكارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋۋال بىرەر كەچۈرمىش ـــ قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشكە ئىگە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ «ئانىلىق» ئىنستىنكتى دۇنياغا كېلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئەندىشىسىز رەۋىشتە باشقا ھايۋانلارنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدار ھازىرلىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈندۇر، شۇڭا ئىككىلەمچى كۈچتىن ئۇلۇغ كۈچلەر پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلەر مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش بويىچە شوپىنخاۋېرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى سىلىشتۇرىدۇ، ئېنىقكى، ئۇ گۈزەللەرنى بايقاشقا جەلپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز تەبىئىتىدىكى ئەڭ يېتەكچى كۈچ (تەپەككۇر قىلىپ ئايرىش ئىقتىدارى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى) نى قويۇپ بەردى، غەزەپ بىلەن تۇرۇپ كېتىپ، بىر سەكرەپلا ئۆز ئېغىنى تىزگىنلىدى. بىراق، شۇنىمۇ چەتكە





قاقماسلىق كېرەككى، گۈزەللىك دەپ ئاتالغان ئالاھىدە تاتلىقلىق ۋە موللۇق «شەھۋەت» تەركىبىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، بۇ بېتىلگەن ئايالالارنىڭ «ئىدېئالىزىم»ى مۇشۇنداق سەۋەبنى چىقىش قىلغانغا ئوخشايدۇ. شەھۋەت شوپېنخاۋېرنىڭ ئىشەنگىنىدەك بولۇشى مۇمكىنكى، ھەرگىز گۈزەللىك ئۈچۈن پەيدا بولۇپ، گۈزەللىك ئۈچۈن يوقالمايدۇ، ئۇنىڭ پەقەت ھالىتىلا ئۆزگىرىپ، جىنسىي ھاياجان شەكلىدە ئاڭغا قايتا كىرمەيدۇ (تېخىمۇ نازۇك ئېستېتىك فىزىيولوگىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە، مەن يەنە بۇ نۇقتىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىمەن، ئېستېتىك فىزىيولوگىيە ھازىر كىشىلەرگە ئۇچراشتۇرۇلۇۋاتقان ۋە چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان تېمىدۇر).

## 9

بىز شۇنى كۆردۇقكى، بىر خىل ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تەركىدۇنياچىلىق، گۈزەل تىلەكنى چىقىش قىلغان قەتئىي ھەم ئاكتىپ ۋاز كېچىش ئالىي دەرىجىلىك روھ پائالىيىتىدىكى زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا بۇ تۇردىكى پائالىيەتنىڭ نەتىجىسىدۇر، شۇڭا پەيلاسوپ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولمايدۇ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئېھتىياتچان تارىخ ئانالىزى ھەتتا تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، پەلسەپە تەركىدۇنياچىلىق كەمىرىنى باغلاپ، زېمىندا تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، قاراڭلار! ئۇلارنىڭ مېڭىشى يەنىلا شۇ قەدەر كېلەڭسىز! ئۇلار يەنىلا چىرايى مەيۈس ھالەتتە! ئاھ! ئۇلار يەنىلا خالىغان چاغدا دۈم چۈشۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ! بۇلار — تىترەۋاتقان ئۇششاق قەدەملەر،





بۇلار ــــ پۈتلىرى ئەگمەچ ئەمچەكتىكى باللار! پەلسەپەنىڭ بىخلىنىش باسقۇچىدىكى كەچۈرمىشلىرى باشقا پۈتكۈل ياخشى ئىشلارغا ئوخشايدىغاندەك، ئۇلاردا هامان باتۇرلۇق كەم، هامان توختىماستىن ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ياردەم ئىزدەيدۇ، ئۇلار ئەدناسى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بىز تەرتىپ بويىچە پەيلاسوپىنىڭ هاياجىنى ۋە ئەخلاقىيلىقىنى قايتا سېلىشتۇرۇپ باقايلى: ئۇنىڭدا گۇمانلىق هاياجان، ئىنكار هاياجىنى، كۆزىتىش هاياجىنى، ئانالىز هاياجىنى، خەتەرگە ئىنتىلىش هاياجىنى، سېلىشتۇرۇش هاياجىنى، تەڭپۇڭلۇق هاياجىنى بار، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىلىق ۋە ئوبيېكتىپ ئىرادىگە، «ئىستەكسىز» ئىرادىگە ئىنتىلىش بار. بۇنى بىرەرسى هېس قىلدىمۇ؟ بۇ هاياجانلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەخلاق ۋە ۋىجداننىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەلىپىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان! (بۇ يەردە يەنىلا ئەقىل تىلغا ئېلىنمىدى، لۇتېرمۇ ئەينى چاغدا ئەقىلنى چېچەن خانىم، زېرەك جالاپ دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى). بۇنى بىراۋ تونۇپ يەتتىمۇ؟ ئەگەر بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ كېپىنى ئاڭقىرىسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ پەرهىزگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ ـ دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن «ئۆزلۈك تەسىراتى»، ئۆزلۈك ئېڭىدىن ساقلىنىدۇ... بىراق، بىز بۈگۈنكى كۈندە پەخىرلىنىدىغان پۈتكۈل ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق، گىرېكلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەشمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بىزنىڭ هازىرقى پۈتكۈل بارلىقىمىز ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى كۈچ ۋە كۈچنى ئاڭقىرىشتۇر، شۇڭا مەزكۇر بارلىق ئىنتايىن تەكەببۇر ۋە روهقا ئېتىبارسىز قاراشتا ئايان بولىدۇ ــــ دەل بىز بۈگۈن هۆرمەت قىلغاننىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىلەر ئۇزۇندىن بۇيان ۋىجداننى ئۆزىنىڭ باياناتچىسى، تەڭرىنى ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاهى قىلدى. تەكەببۇرلۇق بىزنىڭ

بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەمىزدۇر، بىزنىڭ ماشىنا ۋە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ياردىمىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان كەشپىياتلىرىمىز تەبىئەتكە قارىتىلغان زوراۋانلىقنى پەيدا قىلدى؛ تەكەببۇرلۇق بىزنىڭ تەڭرىگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزدۇر، ئۇ سەۋەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك غايەت زور تور كەينىدىكى ھەرقانداق بىر ئاتالمىش مەقسەتنىڭ ئۆمۈچۈك تورى ياكى ئەخلاقنىڭ ئۆمۈچۈك تورىغا ماس كېلىدۇ، بىز جەسۇر ۋە كەسكىن چارلىس VII[1]نىڭ لۇيىس XI[2] بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا دېگەن گېپىنى تەكرارلىساق بولىدۇ: «مەن پۈتكۈل ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن جەڭ قىلىمەن!» تەكەببۇرلۇق بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇتقان پوزىتسىيەمىز بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىز خۇشال - خۇرام ھالدا، قىزىقىش بىلەن روھنى جانلىق تەندىن ئايرىپ چىقىمىز، بىز ئۇ يەردە يەنىلا روھنى «قۇتقۇزۇش»نى خالايمىز! ئاندىن بىز يەنە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزىمىز: بىز شۇبھىلەنمەيمىزكى، كېسەللىك مائارىپ مەنىسىگە ئىگە، ساغلاملىقتىنمۇ بەكرەك مائارىپ مەنىسىگە ئىگە، شۇڭا بىز بۈگۈن شۇنداق قارايمىزكى، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ھەتتا ھەرقانداق داۋالاش خادىمى ۋە «قۇتقۇزغۇچى»دىنمۇ بەكرەك زۆرۈر. ئېنىقكى، بىز ئۆزىمىزنى قىينايمىز، بىز — بۇ روھنىڭ ئامبۇرىدۇرمىز، بىز — سوئال سورىغۇچىلار ۋە گۇمانلانغۇچىلارمىز، بىز ئۆزىمىزنى قىينايمىز، گويا تۇرمۇشتا ئامبۇردىن باشقا نەرسە يوقتەك. بۇ بىزنىڭ مۇقەررەر رەۋىشتە كۈنسايىن تېخىمۇ گۇمانلىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ تېخىمۇ سوئال سوراشقا ئەرزىگۈدەك بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا تېخىمۇ ياشاشقا ئەرزىگۈدەك بولۇشىمىز

① چارلىس VII (1404 — 1461 ) فىرانسىيە ۋالوۋېر خانلىقىنىڭ پادىشاھى (1422 — 1461)، ئۇ يەنە «خىزمىتىگە ساداقەتمەن چارلىس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② لۇيىس XI (LouisXI، 1423 — 1483)، فىرانسىيە ۋالوۋېر خانلىقىنىڭ پادىشاھى (1461 — 1483)، دادىسىغا قارشى توپىلاڭغا قاتنىشىپ، دادىسىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، ھوقۇقنى مۇستەھكەملەپ، فېئودال يەر ئىگىلەش سىياسىتىنى يولغا قويغان.

ئىپتىمالمۇ؟... پۈتكۈل ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرمەھەل يامان ئىش بولغان، ھەربىر ئەسلىي گۇناھ بىر خىل ئەسلىي ئەخلاقتا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، نىكاھ ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە، قارىماققا ئىجتىمائىي توپنىڭ بەلگىلىمىسىدە گۇناھقا ئوخشايتتى، ئادەم خوتۇن ھەققىدىكى خىيالىنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبلىك جازالانغان. يەنە بىر مىسال، توي كېچىسى ھوقۇقىدۇر، كامبۇدژادا توي كېچىسى ھوقۇقى ھازىرغىچە دىندارلارغا مەنسۇپ، ئۇ «كونا ئېسىل ئەنئەنە»نى قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىدۇر. مۇلايىم، دوستانە، ئىتائەتچان، ھېسداشلىقتا باي ھېسسىيات ــــ ئۇنىڭ قىممىتى يېقىندىن بېرى ئېشىپ، ئۇلارنى «قىممەتنىڭ ئۆزى»گە ئايلاندۇرۇۋالدى ــــ تارىختىن بۇيان ئۆزىگە سەل قارىدى، كىشىلەر ئىلگىرى ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقىدىن نومۇس قىلاتتى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسكىنلىكىدىن خىجىل بولىدۇ (مېنىڭ «ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدا»دىكى تەنقىدىمگە قاراڭ، 232 ـ بەت). كىشىلەرنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇشىغا كېلەيلى! پاھ! پۈتكۈل دۇنيادىكى ئالىي ئىرقتىكىلەر ۋىجدانىغا قارشى ھالدا جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق قىساستىن ۋاز كېچىپ، قانۇننىڭ زوراۋانلىقىنى قوبۇل قىلغان! ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىختا، «قانۇن» ئىزچىل رەۋىشتە بىر خىل چەكلىمە، بىر خىل جازا، بىر خىل كەشپىيات بولدى، ئۇ زوراۋانلىققا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، زوراۋانلىق سۈپىتىدە پەيدا بولغان، كىشىلەر پەقەت ئۆزىدىن خىجىل بولغاندىلا، ئۇنىڭغا بويسۇنغان. بۇ دۇنيادا ھەربىر ئۇششاق قەدەمگە روھىي ۋە جىسمانىي قۇربانلىقلار بەدەل قىلىنغان، مەن «تاڭ شەپقى»دە: «پەقەت ئىلگىرىلەشكىلا بەدەل كېتىدىغان ئىش يوق، ھەرگىز! قەدەم ئېلىش، ھەرىكەت قىلىش، ئۆزگىرىشنىڭ ھەممىسىگە سان ـ ساناقسىز قۇربانلىق كېتىدۇ» دەپ يازغانىدىم. بۇ كۆزقاراش بىزگە بۈگۈن پىشمىغاندەك ئاڭلىنىدۇ. مەن يەنە «تاڭ شەپقى»دە مۇنداق يازغان: «ئىنسانلارنىڭ

ئەقلىيىتىدىن ۋە ئەركىن ھېس - تۇيغۇسىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق، ئۇ دەل بىزنىڭ بۈگۈنكى تەكەببۇرلۇقىمىزدۇر. بۇ تەكەببۇرلۇق بىزنى بۈگۈنكى كۈندە ‹ئۆرپ - ئادەت ئەخلاقى› پەيدا قىلىدىغان ئادەتتىكى يىللارنى ھېس قىلالماس قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، ئەنە شۇ ‹دۇنيا تارىخى›دىن ئاۋۋالقى ھەقىقىي، بېكىتىلگەن تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ خاراكتېرىنى تۇرغۇزغان — ئۇ چاغدا ئازاب، شەپقەتسىزلىك، نىقابلىنىۋېلىش، قىساسخورلۇق، ئەقلىنى رەت قىلىشلار ئەخلاق دەپ قارالغان؛ ئەكسىچە، ئازادلىك، بىلىم ئىستىكى، تىنچلىق، ھېسداشلىق ھامان خەتەرلىك دەپ قارالغان؛ ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى ۋە ئەمگەككە سېلىنىشى نومۇسلۇق ئىدى، ئەسەبىيلىك مۇقەددەس ئىدى، ئۆزگىرىش ھامان ئەخلاقسىزلىق، ئاپەتنىڭ بېشارىتى دەپ قارىلاتتى.»

## 10

«تاڭ شەپىقى»نىڭ 39 - بېتىدىن يەنە ئەڭ دەسلەپكى قاتتىق باش قاتۇرغۇچىلارنىڭ قانداق تاشقى دۇنيا باھاسىدا ياشىغانلىقى، قانداق باھا بېسىمىدا ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ — ئۇلار ئادەمنى ئۆزىدىن تەشۋىشلەندۈرمەيتتى، ئۇلارغا ئىنچىكە سەل قارالدى! ئېنىقكى، قاتتىق باش قاتۇرۇش تۇنجى قېتىم دۇنيادا پەيدا بولغاندا نىقابلىنىۋالغان، ئۇنىڭ ئىككى تايىن يۈزى، يىرگىنچلىك يۈرىكى بولغان، ھەتتا دائىم قورقۇنچلۇق مېڭىگە ئىگە بولغان. بۇ قاتتىق ئويلانغۇچىلارنىڭ ئېنىستىنكتىدىكى ھۇرۇنلۇق، پىكىرلىنىشكە چۆكۈش ۋە ئىلگىرى باسمايدىغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چوڭقۇر گۇمان پەيدا قىلغان، بۇنداق گۇمانغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى تاشقى دۇنيانىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئېنىق تەشۋىشىنى قوزغاش ئىدى، مەسىلەن، قەدىمكى دەۋردىكى براھمانلار بۇ جەھەتتىكى



ماھىرلاردۇر! ئەڭ دەسلەپكى پەيلاسوپلار قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىگە بەرگەن بىر خىل مەنە، بىر تۇۋرۇك، بىر ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىلىق، كىشىلەرنى بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ۋەھىمىنى ئۆگىنىشكە ئۇندەشنى بىلگەن. لېكىن، ئىنچىكە تەتقىق قىلساق شۇنى بايقايمىزكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئېھتىياجنى چىقىش قىلغان، يەنى ئۆزىگە قارىتىلغان تەشۋىش ۋە ئەيمىنىشنى يېڭىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ئۆزىدىكى پۈتكۈل قىممەت ھۆكۈمىنىڭ ئۆزلۈككە قارشى ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقتىن، «پەيلاسوپنىڭ ئۆز تېنى»گە قارشى تۇرۇپ، پۈتكۈل شەكىللەرنىڭ گۇمانلىرى ۋە قارشىلىقىنى يوقاتمىسا بولمايتتى. قورقۇنچلۇق دەۋردە تۇرۇپ، ئۇلار قورقۇنچلۇق شەكىللەر ئارقىلىق مۇنداق ئىشنى قىلدى — ئېچىنىشلىق رەۋىشتە ئۆزلۈكنى قىيىندى، ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ئۆزلۈكنى قامچىلىدى، بۇلار ئىنتايىن ئۇسسىغان ۋە ئاچ قالغان دەرۋىشلەر ۋە يېڭى ئىدىيە كەشپىياتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق قورالى ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىلاھلار ۋە ئەنئەنىنى بويسۇندۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ كەشپىياتىغا ئىشىنەلەيتتى. مەن پادىشاھ ۋىشۋامىترا[①] توغرىسىدىكى مەشھۇر ھېكايىنى ئويلاپ قالدىم، بۇ پادىشاھ مىڭ يىل ئۆزىنى قىيناش ئارقىلىق بىر خىل كۈچلۈكلۈك تۇيغۇسى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا يېڭى بىر جەننەتنى قۇرغۇزىدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا زامانىۋى پەيلاسوپلارنى قورقۇتىدىغان تارىخىي سىمۋولدۇر — مەلۇم مەزگىل «يېڭى جەننەت» قۇرغان كىشىلەر ئاۋۋال ئۆز دوزىخىدىن يېڭى جەننەت قۇرۇشقا كېرەكلىك كۈچ ئىزدەيدۇ. قىسقىسى، پەلسەپە روھى ھامان ئالدى بىلەن ئېتىراپ قىلىنىپ بولغان قاتتىق ئويلانغۇچى

① ۋىشۋامىترا (Vishvamitra) بىراھمان رىۋايەتلىرىدىكى ئەۋلىيا.

قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئاندىن پەرداز قىلىپ سەھنىگە چىققان، ئۇ دائىم دەرۋىش، سېھىرگەر، بېشارەتچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ھەتتا ئانچە ـ مۇنچە دىندار قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسا كېرەك. تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۇزۇن مەزگىل پەيلاسوپلار ئىشقا سالغان بىردىنبىر ئىپادىلەش شەكلى ۋە مەۋجۇتلۇق ئالدىنقى شەرتى بولغان. ئۇ چاغدا پەيلاسوپ چوقۇم مۇشۇنداق ئىپادىدە پەيلاسوپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالايتتى، ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنسە، مۇشۇنداق ئىپادىدە بولالايتتى. پەيلاسوپلارنىڭ دۇنيادىن بىزار بولۇش، ھاياتلىققا دۈشمەنلىك قىلىش، سەزگۈ ئەزالىرىدىن گۇمانلىنىش، شەھۋەتتىن ۋاز كېچىشتەك تەركىدۇنياچىلىق پوزىتسىيەسى بۈگۈنگىچە داۋام قىلدى، ھەتتا پەلسەپە پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆز تېنىدىكى ئورنىنى ئېلىۋالغىلى قىل قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق پوزىتسىيە پەلسەپە پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇشتا تايىنىدىغان جىددىي شەرتلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەۋرلەردە، تەركىدۇنياچىلىق پوستى ۋە نىقابى بولمىغان بولسا، بىر خىل تەركىدۇنياچىلىق شەكلىدىكى ئۆزلۈكنىڭ بۇرمىلىنىشى، دۇنيادا پەلسەپە ھەرگىز مەۋجۇت بولالمايتتى. جانلىق قىلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە دەرۋىشلىرى تاكى يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، ئاندىن بوز رەڭلىك، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان تۇكلۇك پوستىدىن چىقتى، چۈنكى ئەسلىدە مۇشۇ پوست بولسا پەلسەپە مەۋجۇت بولالايتتى، ھەتتا ئۆمىلىيەلەيتتى... بىراق، ئەھۋالدا ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟ رەڭلىك، خەتەرلىك، ئۇزۇن قاناتلىق جانلىق، تۇكلۇك پوستىنىڭ ئىچىدىكى «روھ» ھەقىقەتەن دۇنيادىكى تېخىمۇ كۆپ قۇياش نۇرى، تېخىمۇ كۆپ ئىللىقلىق، يورۇقلۇق سەۋەبلىك ئاخىر پوستتىن چىقىپ، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆردىمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەقىقەتەن يېتەرلىك تەكەببۇرلۇق، جاسارەت، ئۆزىگە ئىشىنىشنى، ھەقىقەتەن يېتەرلىك

روھ ئىرادىسى، مەسئۇلىيەت ئىرادىسى، ئىرادە ئەركىنلىكىنى ھازىرلاپ بولدۇقمۇ؟ «پەيلاسوپ» ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا مۇمكىنچىلىككە ئايلاندىمۇ؟....

**11**

تەركىدۇنياچىلىقنى ئېنىقلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىز ھېلىقى سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىش ۋەزىپىسىنى زىممىمىزگە ئالىمىز، بۇ سوئال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىز ئەستايىدىللىقنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشكە دۇچ كەلگەندە، ئاندىن «ئەستايىدىل» بولۇشقا باشلىدۇق. «ئەستايىدىللىق زادى نېمە مەندە؟» تېخىمۇ نېگىزلىك بۇ مەسىلە ئالىلىقاچان تىلىمىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغاندۇ، ئەپسۇسكى، بۇ فىزىيولوگلارنىڭ مەسىلىسىدۇر، بىز ۋاقىتىنچە ئۇنى ئويلاشماي تۇرايلى.

تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئىچىدە تەركىدۇنياچىلىق ئەقىدىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرادىسى، كۈچ ـ قۇدرىتى، مەنپەئەتى بار. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى بىلەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى كۈشەندىمىز ھازىر قورقۇنچلۇق رەقىبكە، ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بۇنداق غايىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان دۈشمەنلىككە يولۇقتى، بۇنىڭ بىرەر غەلىتىلىكى بارمۇ؟ ئەگەر ئۆز مەسىلىمىزگە نىسبەتەن بۇنداق مەنپەئەت پوزىتسىيەسىدە بولساق، بۇ ھۆكۈمرانغا ھېچقانداق ئالاھىدە ياردىمى بولماسلىقى مۇمكىن. بىر ئايال «ئايالنىڭ ئۆزى» ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولغاندا، ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، شۇنىڭدەك تەركىدۇنياچىلىقمۇ ئازراق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئاقلىغۇچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشى قىيىن،

ھەرقانداق ئەھۋالدا بىز تەركىدۇنىيالارنىڭ بۇ مۇھاكىمىسىنىڭ ئەڭ ئوبيېكتىپ سودىيەسى ۋە سوتچىسى بولالايدىغانلىقىدىن تېخىمۇ ئۈمىد كۈتەلمەيمىز. بىز ئۇنىڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان قارشىلىقتىن قورقىمىز دېمەي، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى بىزگە تېخىمۇ ياخشى قارشىلىق كۆرسەتكۈزۈپ، ئۆزىنى ئاقلىتىشىمىز مۇمكىن دېگىنىمىز تۈزۈك. بۇ كۆرەشنىڭ مەقسىتى تەركىدۇنىياچىلار تەسەۋۋۇر قىلغان ھاياتلىق قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر، ئۇلار ھاياتلىق (ھەم ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك «تەبىئەت»، «دۇنيا»، پۈتكۈل ئۆزگىرىشچان ۋە ۋاقىتلىق ساھەلەر)نى مەزمۇنى ئۆزگىچە مەۋجۇتلۇق بىلەن باغلايدۇ، ھاياتلىق بىلەن بۇنداق مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە قارشى تۇرۇش، بىر - بىرىنى سىقىپ چىقىرىشتۇر، نەتىجە گويا ھاياتلىق ئۆزىگە قارشى تۇرغاندەك، ئۆزىنى ئىنكار قىلغاندەك بولىدۇ — بۇنداق ئەھۋالدا، بىر خىل تەركىدۇنىياچە ھاياتلىقتا، ھاياتلىق باشقا بىر خىل مەۋجۇتلۇققا ئۆتىشىدىغان كۆۋرۈك دەپ قارىلىدۇ. تەركىدۇنىياچىلىق ھاياتلىققا ئېرىشىشنى تۇيۇق يولغا كىرىش قىلىۋالىدۇ، ئادەم ئەڭ ئاخىر ئازغانلىقىنى بىلىپ كەينىگە يېنىپ، تاكى ئازغان جايىغا قەدەر كېلىشى كېرەك. تەركىدۇنىيالار يەنە ھاياتلىقنى بىر خىل قايمۇقۇش، مۇناسىپ ھەرىكەت ئارقىلىق قايمۇقۇشنى توغرىلاش قىلىۋېلىپ، ئاخىر كىشىلەردىن ئۆزىگە ئەگىشىپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنداق ياۋۇزلارچە قىممەت شەكلى ھەرگىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئىش ۋە ئاجايىپ ھادىسە ئەمەس، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەسىرى كەڭ، ئەنئەنىسى چوڭقۇر رېئاللىقلارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر يىراقتىكى پىلانېتادىن بىزنىڭ بۇ يەر شارىمىزنى كۆزەتسەك، يەر شارى ئەسلىدە بىر تەركىدۇنىياچىلىق پىلانېتاسى ئىكەن، ئۇنىڭدا قانائەتنى

بىلمەيدىغان، تەكەببۇر، رەزىل جانلىقلار، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى ئۆزىدىن، دۇنيادىن، پۈتكۈل ھاياتلىقتىن بىزار بولۇشتىن قۇتقۇزالمايدىغان بىر توپ ئولتۇراقلىشىپتۇ، ئۇلار ئىمكانقەدەر ئۆز ئازابىنى تىزگىنلەپ، ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپىدىكەن — بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى بولسا كېرەك، دېگەن خاتا خۇلاسىنى چىقىرىشىمىز مۇمكىن. ئىنچىكە قارايدىغان بولساق، تەركىدۇنيانىڭ پۈتكۈل دەۋرلەردە پەيدا بولۇشى مانا مۇشۇنداق تەرتىپلىك، كەڭ دائىرىلىكتۇر. ئۇ مەلۇم بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ھەممە يەردە بار، تۇرلۇك مەرتىۋىلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ ھەرگىز بىيولوگىيەلىك نەسىل قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىممەت شەكلىنى تارقاتمايدۇ، بەلكى پۈتۈنلەي ئەكسىچە — ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل چوڭقۇر ئېنىستىنكتتە نەسىل قالدۇرۇشنى توسىدۇ. چوقۇم ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئېھتىياج ھاياتلىقىنى دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بۇنداق تۇرلەرنى ئۇزۇكسىز كۆپەيتكەن — چوقۇم ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدىكى مەنپەئەت بۇنداق زىتلىقنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتكەن. تەركىدۇنيالارنىڭ ھاياتلىقى بىر خىل زىتلىقتۇر! بۇ يەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغىنى بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى ئاداۋەت، بۇنداق ئاداۋەت قانائەتسىزلىك ئېنىستىنكتى ۋە ھوقۇق ئىرادىسىدە پەيدا بولىدۇ، ھوقۇق ئىرادىسى ھاياتلىقتىكى مەلۇم نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىمايدۇ، بەلكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ساغلام، ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىق ياشاش شارائىتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز روھىي كۈچتىن پايدىلىنىپ روھىي كۈچ بۇلىقىنى تىندۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇشنى كۆرىمىز. بۇ يەردە ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك نەزىرى ھامان بىيولوگىيەلىك كۆپىيىشكە، بولۇپمۇ بىيولوگىيەلىك كۆپىيىشنىڭ بەلگىلىرى — گۈزەللىك ۋە شادىمانلىققا تىكىلىپ تۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، مەزكۇر نەزەر مەمنۇنىيەت بىلەن خاتالىق، چۈشكۈنلۈكتىن، ئازابلىق بالايىئاپەتلەردىن، سەتلىكتىن، كۆپلىگەن خاتالىقلاردىن، ئۆزلۈكنىڭ يوقىلىشى، ئۆزلۈك زىيانكەشلىكى ۋە ئۆزلۈكنىڭ قۇربانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى رادىكال پارادوكستۇر. بىز بىر خىل بۆلۈنۈش، بىر خىل سۇنئىي ئۆزلۈك بۆلۈنۈشىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بۆلۈنگۈچىنىڭ ئۆز شارائىتى، ھاياتلىق ئىقتىدارى چېكىنگەندە، بۆلۈنۈش ئازابىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ھەتتا بۆلۈنۈشتىن ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن. «غەلىبە ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ جان تالىشىشتا تۆرىلىدۇ»، بۇ مۇبالىغە قىلىنغان شوئار ئەلمىساقتىن تارتىپ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ كۆرەش تۇغى بولۇپ كەلدى، بۇ ئېزىقتۇرۇشتا، بۇ ھەيرانلىق ۋە ئازاب كارتىنىسىدا، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۆز نۇرىنى، ئۆز بەختىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى تونۇيدۇ. تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىرىپىست، پايدا، قالتىسلىق ئوخشاش بىر تەنگە مەنسۇپتۇر.

## 12

ئەگەر بۇنداق جانلىق قارىمۇقارشى ئىرادە، تەبىئەتكە قارشى ئىرادە پەلسەپەلەشتۈرۈۋېتىلسە، ئۇ قەلبىنىڭ تەكتىدىكى ئۆكتەملىكىنى نېمىگە قارىتىپ قويۇپ بېرىدۇ؟ ئۇ ئادەتتە ئەڭ چىن، ئەڭ رېئال دەپ قارىغان نەرسىگە قارىتا قويۇپ بېرىدۇ، ئۇ دەل ئەسلىدىكى ھاياتلىق ئىنستىنكتى ھەقىقەت قىلىپ تىكلىگەن جايدىن خاتالىق ئىزدەشتۇر. مەسىلەن، ۋېدانتا[1] پەلسەپەسىنىڭ تەركىدۇنياچىلىرىغا ئوخشاش تەنني خىيالىي تۈيغۇ

[1] ۋېدانتا (Vedanta) ھىندىستاندىكى بىراھمان دىنىنىڭ ئالتە چوڭ پەلسەپە ئېقىمىنىڭ بىرى. «ۋېدانتا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ۋېدانىڭ ئاخىرقى چېكى» دېگەنلىك بولىدۇ. «ۋېدا» (Veda) بىراھمان دىنى ۋە ھازىرقى زامان ھىندى دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەستۇرى.

دەپ قاراش، ئازاب، كۆپ سانلىق، «سۇبيېكتىپ»، «ئوبيېكتىپ» ئۇقۇملىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنىمۇ خىيالىي تۇيغۇ دەپ قاراش ـــ بۇلار خاتا! پۇتۇنلەي خاتا! مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ «ھەقىقەت» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇ نەقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ ھە! ئۇ سەزگۈ ئەزالىرى ئۈستىدىنمۇ، ھادىسە ئۈستىدىنمۇ غالىب كەلدى، بۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئەقلىيلىكمۇ بويسۇندۇرۇلدى، پايخان قىلىندى! ئەقلىيلىك تەركىدۇنيالارچە ئۆزلۈككە سەل قاراش ۋە ئۆزلۈكنى زاڭلىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى جاكارلىدىكى، «راستىنلا ھەقىقەت ۋە بارلىق خانلىقى مەۋجۇت، ئەمما ھەقىقەت بۇ خانلىقنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىلغان!» شۇ تاپتا قانداقتۇر بىر ھۇزۇر يۇقىرى پەللىگە يەتتى!... (ئەزمىلىك قىلماي ئېيتىمەنكى، كانتنىڭ «شەيئىلەرنىڭ ئىدراكسىلىقى» توغرىسىدىكى ئۇقۇمىدىمۇ ئەقىلگە قارشى قويىدىغان تاقەتسىز تەركىدۇنياچىلىقنىڭ كېسەللىك ئىزنالىرى بار، كانتنىڭ «ئىدراكسىلىق»ى بىر خىل شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك توغرىسىدا ئىدراكنىڭ بىلىدىغىنى شۇكى، ئىدراك ئۇنى ھەرگىز چۈشىنەلمەيدۇ.) بىلگۈچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇنداق ئادەتتىكى چۈشەنچىلەر ۋە ئادەتتىكى قىممەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كەينىگە سۈرۈش ھەرىكىتىگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز، روھ بۇ چۈشەنچە ۋە قىممەتنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە غەزەپلەندى، ھەتتا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنداق غەزەپلىنىش بەتقىلىق ۋە ئۇنۇمسىزدۇر، شۇڭا ئىدراك ئۆزىنىڭ كونا «ئوبيېكتىپلىق»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئۆزگەرتكەن، بۇ ئەرزىمەس يېتىشتۇرۇش ۋە تەييارلىق خىزمىتى ئەمەس، «ئوبيېكتىپلىق»نى بۇ يەردە «پايدا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئۇقۇم» دەپ چۈشىنىشكە

بولمايدۇ (بۇ بىر خىل خاتا چۈشىنىش ۋە خاتالىقتۇر).
ئوبيېكتىپلىقنى ئۆزىنى مەدھىيەلەيدىغان ۋە قارشى تۇرىدىغان
پىكىرلەرنى تىزگىنلەش، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئاشكارىلاش، پىكىر
قىلىشنى توختىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش دەپ چۈشىنىش
كېرەك، بۇنىڭدا كىشىلەرنى تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە
ۋە ھېسسىياتلاردىن پايدىلىنىپ تونۇشنى چۈشەندۈرەلەيدىغان
قىلغىلى بولىدۇ. پەيلاسوپ ئەپەندىلەر، ھازىردىن باشلاپ «ساپ،
ئىستەكسىز، ئازابسىز، ۋاقىتسىز تونۇش سۇبيېكتى»دىن ئىبارەت
بۇ قەدىمى چۈشەنچىنىڭ توقۇلمىلىرىدىن ساقلىنىشقا تېخىمۇ
دىققەت قىلايلى، ئۆزىمىزنى «ساپ ئەقىل»، «مۇتلەق ئەقىل»،
«تەنىنى تونۇش» تۈرىدىكى بىر- بىرىگە زىت ئۇقۇملارغا
يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ساقلايلى، بۇ توقۇلما ۋە ئۇقۇملار ھامان
ئادەتتە كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان بىر كۆزنىڭ بولۇشىنى تەلەپ
قىلىدۇ، ھامان بۇ كۆزنىڭ پۈتۈنلەي يۆنىلىش تۇيغۇسى،
تەشەببۇسكارلىقى ۋە چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارى بولماسلىقىنى تەلەپ
قىلىدۇ، بۇنداق كۆرۈشنىڭ بولماسلىقى «كۆرۈش»نىڭ بەربىر
ئىكەنلىكىدۇر، شۇڭا بۇنداق كۆزنىڭ تەلىپى بىمەنە تەلەپتۇر.
دۇنيادا ئىدىيەلەرنىڭ كۆرۈشى، ئىدىيەلەرنىڭ تونۇشى بولىدىكەن،
بىز شەيئىلەر توغرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ
ئاشكارىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىمىز، تېخىمۇ كۆپ كۆز، تۈرلۈك
كۆزلەرنى ئوخشاش بىر شەيئىگە قارىتىشقا ماھىر بولۇپ
كېتىمىز، بىزنىڭ مەزكۇر شەيئى توغرىسىدىكى «ئۇقۇم»ىمىز،
بىزنىڭ «ئوبيېكتىپلىق»ىمىز بارغانسېرى ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ.
ئەگەر ئىرادە، تىزگىنلەش يوقىتىلسا، ھەتتا ھېسسىيات سىقىپ
چىقىرىلسا — ئەگەر مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسا — نېمە
بولۇپ كېتەر؟ بۇ ئىدراكنى ئاختا قىلىشتىن دېرەك بەرمەمدۇ؟

## 13

ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى. بۇنداق ئۆزئارا زىتلىق، تەركىدۇنيالارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «ھاياتلىق ئارقىلىق ھاياتلىققا قارشى تۇرۇش»تەك بۇنداق ھادىسە ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، پسىخولوگىيە ۋە فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىنمۇ ئىنتايىن بىمەنىدۇر. بۇنداق زىددىيەتنىڭ پېشانىسىگە ئىپادىلىنىش پۈتۈلۈپ كەتكەن. ئۇ مۇقەررەركى، بىر خىل ۋاقىتلىق ئىپادىلىنىش شەكلى، بىر خىل ئەندىزە، بىر خىل ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر خىل پسىخىك خاتا چۈشىنىشتۇر، بۇنداق پسىخىك خاتا چۈشىنىشنىڭ ئوبيېكتى ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان ئۆز تەبىئىيىتىدە چۈشىنىلمىگەن، ھەم ئىپادىلەنمىگەن، قىسقىسى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىنساننىڭ بىلىش يوچۇقىغا كىرمىگەن بەزى شەيئىلەردۇر. مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىمەن: تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىر خىل مەغلۇبىيەتنى مەنبە قىلغان ـ يۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان ھاياتلىقنىڭ ئۆزلۈكنى قوغداش ۋە ئۆزلۈكنى قۇتقۇزۇش ئىنستىنكتىدۇر. ئۇنىڭ ئىپادىسى قىسمەن فىزىيولوگىيەلىك توسالغۇ ۋە پسىخىك قۇرغاقچىلىقتا كۆرۈلگەن. بۇنداق ھالەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تېخى كۆرۈلمىگەن ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ھاياتلىق ئىنستىنكتى ئۈزۈكسىز رەۋىشتە يېڭى قورال ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى ئىشقا سالىدۇ، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى مانا مۇشۇنداق بىر خىل قورالدۇر. بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئەلۋەتتە غايە ئىبتىقادچىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئەكسىچە. ھاياتلىق تەركىدۇنياچىلىق غايىسىدە، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمنى رەت قىلىدۇ، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ھاياتلىقنى ساقلاشتا ئىشقا سېلىنىدىغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستىدۇر. تارىخ بىزگە شۇنداق دەيدۇكى، ئوخشاش بىر غايە ئادەمنى تىزگىنلەپ، كۈچلۈك

قىلالايدۇ، بولۇپمۇ مەدەنىيەتلىك ۋە كۆندۈرىدىغان، بويسۇندۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ يېرىدە. بۇ يەردە ئۇلۇغ بىر ئەمەلىيەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مانا بۇ هازىرقى ئىرق (ئەڭ بولمىغاندا كۆندۈرگۈچى ئىرق)نىڭ كېسەللىك هالىتى، ئادەم بىلەن ئۆلۈمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك توقۇنۇشى، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ زېرىكىشلىك هاياتلىق، هاياتلىقنىڭ قۇرغاقلىقى، ئۆمىدنىڭ «ئاخىرلىشىشى» بىلەن قىلغان فىزىيولوگىيەلىك كۈرىشىدۇر. تەركىدۇنيانىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىچە بارلىق، باشقا جايدا مەۋجۇت بولۇش ئىستىكى نامايان بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ نامايان قىلغىنى بۇنداق ئارزۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇ، بۇنداق ئارزۇدىكى چوغلىنىش نۇقتىسى ۋە كەسكىنلىشىش ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكى قۇدرەت قېرىشقاندەك ئۇنى مانا مۇشۇ يەردە كىشەنلەپ قويغان، قېرىشقاندەك، بۇ قۇدرەت ئۇنى باقىيلىقتىكى ياشاش شارائىتى ۋە ئادەمنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، بۇ قۇدرەت ئۇنىڭغا بىر توپ مەغلۇبىيەتچىلەر، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر، قىيىنچىلىقتا قالغانلار، بەختسىزلەر ۋە ئۆزىنى قىينايدىغانلارنى ساقلاتقۇزۇپ، ئۇنى ئىنستىنكتلىق رەۋىشتە پادىچىغا ئوخشاش بۇ بىر توپ كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلدۇرغان. هازىر ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولدۇقكى، تەركىدۇنيالار قارىماققا هاياتلىقنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ هاياتلىقنىڭ ئىنكار قىلغۇچىلىرى ئەمەلىيەتتە دەل هاياتلىقنىڭ ئۇلۇغ قوغداش هەيۋىسى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جاۋاب يارىتىش هەيۋىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇنداقتا، هېلىقى كېسەللىك هالىتى قەيەردىن كەلگەن؟ شۈبھىسىزكى، ئادەمنىڭ ئېنىقلىقى باشقا هەرقانداق هايۋاندىنمۇ كېسەلمەن، تۇتۇرۇقسىز، ئېنىقسىزدۇر، ئادەم بىر خىل كېسەلمەن هايۋان، ئۇ قەيەردىن كەلگەن؟ ئەلۋەتتە، ئادەم باشقا هەرقانداق هايۋانغا سېلىشتۇرغاندا دادىل، ئۆزگىچە، جاهىل،

تەقدىر بىلەن تېخىمۇ بەكرەك تىركىشىدۇ. ئادەمدىن ئىبارەت ئۆزى ئارقىلىق ئۇلۇغلۇقنى سىنايدىغان تەجرىبىچى، مەڭگۇ قانائەت قىلمايدىغان، ئاچ كۆزلۈكتىن بىزار بولمايدىغان بۇ ھايۋان باشقا ھايۋانلاردىن، تەبىئەتتىن، ئىلاھلاردىن ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشقان، ئادەم تېخى بويسۇندۇرۇلمىدى، ئادەم مەڭگۇ كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى ھەددىدىن زىيادە زېھنىنىڭ مەجبۇرلىشىدا، ئازراقمۇ خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەربىر رېئال تەنگە قىلىتىرىقتەك شەپقەتسىز يىلتىز تارتىدۇ... بۇ جەسۇر، پاراسەتلىك ھايۋان نېمىشقا دۇنيادىكى پۈتكۈل كېسەل ھايۋانلار ئىچىدىكى گىرىپتار بولغان كېسىلى ئەڭ خەتەرلىك، كېسەللىك تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، كېسەللىك ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر ھايۋان بولمايتتى؟ بىز دائىم كىشىلەرنىڭ دۇنيادىن بىزار بولغانلىقىنى كۆرىمىز، يەنى «دۇنيادىن بىزار بولۇش كېسىلى» بىر مەزگىل مودا بولغاندى (مەسىلەن، 1348 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئۆلۈم تەلۋىلىكى دەۋرى). بىراق، بۇنداق زېرىكىش، بۇنداق چارچاش، بۇنداق ئۆزلۈك تەشۋىشى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتايىن كۈچلۈك تەرزدە پارتلاپ، شۇ ھامان يېڭى كىشەنگە ئايلىنىپ قالغان. خۇددى سېھىرگەرلىكتە ئوخشاش، ئادەمنىڭ ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىشىدىن نۇرغۇن مۇلايىم ئاۋازلار ۋە تىنىقنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشى پەيدا بولغان، شۇنداق، ئۇشبۇ بۇزغۇنچىلىق مۇتەخەسسىسى، ئۇشبۇ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش مۇتەخەسسىسى ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغاندا، دەل ئەنە شۇ ئىچكى يارا ئۇنى ياشاشقا مەجبۇرلىغان.

## 14

ئادەمنىڭ كېسەللىك ھالىتى بىز ئىنكار قىلالمايدىغان ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى. ئادەمنىڭ كېسەللىك ھالىتى بارغانسېرى نورماللىشىدۇ، بىز بارغانسېرى كەم كۆرۈلىدىغان، تاسادىپىي

بولغان، روھ ۋە تەن بىرىكمىسىنىڭ ھەيۋىسىگە ھۆرمەت قىلىمىز، بىز بارغانسېرى بۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەمنى ئەڭ رەزىل كېسەلخانا ھاۋاسىنىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچراشتىن تېخىمۇ كەسكىن قوغدايمىز. كېسەل ئادەم ساغلام ئادەمگە ئەڭ زور خەۋپتۇر. كۈچلۈكلەرنىڭ ئاپەتلىرى ئەڭ كۈچلۈكلەرنى مەنبە قىلماي، ئەڭ ئاجىزلارنى مەنبە قىلىدۇ. بىلدىڭلارمۇ؟ ئادەمدىن ۋايىم يېيىش ھەرگىزمۇ بالا - قازانى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، بىز ئىمكانقەدەر ئادەمدىن ۋايىم يېيىشنى ئازايتىشىمىز كېرەك، بىراق دەل مۇشۇ ۋەھىمە كۈچلۈكلەرنى كۈچلۈككە ئايلاندۇرىدۇ، ھەتتا زۆرۈر شەرت ئاستىدا ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، بۇنداق ۋەھىمە تەربىيە كۆرگەن ئىرقنى قوغدايدۇ. ئەڭ زور بالا - قازا پەيدا قىلغۇچى سەۋەب ئېغىر ۋەھىمە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە قارىتىلغان چوڭقۇر يىرگىنىش ۋە بىچارىلىكتۇر، بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ بىرىكىشى قېچىپ قۇتۇلغۇسىز رەۋىشتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بالا - قازانى — ئادەمنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى ئىرادىسى»نى، ئۇنىڭ يوقلۇق ئىرادىسىنى، ئۇنىڭ نىھىلىزمىنى پەيدا قىلىدۇ. راست، بۇ جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلەر كۆپلەپ ئىشلەندى. ئەگەر بىراۋ بۇرنى بىلەنلا ئەمەس، كۆزى، قۇلىقى بىلەن شەيئىلەرنى پۇرىيالايدىغان بولسا، ھەرقانداق جايغا بارسا، بارغانلا يېرىدە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ياكى دوختۇرخانىغا ئوخشاش پۇراقلارنى سېزىدۇ، مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئادەمنىڭ كۇلتۇرەل ئۇسكۇنىسى، ئاخىر دۇنيادا پەيدا بولغان تۈرلۈك شەكىللەردىكى «ياۋروپا»دۇر.

ئادەمنىڭ ئەڭ زور تەھدىتى كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشتۇركى، ھەرگىز «ياۋۇزلۇق»، «يىرتقۇچلۇق» ئەمەس. ئەزەلدىن ئوغرىلىقچە يۆتكىگۈچىلەر، مەغلۇبىيەتچىلەر، ۋەيران بولغۇچىلار ئەڭ ئاجىزلار، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ زور ھاياتلىق پارازىتلىرىدۇر، ئۇلار بىزنىڭ ھاياتلىققا، ئادەملەرگە بولغان

ئىشەنچىمىزنى ئەڭ خەتەرلىك رەۋىشتە زەھەرلەپ تەۋرىتىۋېتىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىسا، شۇنىڭ كۆزى توسۇلۇپ قالىدۇ، ئۇ ئادەمدە بىر خىل چوڭقۇر قايغۇلۇق، شەكلى ئۆزگەرگەن، ئارقىنى كۆرىدىغان نەزەر پەيدا قىلىدۇ. بۇ نەزەردىن، بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇنداق نەزەر قارىماقتا ئاھ ئۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ، «مەن ئۆزۈمنىڭ باشقا بىر ئادەم بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن – ھە!»، بۇ نەزەر ئاھ ئۇرىدۇ، «ئەپسۇسكى، ئۈمىد يوق، مەن مەندۇرمەن، قانداق قىلسام ئۆزۈمدىن قۇتۇلالايمەن؟ ئاھ! مەن ئەمەلىيەتتە ھاياتتىن بىزار بولدۇم.» بۇنداق ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش ئاساسىدا، بۇ ھەقىقىي سازلىقتا ھەرقانداق ياۋا ئوت – چۆپ، ھەرقانداق زەھەرلىك ئۆسۈملۈك ئۆسەلەيدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى شۇ قەدەر پاكار، شۇ قەدەر يوشۇرۇن، شۇ قەدەر ئىپلاس، شۇ قەدەر ئادەمنى ئازدۇرىدۇ! بۇ يەرگە قىساس ۋە دورامچىلىقنىڭ پارازىتلىرى توپلانغان، بۇ يەرگە مەخپىي ۋە بىسلىغان ھاۋا تولغان؛ بۇ يەردە توختىماي تەڭداشسىز رەزىل سۈيىقەستلەرنىڭ تورلىرى توقۇلۇپ تۇرىدۇ — قىيىنچىلىقتا يولۇققۇچى سۈيىقەستتە بەختكە ئېرىشكۈچى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا تاقابىل تۇرىدۇ؛ بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەت چۈشەنچىسى ئۆچمەنلىككە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىغۋا توقۇلىدۇ! چىرايلىق ئىبارىلەر ۋە گۈزەل قىياپەتلەر قالايمىقان ئىشلىتىلىدۇ! بۇ شۇ قەدەر «ياۋاش» يارىلاندۇرۇش سەنئىتىدۇر! شۇ قەدەر ئۇلۇغۋار سۆز – ئىبارىلەر بۇ مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ! شۇ قەدەر تاتلىق، جەلپكار، ئەدەپلىك، يۇزى تۆۋەن كەيپىيات ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئەگىپ تۇرىدۇ! ئۇلار زادى نېمە ئويلايدۇ؟ ئەڭ بولمىغاندا ھەققانىيەت، مۇھەببەت، ئەقىل – پاراسەت، ئەۋزەللىكنى ئىپادىلەش — مانا بۇ ئۇشبۇ «ئەڭ پەس كىشىلەر»،

ئۇشبۇ بىمارلارنىڭ قارا نىيىتىدۇر، بۇنداق قارا نىيەت ئۇلارنى نەقەدەر ئەقىللىك قىلىشۇەتكەن ـ ھە! بىز ئۇلارنىڭ ياسالمىلىق تېخنىكىسىغا قول قويماي تۇرالمايمىز، ئۇلار بۇنداق تېخنىكا ئارقىلىق ئەخلاقىيلىق تامغىسىنى، ھەتتا ئەخلاقىيلىق ساداسى، ئەخلاقىيلىق ئالتۇنلىرىنىڭ ساداسىنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئۇلار — ئۇشبۇ ئاجىزلار، ئۇشبۇ كېسەللىك چاپلاشقان بىمارلار ھازىر پۇتۇنلەي ئەخلاقىيلىقنى تىزگىنلىۋالدى، ئۇلار: «پەقەت بىزلا ياخشى ئادەم، ھەققانىيەتچى، پەقەت بىزلا ئاق كۆڭۈل» دېيىشىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلىپ ـ كېتىپ يۈرىدۇ، ئۆز كەچمىشىنى سۆزلەپ، بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ساغلاملىق، تەربىيە، قۇدرەت ۋە كۈچلۈكلۈك تۇيغۇسى رەزىل نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى، كىشىلەر ھامان بىر كۈنى بۇ گۇناھىنى يۈيۈشى، ئازابلىق رەۋىشتە يۈيۈشى كېرەك، دەيدۇ. ئاھ! تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى گۇناھىنى يۈيۈشقا تەييارلاندى، ئۇلار جاللات بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ ـ ھە! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوتچىلىق تونىغا ئورىنىۋالغان زور بىر تۈركۈم قىساسخورلار بار، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن دائىم چۈشمەيدىغان «ئادالەت» دېگەن سۆز زەھەرلىك شۆلگەيگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى ھەمىشە كاپىلداپ تۇرىدۇ، ھەرقاچان بۇ شۆلگەيلەرنى كوچىدىكى تۇرمۇشقا تويۇنغان، كەيپىياتى خۇشال كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چېچىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەمنى ئىنتايىن بىزار قىلىدىغان شۆھرەتپەرەسلەر، يالغانچىلىقنىڭ غەلىتە تۈرەلمىلىرى بەك كۆپ، ئۇلار جېنىنى تىكىپ «گۈزەل قەلب»نى ئىپادىلەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ يېتىلىشى مۇكەممەل بولمىغان شەھۋىتى، مىسرا ياكى باشقا تونلارغا ئورىنىۋېلىپ، «قەلبى پاك» دېگەن سۆزنى بەلگە قىلىپ، ئۇشبۇ ئەخلاق ئانانىزمچىلىرىنى، ئۇشبۇ ئانانىزمچىلارنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ! بىمارنىڭ ئىرادىسى مەلۇم شەكىلدىكى ئەۋزەللىكتە

ئىپادىلىنىدۇ، بىمارنىڭ ئىنستىنكتى ساغلام كىشىلەرگە زوراۋانلىق قىلىشنىڭ مەخپىي يوللىرىنى ئىزدەيدۇ، ئۇ يەردە بۇنداق زىيادە ئاجىزلارنىڭ ھوقۇق ئىرادىسى يوق! بولۇپمۇ ئايال بىمار مىسلىسىز دەرىجىدە تىزگىنلەش، زۇلۇم، زوراۋانلىق ماھارىتىگە ئىگە. ئايال بىمار ھەرقانداق ئادەمنى — ئۆلۈكنىمۇ، تىرىكنىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇ قەبرىدىكى كۆمۈۋېتىلگىلى ئۇزۇن بولغان نەرسىلەرنىمۇ كولاپ چىقىدۇ (بوگوس: «ئايال — جەسەت ئوغرىلايدىغان سىرتلان» دېگەنىدى).

ھەربىر ئائىلىگە، ھەربىر ئورگانغا، ھەربىر تەشكىلاتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە قاراپ باقساق، قايىل بولۇشىمىز تەس ئەمەسكى، ھەممىلا يەردە بىمارلارنىڭ ساغلام كىشىلەر بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى بار، كۆپ ھاللاردا بۇ ئاۋازسىز جەڭدۇر، جەڭدە كىچىك تىپىكى زەھەر بومبىسى، نەشتەر، مەككار سەۋرچانلىق ئىشقا سېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، يەنە دائىم زور كۈچ بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان بىمارلارنىڭ ساختىپەزلىكىمۇ بار، بۇنداق ساختىپەزلىك «ئالىيجاناب غەزەپ» نى ئورۇنلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەدناسى، پەننىڭ مۇقەددەس قەسرىدىنمۇ بۇ بىر توپ غالجىر ئىتلارنىڭ غەزەپلىك قاۋاشلىرىنى، بۇنداق «ئالىيجاناب» ساختىپەزلىك چىقارغان قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك يالغان گەپ ۋە ھۆركىرەشنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ (مەن يەنە بىر قېتىم قۇلىقى بار كىتابخاننى ھېلىقى بېرلىنلىق — قىساسكارلىقتا ئىشىنىدىغان ئېۋگېن دىيۇرىڭنى ئەسلەشكە تەكلىپ قىلىمەن، ئۇ بۈگۈنكى گېرمانىيەدە ئەخلاق دۇمبىقىنى ئۆرپ - ئادەتنى بۇزغۇدەك، كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە چېلىۋاتىدۇ. دىيۇرىڭ جاھاندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەخلاق دۇمباقچىسىدۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرداشلىرى — ئانتىي - سېمىتىزمچىلاردىنمۇ بەكرەك بىرىنچىدۇر). بۇ ئادەۋەتخور، فىزىيولوگىيەسى بىنورمال كىشىلەر، قۇرت چۈشكەن چىرىندىلەر

يوشۇرۇنچە قىساس ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان بىر پۈتۈن تۇپراق تىترىمەكتە، ئۇلار مەڭگۈ تىنىم تاپماي، قانائەت قىلماي، بەختلىكلەرگە تىغ ئۇچىنى قارىتىدۇ، ئۇلار مەڭگۈ توختاپ قالماي، شۈكۈر قىلماي، قىساسكارلىق بىلەن قوراللىنىدۇ، قىساسقا باھانە ئىزدەيدۇ، ئۇلار قاچان ئەڭ ئاخىرقى، قالتىس، شەرەپلىك غەلىبىگە يېتەر؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار غەلىبىگە ئېرىشكەن ھامان، ئۆز ئازابىنى ھەم دۇنيادىكى پۈتكۈل ئازابىنى بەختلىكلەرگە يۈكلەيدۇ ـ دە، ھامان بىر كۈنى بەختلىكلەرنى ئۆز بەختىدىن نومۇس قىلدۇرىدۇ، ئۇلار مۇنداق دەيدىغاندۇ: «بەخت شەرەپ ئەمەس! دۇنيادا ئازاب ئىنتايىن كۆپ!»...

بىراق، ئەڭ زور، ئەڭ ئاپەت خاراكتېرلىك خاتا چۈشەنچىمۇ بەختلىكلەر، تەربىيەلىكلەرگە يەتمەيدۇ. قاۋۇللارنىڭ جىسمى ۋە روھى ئۇلارنىڭ بەخت ھوقۇقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. يوقال! ھۇ «بۇزۇق دۇنيا»! يوقال! ھۇ ھاقارەتلىك، ئاجىز تۈيغۇ! بىمارلار ساغلام كىشىلەرنى يۇقۇملاندۇرمىسۇن، ئىرقنى ئاجىزلاشتۇرمىسۇن، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يۈكسەك ئەقىدە بولۇشى كېرەك، بۇ ئاۋۋال ساغلام كىشىلەرنىڭ بىمارلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنى، ساغلام كىشىلەرنىڭ بىمارلارنىڭ نەزىرىدىن ساقلىنىشىنى، ساغلام كىشىلەرنىڭ بىمارلارغا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتى تېبىبىي داۋالاش، پەرۋىش ياكى دوختۇرلۇقتۇ، بەلكىم؟ بىراق ئۇلار ئۆز خىزمىتىگە نىسبەتەن بۇنچىلىك قوپال خاتا چۈشەنچىدە بولمايدۇ ۋە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئالىيجانابلار يۈزىنى چۈشۈرۈپ چاكىنىلارنىڭ قورالى بولماسلىقى كېرەك، «ئارىلىق ساقلاش ھاياجىنى» مەڭگۈ ئوخشاش بولمىغان تۇرلەردىكى خىزمەتنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك! پۈتۈن ئاۋازلىق قوڭغۇراقنىڭ ياشاش ھوقۇقى ئاۋازى قېيىپ كەتكەن، سۇنۇپ كەتكەن قوڭغۇراقنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى. ساغلام كىشىلەر كەلگۈسىنىڭ پۇقراسىدۇر، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ

كەلگۈسىگە نىسبەتەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ساغلام ئادەمنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىكى ھەرگىزمۇ بىمارنىڭ قىلغىنى، قىلىشقا تېگىشلىكى ئەمەس. بىراق، بىمار سۈپىتىدىكى دوختۇر، سېستىرا ۋە قۇتقۇزغۇچى بولۇپ قالسا، ساغلام ئادەمنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنى قىلغۇدەك ۋاقتى بولامدۇ؟

بىز يەنىلا يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالايلى! قانداقلا بولمىسۇن، پۈتكۈل كۆلتۈرەل روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى ۋە كۆلتۈرەل دوختۇرخانىدىن يىراق كېتەيلى! بىز ساغلام ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلايلى، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى بولسۇن! ياكى تەنھا ئۆتەيلى — ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، بۇ يەردىن كېتەيلى، ئىچى چىرىپ كەتكەن ۋە قۇرتلاپ كەتكەن بىمارلار بىلەن يۇقۇملانغان بۇ ھاۋادىن يىراق كېتەيلى... دوستۇم، ئەمدى بىز ئاز دېگەندىمۇ ئۆزىمىزنى بىر مەزگىل قوغداپ، ئىككى خىل ئەڭ ئېغىر ۋابانىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىمايمىز، بۇ ئىككى خىل ۋابا بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئادەمدىن زور دەرىجىدە بىزار بولۇش ۋە ئادەمگە زور دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلىشتۇر.

## 15

ئەگەر كىتابخان ساغلام ئادەملەرنىڭ خىزمىتى ھەرگىزمۇ بىمارغا مۇلازىمەت قىلىش، ئۇنىڭ ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەن بولسا — مەن بۇ يەردە چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىمەن — دېمەك، ئۇ يەنە بىر مۇقەررەرلىكنى، دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭمۇ بىمار بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ بولىدى. بىز ھازىر ئىككى قولىمىزدا تەركىدۇنيانى مەنىسىنى تۇتۇۋالدۇق، بىز تەركىدۇنياچىلىقنى بىر توپ كېسەلمەن قوينىڭ تۇغما نىجات





يۈلتۈزى، پادىچىسى، ئاقلىغۇچىسى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تارىخىي بۇرچىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىنسىتىنكتى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇ پەۋقۇلئاددە، ماھارىتى يۈكسەك، تەلەيلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ كېسەل بولۇشى كېرەك، ئۇ پۈتكۈل بىمارلار، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا تېگى ـ تەكتىدىن باغلىنىشى كېرەككى، مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن چۈشەنگەنلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ؛ ئۇ يەنە كۈچلۈك بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئادەملەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىدىن كۈچلۈك بولۇشى زۆرۈر، ئۇنىڭدا يەڭگىلى بولمايدىغان ھوقۇق ئىرادىسى بولۇشى كېرەككى، شۇنداق بولغاندا، ئۇ بىمارلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ۋەھىمىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكى، توسالغۇسى، تايانچى، بويۇنتۇرۇقى، نەسىھەت قىلغۇچىسى، زوراۋان ھۆكۈمرانى، تەڭرىسى بولالايدۇ. ئۇ ئۇلارنى قوغدىشى كېرەك، كىم ئۆزىنىڭ پادا توپىغا قارشى تۇرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ساغلاملىققا قارشى تۇرغۇچى شۇنداق قىلىدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ ساغلام ئادەملىككە ھەسەت قىلغۇچى شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ تۇغما قارشى تۇرغۇچىدۇر، ھەتتا تۇرلۇك ساغلاملىق ۋە كۈچلۈكلۈكنىڭ ئىپادىلىرىنى ـــ تومپاي، زوراۋان، ئازادە، شەپقەتسىز، يىرتقۇچلارچە ۋەھشىي بولسىمۇ ـــ مەنسىتمەيدۇ. تەركىدۇنيادىن ئىبارەت بۇ ئاجىز ھايۋاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئۆچمەنلىك ئەمەس، بەلكى مەنسىتمەسلىكتۇر. ئۇ يىرتقۇچلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن ساقلىنالمايتتى، چۈشىنىشلىككى، ئەقىل («روھ») سىناش كۈرىشى كۈچ بىلەن ئېلىشىش ئەمەس. گېزى كەلگەندە، ئۇ ئۆزىدە بىر خىل يىرتقۇچلۇقنى يېتىشتۈرىدۇ ياكى ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق يىرتقۇچلۇق، بىر خىل يېڭى

يىرتقۇچلۇق ۋەھىمىسىگە باشلامچىلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى، زېرەكلىك ھەم سوغۇققانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈۋاتقان سۈلەيسۈنىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەنگەن، تۈلكىنىڭ ئالاھىدىكىمۇ يوق ئەمەس، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ھەم تەشۋىشلەندۈرىدىغان بىرلىككە كەلگەن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۆزىنى باشقا تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ ئارىسىغا قويىدۇ، ئۇ يەنە كەسكىن رەۋىشتە، ئېيىقتەك ئەستايىدىل، تەمكىن، زېرەك، سوغۇققان، غەلىتە قۇۋلۇق بىلەن ھەيۋىنىڭ ئاۋانگارتلىقى ۋە دۇمباقچىلىقىنى تېخىمۇ مىستىكلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ ھەتتا مۇمكىن بولسا، بۇ زېمىندا ئازاب، بۆلۈنۈش، ئۆزلۈك زىددىيىتىنى تېرىيدۇ، ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى ئاپەتكە يولۇققانلارنىڭ سەنئىتىگە ئەمەلىيەتتە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ جىسمىدا مەلھەم ۋە ئاغرىق پەسەيتكۈچى مەجۇن بولسىمۇ، دوختۇر بولۇش ئۈچۈن، ئۇ ئاۋۋال يارا ئاغزى پەيدا قىلىپ، ئاندىن يارا ئاغزىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتكەندە، زەھەرلىك شىرنىلەرنى يارا ئاغزىغا سۈركەيدۇ. مانا بۇ — سېھىرگەر ۋە ھايۋان كۆندۈرگۈچىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن نەيرەڭۋازلىقىدۇر؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پۈتكۈل ساغلام كىشىلەر بىمارغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ، پۈتكۈل بىمارلار مۇقەررەر رەۋىشتە ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ئۇ — مەزكۇر غەلىتە پادىچى ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ كېسەل پادىلىرىنى ياخشى قوغدايدۇ، ئۇ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز تېنىگە قارشى تۇرۇشىنى، پادا توپىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالىدىغان پۈتكۈل رەزىللىك، مۇغەمبەرلىك، يامان غەرەز ھەم كېسەللىنى يوشۇرغۇچىلار بىلەن كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى باشقا جاھىل كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇشىنى قوغدايدۇ. ئۇ ماھىرلىق بىلەن، جاپالىق رەۋىشتە، مەخپىي ھالدا پادا توپى ئىچىدىكى ئانارخىزملىق





هالەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ، يادا تويىدا خالىغان چاغدا كۆرۈلىدىغان ئۆزلۈكتىن قوزغىلىش هادىسىسى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. يادا تويى ئىچىدىكى ئۆزۈكسىز يىغىلىپ تۇرىدىغان ئاداۋەت ئەڭ خەتەرلىك پارتلاتقۇچ ماتېرىيالدۇر، يادىچىنىڭ ئاساسى جەڭ ماھارىتى، يەنى ئۇنىڭ ئەڭ زور پايدىسى بۇ پارتلاتقۇچلارنى يوقىتىپ، يادا تويى ۋە يادىچىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكتۇر. ئەگەر بىراۋ تەركىدۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئاددىي شەكىلدە بايان قىلماقچى بولسا، ئۇدۇللا ئېيتىشقا بولىدۇكى، تەركىدۇنيا ئاداۋەتنىڭ ئۆزگەرگەن يۆنىلىشىگە باشلامچىلىق قىلىدۇ. ھەربىر ئازابقا يولۇققۇچى ئېنىستىنكتىلىق رەۋىشتە ئازابقا يولۇقۇشىدىكى سەۋەبىنى ئىزدەيدۇ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر مەسئۇلنى ئىزدەيدۇ، تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئازابنى پەيدا قىلغان «جىنايەتكار» مەسئۇلنى ئىزدەيدۇ ـــ قىسقىسى، خالىغان بىر تىرىك ئادەمنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق باھانىسىنى بۇ تىرىك ئادەمگە دۆڭگىيەلەيدۇ ياكى بۇ ئادەمنى تەقلىدىي قامچا قىلىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى قويۇپ بېرىدۇ، چۈنكى ھېسسىياتىنى قويۇپ بېرىش ئازابقا يولۇققۇچىنىڭ ئەڭ زور ئۆزلۈك تەسەللىسى، شۇنداقلا ئۆزلۈكنى ناركوز قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر ئازابلىنىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىختىيارسىز رەۋىشتە ناركوز دورىسىغا كۈچلۈك ئىنتىلىشىدۇر. قىياس قىلىدىمكى، ئۆچمەنلىك، قىساس ھەم مۇشۇ تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي فىزىيولوگىيەلىك سەۋەبىنى مۇشۇ يەردىنلا تاپقىلى بولىدۇ، مانا بۇ ھېسسىيات ئارقىلىق ئازابنى ناركوز قىلىش ئىستىكىدۇر. بەزىلەر ئىنتايىن خاتا ھالدا بۇنداق ھەرىكەتنى ساپ ھالەتتىكى ئۆزىنى قوغداپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش، تەرەپبال زىيانكەشلىك ۋە ۋەھىمىگە قارىتىلغان ساپ ئىنكاس خاراكتېرلىك قوغدىنىش تەدبىرى، گويا مېڭىسى يوق يېشىل پاقىنىڭ نادامەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان «شەرتلىك رېفلېكس ھەرىكىتى»دۇر، دەپ

قارايدۇ. بىراق، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈپكى پەرق بار، بىرىنچى خىل ئەھۋالدا، ئادەم داۋاملىق يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، ئادەم تېخىمۇ قىزغىن مەلۇم كەيپىيات ئارقىلىق مېستىك، ئادەمنى قىينايدىغان، بارغانسېرى بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئازابنى ناركوز قىلىپ، بولمىسدى دېگەندىمۇ بۇنداق ئازاب توغرىسىدىكى ئويدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، زوراۋانلىقا ئىگە بىر خىل ھېسسىيات ھەم بۇنداق ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان ئەڭ ياخشى باھانە كېرەك. «مېنىڭ ماس كەلمەسلىكىمنى چوقۇم كىمدۇر بىرى پەيدا قىلغان» — پۈتكۈل بىمارلار مەسىلىنى مانا مۇشۇنداق ئويلايدۇ، ھەتتا ئۇلار مۇشۇنداق ئويلىغانسېرى، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ماس كەلمەسلىك تۈيغۇسىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى — فىزىيولوگىيەلىك سەۋەبىنى يوشۇرىدۇ (بۇ سەۋەب بىر خىل كېسەللىك ھالىتىگە ھېسداشلىق قىلىش بولۇشىمۇ، ئۆت سۈيۈقلۇقى زىيادە ئاجرىلىپ كەتكەنلىكتىن، قاندىكى كالىي سۇلفاتنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكى بولۇشىمۇ، مەلۇم بىر خىل ئەھۋالدا قورساق بېسىمىنىڭ قان ئايلىنىشنى توسۇۋالغانلىقى بولۇشىمۇ، تۇخۇمدان تۈرىدىكى ئەزالاردا يامانلىشىش كۆرۈلگەنلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن).

پۈتكۈل ئازابقا ئۇچرىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى قىزغىنلىق بىلەن باھانە ئىزدەپ، ئازابلىق ھېسسىياتىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. ئۇلار قىياس قىلىشقا، تۈرلۈك يامان ھەرىكەت ۋە زىيانكەشلىكنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلار تۇتۇق، گۇمانلىق يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئورگانىزملىرىنى كوچىلايدۇ، ئادەمنى ئازابلايدىغان بىر خىل گۇمانغا خالىغانچە چۆكۈپ، رەزىللىك ئارقىلىق ئۆزىنى زەھەرلەشتىن مەست بولىدۇ — ئۇلارنىڭ تىتىلىپ كەتكەن ئەڭ قەدىمكى يارا ئېغىزلىرى ئاللىقاچان ھىملاشتۇرۇۋېتىلگەن

تاتۇقلاردىن قان چىقىرىدۇ. ئۇلار دوستنى، خوتۇننى، بالىنى ھەم ئۆزى بىلەن ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەزىللەشتۈرۈۋالىدۇ. «مەن ئازابقا ئۇچراۋاتىمەن، بۇ چوقۇم كىمدۇر بىرىنىڭ جىنايىتى» — ھەربىر كېسەل قوي مانا مۇشۇنداق ئويلايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ پادىچىسى — تەركىدۇنيا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «دېگىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا، ئەي قويۇم! بۇ چوقۇم بىرىنىڭ جىنايىتى، بۇ ئادەم دەل ئۆزۈڭ، بۇ ئۆزۈڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتتۇر، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا مەسئۇل بولالايسەن!...» بۇ كۆزقاراش خېلىلا دادىل، ئەمما ئىنتايىن خاتا. ئۇ ئەڭ بولمىغاندا مۇنداق مەقسەتكە يەتكەن — بايا بۇنى دەپ بولغانىدىم — ئاداۋەتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش.

## 16

كىتابخانلار ھازىر مېنىڭ كۆزقارىشىمغا ئاساسەن، ھاياتلىقتىن ئىبارەت ماھىر تېۋىپ ئىنستىنكتىنىڭ قانداقلا بولمىسۇن تەركىدۇنيالارنىڭ بىرنەرسىلەرنى سىناشقا ئۇرۇنۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولدى؛ كىتابخانلار «گۇناھكارلىق»، «قەبىھلىك»، «جىنايەت»، «چۈشكۈنلىشىش»، «جازالىنىپ تۇرمىگە كىرىش» دېگەندەك بۇ تۇردىكى ئۆزئارا زىت، توغرىدەك كۆرۈنىدىغان ئۇقۇملارنىڭ ۋاقىتلىق مۇتتەھەملىكى، تەركىدۇنيالارغا نىسبەتەن قانداق ئۇنۇمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ ئۇنۇمى مۇئەييەن دەرىجىدە بىمارلارنى زىيانسىز قىلىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان كىشىلەرگە ئۆز ـ ئۆزىنى ناكار قىلدۇرۇپ، يېنىك كېسەللەرگە كەسكىنلىك بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى قارىغا ئالدۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئاداۋەتنىڭ نىشانىنى بۇراپ («بىردەكلىكنىڭ مۇقەررەرلىكى»)، بىمارلاردىكى رەزىللىك ئىنستىنكتىنى) ئۆزلۈكىنى

ئاخىرلاشتۇرۇش، ئۆزلۈكنى تىزگىنلەش، ئۆزلۈكنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق «دورا ئىشلىتىش»، بۇنداق نوقۇل ھېسسىي دورا ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقىي ئۇنۇملۇك فىزىيولوگىيەلىك داۋالاش ئۇسۇلىنى پەيدا قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، ھاياتلىق ئىنستىنكتى ساقىيىشنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ يەتتى، دېيىشكە بولمايدۇ. بىمارلار تەشكىللىنىپ، بىر چەتكە يىغىلىپ («چېركاۋ» دېگەن سۆز مۇشۇ تۇردىكى يىغىلىشنىڭ ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇسىدۇر)، تېنى ساغلام، ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان كىشىلەر ۋاقىتلىق يەنە بىر چەتكە مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلۇش — بۇنداق قىلىش ساغلاملىق بىلەن كېسەللىك ئارىسىغا ھاڭ پەيدا قىلىپ قويىدى، ئۇزۇندىن بېرىقى بۇنداق ھاڭ ھەممىدۇر! ھەتتا ئۇنىڭ دارىتمىسى چوڭقۇر، دارىتمىسى ئىنتايىن چوڭقۇر...

[كىتابخانىلار شۇنى كۆردىكى، مېنىڭ بۇ ئەسىرىمدە بىر قىياس ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۆزۈم يولۇقىدىغان كىتابخانىلارغا نىسبەتەن بۇ قىياسنى ئاۋۋال دەلىللىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەن شۇنى ئوتتۇرىغا قويدۇمكى، جىنايەت ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھەقىقىي ئەھۋال، يەنى بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك نامۇۋاپىقلىق توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش، ئېتىكا ۋە دىنىي كۆزقاراش ئارقىلىق فىزىيولوگىيەلىك نامۇۋاپىقلىقنى چۈشەندۈرۈشتۇر، بۇنداق ئېتىكىلىق ۋە دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچى يوق. شۇڭا، ئەگەر بىراۋ ئۆزىنىڭ «پۇشايمىنى»، «جىنايىتى»نى ھېس قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ھېس قىلغانلىرى توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ساغلام دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر ئايال پېرىخونلار سوت قىلىدىغان تارىخىي





باسقۇچلارنى ئەسلىشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ ئىنسانپەرۋەر سودىيەلەر ئايال پېرىخونىنىڭ جىنايىتى بارلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى. «ئايال پېرىخونلار»نىڭ ئۆزىمۇ بۇ نۇقتىدىن شەكلەنمىگەن، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى ھېس قىلغان.

بىز سۆزىمىزنى ئەنە شۇ ئۇقۇمدىن باشلاپ قانات يايدۇرىمىز، مېنىڭچە، «روھىي ئازاب»نىڭ ئۆزى ئەزەلدىن رېئاللىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل چۈشەندۈرۈشتۇر (بىر خىل سەۋەب ـ نەتىجە چۈشەندۈرۈشىدۇر)، ئۇ بۇگۈنگىچە توغرا ئىپادىلەشكە ئامال بولمىغان نورغۇن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن، «روھىي ئازاب» ئەزەلدىن پۈتۈنلەي بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن، ئىلمىي ئاساس يوق نەرسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىلەڭسىز ئىششىق ئىچىدىكى سۆزنىڭ ئوتتۇندەك ئورۇق سوئال بەلگىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىدۇر. گەپنىڭ سەتىنى دېگەندە، مەلۇم بىراۋ «روھىي ئازاب»تىن قۇتۇلالمىسا، كېسەللىك ئۇچىقى ئۇنىڭ «روھى»دا مەۋجۇت بولماي، ئۇنىڭ قورسىقىدا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن (مەن بايا ئېيتتىم، بۇ سەت ئېيتىلغان گەپ، بىراق مەن كىشىلەرگە سەت ئاڭلىنىشىنى، سەت چۈشىنىلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن...). بىر ساغلام ئادەمنىڭ ئۆز كەچۈرمىشى (ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە خاتا ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نى ھەزىم قىلىشى ئۆزىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەزىم قىلغانغا ئوخشايدۇ، بەزىدە ئۇ چايناش قىيىن قاتتىق يېمەكلىكلەرنى پۈتۈن يۇتۇۋېتىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىر خىل كەچۈرمىشتىن «قۇتۇلالمىسا»، بۇنداق ھەزىم ناچارلىقى فىزىيولوگىيەلىك، شۇنداقلا باشقىچە بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقا ھەزىم ناچارلىقىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر. بىز خۇپىيانە ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە ئادەم ماتېرىيالىزمنىڭ ئەڭ تەمكىن رەقىبىدۇر...]

## 17

خوش، بىزنىڭ تەركىدۇنيايىمىز ھەقىقەتەن دوختۇرمۇ؟ بىز شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۇنى دوختۇر دەپ ئاتىيالىشىمىز ئىنتايىن قىيىن. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى» دەپ ھۆرمەت قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىدىغىنى ئازابنىڭ ئۆزى، ئازابلانغۇچىنىڭ ساقىيالمىدۇركى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەنبەسى، كېسەللىكنىڭ ئۆزى ئەمەس — مانا بۇ بىز تەركىدۇنيالارغا قارشى تۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان رىتسپىنىڭ ئەڭ ياخشى ئاقلىنىشىدۇر. بىز ئۆزىمىزنى تەركىدۇنيالارغا پىششىق تونۇشلۇق چۈشەنچە ئىچىگە قويساق، كۆرىدىغان، تاپىدىغان ۋە بايقايدىغانلىرىمىزدىن ھەيران قالىمىز. ئازابنىڭ يەڭگىللىشى، تۈرلۈك شەكىللەردىكى «تەسەللى» — مانا بۇلاردا ئۇنىڭ تالانتى نامايان بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەللى بەرگۈچىلىرىنىڭ بۇرچىنى نەقەدەر ئىجادىي رەۋىشتە چۈشىنىدۇ - ھە! خىرىستىيان دىنىنى ئىنتايىن زور، ئەڭ مول مەنىۋى تەسەللى قوراللىرى ساقلانغان خەزىنە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ قەدەر كۆپ روھلاندۇرۇش دورىسى، پەسەيتىش دورىسى، ناركوز دورىسى بار؛ ئۇنىڭدا روھىي تەسەللى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شۇ قەدەر كۆپ خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش، شۇ قەدەر كۆپ خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتى بولغان؛ ئۇنىڭدا شۇ قەدەر ماھىرلىق، شۇ قەدەر ئۇستاتلىق — جەنۇبىي ياۋروپالىقلارچە ئۇستاتلىق ئۇسۇلىنى ئالاھىدە لايىھەلەپ چىققىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاھىدە ھېسسىي غىدىقلىنىش ئارقىلىق ئەڭ بولمىغاندا ۋاقتىنچە فىزىيولوگىيەلىك تۇسالغۇ، ھەددىدىن زىيادە چارچاش ۋە غايەت زور ئازاب ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئۇلۇغ دىنلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى مودا





كېسەللىككە ئايلىنىپ كەتكەن مەلۇم بىر خىل چارچاش ۋە ئېغىرلىقنى يېڭىشتۇر. بىز باشتىلا شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، دۇنيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە هامان بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك توسالغۇ تۇيغۇسى مۇقەررەر رەۋىشتە كەڭ ئاۋامنى تىزگىنلىمەكتە. ئەپسۇسكى، فىزىيولوگىيەلىك بىلىم كەمچىل بولغاچقا، بۇ تۇيغۇ تېخى تونۇپ يېتىلمىگەن، شۇڭا كىشىلەر پسىخىكا ۋە ئەخلاقتىن بۇنداق تۇيغۇنىڭ «سەۋەبى»نى ئىزدەپ، بۇنداق تۇيغۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى سىناپ باقىدۇ (مانا بۇ مېنىڭ ئادەتتە «دىن» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى ئەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىشىمدۇر). بۇنداق توسالغۇ تۇيغۇسى كۆپ خىل سەۋەبتىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدا ئىنتايىن ناتونۇش ئىرقىي ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن (ياكى ئىنتايىن پەرقلىق قاتلاملارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، چۈنكى ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا دائىم كېلىپ چىقىش ۋە ئىرقىي پەرق نامايان بولىدۇ، مەسىلەن، ياۋروپالىقلارنىڭ «دۇنياۋى ئاغرىق»ى ۋە 19 ـ ئەسىردىكى «پېسسىمىزم» ئاساسلىقى سىنىپلارنىڭ زور دەرىجىدىكى بىر قېتىملىق مەنىسىز، تاسادىپىي يۇغۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر)؛ بۇنداق توسالغۇ بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىز كۆچمەنلىكتە — ئۆزىنى پۈتۈنلەي ماسلىشالمايدىغان كېلىماتقا قويۇشتا (مەسىلەن، ھىندىستاندىكى ھىندىلار) پەيدا بولۇشى مۇمكىن؛ بۇنداق توسالغۇ ئىرقىي قېرىشنىڭ نەتىجىسى (مەسىلەن، 1850 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى پارىژلىقلارنىڭ پېسسىمىزمى) بولۇشىمۇ، يېمەكلىكنىڭ نامۇۋاپىقلىقىدىن پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى زابۇيلۇق ياكى ۋېگېتارىئان① لارنىڭ بىمەنىلىكى،

---

① ۋېگېتارىئانىزم (vegetarianism)، يېمەك ـ ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك بىر خىل كۇلتۇردۇر، بۇنداق يېمەك ـ ئىچمەك كۇلتۇرىغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر «ۋېگېتارىئان» (vegetarian) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئۇچار قاناتلار، چاھار پايلار ۋە بېلىقلارنىڭ گۆشىنى يېمەي، ئاشلىق ۋە مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار ئارقىلىق هاياتلىققا كاپالەتلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.





ئەلۋەتتە شېكىسپىر ۋېگتارىئانلارنى ئاقسۆڭەك خىرىستوفورنىڭ نوپۇزىغا ئىگە قىلغان)؛ ياكى قان بۇزۇلۇش كېسەللىكى، بەزگەك، سىفلىس تۇرىدىكى كېسەللىكلەرنى سەۋەب قىلىشى مۇمكىن (30 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ ئىنتايىن كاساتلاشقان مەزگىلىدە، كېسەللىك گېرمانىيەنىڭ يېرىمىنى چىرمىۋېلىپ، گېرمان ئىرادىسىنىڭ قۇللۇقى ۋە توخۇ يۈرەكلىكى ئۈچۈن ئاساس هازىرلىدى). يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردا نامۇۋاپىقلىق تۇيغۇسىغا قارشى شىددەتلىك جەڭ بولغان. بىز ئەنە شۇ جەڭلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم جەريانلىرى ۋە شەكىللىرىنى ئاددىي ئەسلەپ باقايلى. (ئەقلىمگە ئاساسەن، مەن بۇ يەردە، دائىم بىرلا ۋاقىتتا بولىدىغان پەيلاسوپلارنىڭ نامۇۋاپىقلىق تۇيغۇسىغا قارشى ئەنئەنىۋى كۆرەشلىرىگە چېقىلمايمەن. بۇ كۆرەشلەر خېلى ئەھمىيەتلىك ـ يۇ، ئىنتايىن بىمەنە، رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق، ئىنتايىن قۇرۇق خىيالدۇر، ھەتتا مودا بولالمىغان. مەسىلەن، پەيلاسوپلار ئاغرىقنى بىر خىل خاتالىق دەپ ھېس قىلغاندا، ئۇلار ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنى قىياس قىلىدىكى، خاتالىق تونۇلغان ھامان، ئاغرىق مۇقەررەر رەۋىشتە يوقىلىدۇ. بىراق، قاراپ بېقىڭلار! ئاغرىق يوقىلىشنى رەت قىلدى...)

كىشىلەر ئاساسلىق نامۇۋاپىقلىق تۇيغۇسىغا قارشى تۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان تۈنجى ئۇسۇل دەل ھاياتلىق تۇيغۇسىنى ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسىغا بېسىشتۇر. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىككىنچىلەپ ھەرگىز تىلەك، ئارزۇ ـ ئۈمىدلەردە بولمايدۇ. ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان، «قىزغىنلىق»نى ئۇرغۇتىدىغان پۈتكۈل نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ (دەرۋىشلەرنىڭ جان ساقلاش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، تۇز يېمەيدۇ). مۇھەببەتسىزلىك، نەپرەتسىزلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، يېتىپ يېيىش، تىلەمچىلىك قىلىش؛ ئەڭ ياخشىسى ئاياللارنى كېرەك قىلماسلىق ياكى ئايال زاتى قانچە ئاز بولسا





شۇنچە ياخشى بولۇش، روھىي جەھەتتە پاسكال[1] نىڭ «ئەڭ ياخشى ھالەت» پىرىنسىپىغا يېتىش ــ مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسى پىسخىكا ۋە ئەخلاق ئۇقۇمى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە «مەنىسىزلىك»، «مۇقەددەسلىشىش»، فىزىيولوگىيەلىك ئۇقۇم ئارقىلىق ئىپادىلەنسە گىپنوز بولىدۇ، مانا بۇ ھايۋانلارنىڭ قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىشى ۋە نۇرغۇن ئىسسىق بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يازلىق ئۇيقۇغا كىرىشىنى ئادەمگە تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ماددىي خوراش ۋە ماددا ئالمىشىشى ئارقىلىق ھاياتلىقنى قوغداشتۇر، بىراق ئۇنىڭدا ئاڭ ھالىتى يوق. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ئېنېرگىيەسى سەرپ قىلىندى، بۇلار بىكارغا كېتەمدۇ؟ شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل دەۋرلەردە، بارچە مىللەتلەردە بۇنداق «پاك» لىق «تەنھەرىكەتچى» لىرى يېتەرلىك بولغاندەك تۇرىدۇ، ئۇلار قاتتىق چېنىقىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ھەقىقىي قۇتۇلۇشنى تاپقان، ئۇلار گىپنوز ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە سانسىز قېتىملاپ چوڭقۇر فىزىيولوگىيەلىك بېسىمدىن قۇتۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ ئۇنىۋېرسال ئېرقشۇناسلىق زاھىرىيىتىدۇر. شۇنىڭدەك ھازىر بىزنىڭ بۇنداق تەن بىلەن شەھۋەت ئىستىكىنى ھەل قىلىش مۇددىئاسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر خىل روھىي بىنورماللىق كېسىلىنىڭ ئوچىقى دەپ ھېسابلاشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق (كالا گۆشى كاۋىيى يەيدىغان ئەركىن مۇتەپەككۇر ۋە يېزا تۆرىسى خىرىستوفۇر بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى). تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇنداق ئىدىيە تۈرلۈك روھىي بىئارامچىلىققا يول ئاچقان ياكى يول ئېچىپ، ئاتوس تېغىدىكى ھېسچاستېس ئېيتقاندەك «ئىچكى

① بىلايىس پاسكال (Blaise Pascal، 1623 ــ 1662)، فىرانسىيەلىك فىزىكا، ماتېماتىكا ئالىمى، مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ «تەپەككۇر خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرى پەلسەپە تارىخىدىكى زور تەسىرگە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

يورۇقلۇق»قا، ئاۋاز ۋە شەكىللىنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىغا، شەھۋەتنىڭ يامرىشى ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە قوزغىلىشىغا بارىدىغان يولنى ئاچاتتى. مەلۇمكى، بۇنداق ئەھۋالغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى ھېستېرىيە① لىك خاتادۇر، بىراق بىز ئەڭ سەممىي تەشەككۈر سۆزلىرىگە سەل قارىمايمىز، بۇ تەشەككۈر سۆزلىرى ئاللىقاچان ياڭرىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى دەل ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرۈشتۇر. ئەڭ يۈكسەك ھالەت، يەنى قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاخىر يېتىدىغان، بىر پۈتۈن گىپنوز ھالىتى ۋە خاتىرجەملىك ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ ئۆز – ئۆزىدىن مەۋجۇت مېستىكىدۇر، ئەڭ يۈكسەك سىمۋوللارمۇ ئۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ھالەت يەنە شەيئىلەرنىڭ مەنبەسىگە قايتىشى، پۈتكۈل خىيالىي تۇيغۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى، «بىلىم»، «ھەقىقەت»، «بارلىق»، ئەنە شۇنداق نىشان، ئەنە شۇنداق ئارزۇ، ئەنە شۇنداق ھەرىكەتتىن قۇتۇلۇشقا ئېرىشىش، شۇنداقلا ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنىڭ سىرتىدىكى بىر خىل ھالەتتۇر. بۇددىستلار: «ياخشىلىق ۋە رەزىللىك ئىككى كىشەندۇر، ئۇلارنى يەڭگەنلەر ئاقىللارغا ئايلىنىدۇ» دەيدۇ. ۋېدانتا مۇرىتلىرى: «ئىشنى تاماملاش بىلەن تاماملىماسلىق ئۇنىڭغا ئازاب ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە رەزىللىكتىن ئايرىلىشى يول بەلگىسىدىن ئايرىلغانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدا ھېچقانداق ھەرىكەتنىڭ پەرىشانلىقى بولمايدۇ، ئۇ ياخشىلىق ۋە رەزىللىكتىن چىقىپ، ئىككىلىسىنى كەينىگە تاشلىۋېتىدۇ» دەيدۇ.

① ھېستېرىيە (ئىنگلىزچىسى: Hysteria، خەنزۇچىسى: 歇斯底里 ياكى 癔症) روھىي ئامىللار، مەسىلەن، تۇرمۇشتىكى بىرەر ئىش، روھىي توقۇنۇش، دارتىما ياكى ئۆزىنى ئەيىبلەش قاتارلىقلار سەۋەبلىك ئىندىۋىدۇئاللىقتا كۆرۈلىدىغان بىر خىل پسىخىك توسالغۇدۇر. كېسەللىك ھالىتى بۆلۈنمە ھالەت ۋە ئالماشتۇرۇلما ھالەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ھالىتى پسىخىك داۋالاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنى ئالدىن سېزىۋالغىلى بولىدۇ، كۆپىنچە بىمارلار مۇشۇ كېسەللىك كۆرۈلۈپ، بىر يىل ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

مانا بۇ بىر يۇرۇش مۇكەممەل ھىندىستانچە قاراش، شۇنداقلا بىراھمان دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ قارىشىدۇر. ھىندىلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىمۇ، خىرىستىيانلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىمۇ بۇنداق «قۇتقۇزۇش» ئەخلاق ھەرىكىتى ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىك ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ قارىمىغان، شۇنداقتىمۇ ئىككىلىسى ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ گېپنۇز قىممىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن؛ بىز بۇ نۇقتىغا ئىشىنىمىز، شۇنداقلا بۇ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەمەلىيەت شۇكى، رېئالىزم ئۈچ چوڭ دىن (ئۇلار ئەخلاق دوگمىچىلىقىغا باشچىلاپ چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ) دىكى ئەڭ ياخشى تەركىب بولسا كېرەك. «بىلىملىك كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەجبۇرىيەت مەۋجۇت ئەمەس.»... «قۇتقۇزۇش» ئەمەلىيەتتە ئەخلاقىي ھەرىكەت ئارقىلىق كۆپەيمەيدۇ، «چۈنكى، قۇتقۇزۇش بىراھمان بىلەن بىرىكىش ئىچىدە مەۋجۇت، بىراھمان مۇكەممەللىشەلمەيدۇ؛ شۇنداقلا خاتالىقنىڭ ئازىيىشىمۇ قۇتقۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى بىراھمان بىلەن بىرىكىش قۇتقۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما بىراھمان مەڭگۈ پاك ئەمەس» (بۇ ئىككى بۆلەك شانكارانىڭ «ئىزاھات»ىدىن ئېلىنغان، ياۋروپادىكى ھىندى پەلسەپىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان تۇنجى مۇتەپەككۇر، دوستۇم پاۋل دېيسېن[①] دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى).

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ئۈچ چوڭ دىندىكى «قۇتقۇزۇش» ئۇقۇمىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، شۇنى كۆردۇقكى، قاتتىق ئۇيقۇ چۈش كۆپ بولۇشتەك ئېرىنچەك دۇنيادىن بىزارلىق پوزىتسىيەسى ئارقىلىق بۇنداق ھۆرمەتكە ئېرىشكەندە، بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز چىدامچانلىقتىن ساقلىنالمايدۇ. ئەلۋەتتە، قاتتىق ئۇيقۇ بىراھمانغا كىرىپ، خۇدا بىلەن بولغان مېستىك بىرلىككە

① پاۋل دېيسېن (Paul Deussen، 1845 — 1919)، نىتچېنىڭ دوستى، 60 تومluq «ئوپانشاد»نى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ۋېدانتا ۋە ھىندى پەلسەپىسىگە شەرھى يازغان.

يەتتى. ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ كلاسسىك «دەستۇر»لار بىزگە شۇنداق دەيدۇكى، «ئۇ پۇتۇنلەي گېپىنوز ھالىتىگە كىرگەندە، ئۇزۇل ــ كېسىل خاتىرجەم بولۇپ، ھەرقانداق چۇش مەنزىرىسىنى قايتا كۆرمىگەندە ــ بۇ چاغدا، ھە، مۇشۇ چاغدا، ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئادەم مەۋجۇدات بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ ئۆزلۈككە ــ بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۆزلۈكنىڭ قوينىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭدا قانداقتۇر ئىچكىلىك، قانداقتۇر تاشقى ئاڭ بولمايدۇ. كېچىدىمۇ، كۈندۈزدىمۇ، ياشانغاندىمۇ، ئۆلگەندىمۇ، ئازاب چەككەندىمۇ، ياخشىلىق ياكى رەزىللىك قىلغاندىمۇ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش پۇتۇنلەي مۇمكىن ئەمەس.»

بۇ ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قىسىمدىكى مۇرىتلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قاتتىق ئۇيقۇدا، روھ تەندىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ يۇكسەك يورۇقلۇق دۇنياسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي شەكلىنى نامايان قىلىدۇ ــ ئۇ ئەڭ يۇكسەك روھقا ئايلىنىدۇ. ئۇ ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرىدۇ، ئۇ تاماشا قىلىدۇ، ئوينايدۇ، شادىمانلىق تاپىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاياللار بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى بار، بەزىدە ھارۋىلار بىلەن، بەزىدە دوستلىرى بىلەن بىللە. جان قايتا تەندىكى قوشۇمچە نەرسە بولۇشنى ئويلىمايدۇ، تەنگە باغلاپ قويۇلغان ھاياتلىق تىنىقى ھارۋىغا قوشۇلغان ئۇلاغقا ئوخشاشتۇر.»

بۇ يەردە بىزگە «قۇتقۇزۇلغان» چاغدىكىگە ئوخشاش سەگەكلىك بىلەن شۇ نەرسە ئەستە ساقلاتقۇزۇلىدۇكى، شەرقلىقلەر دائىم مۇبالىغە قىلىنغان چىرايلىق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن بۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق ھالەت يەنە مېڭىنى سەگىتىدۇ، سوغۇق، گىرىپكلارنىڭ سوغۇقلۇقىغا ئىگە. بىراق، ئازابقا چىدايدىغان ئېپىكورۇسنىڭ باھاسى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ــ مانا بۇ گىپنوز ھالىتىدىكى يوقلۇق تۇيغۇسى ۋە چوڭقۇر ئۇيقۇنىڭ خاتىرجەملىكى، قىسقىسى ئازابلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇشتۇر. بۇ نۇقتا ئازابلىنىشقا چىدىيالايدىغان ۋە كەيپىياتى

ھەمىشە ئادەتتىن تاشقىرى بولغان ئادەمنى ئەڭ يۇكسەك ياخشىلىق، قىممەت ئىچىدىكى قىممەت ھېسابلىسا بولىدۇ، بۇ كىشىلەر مۇقەررەركى، بۇنىڭدىن ئاكتىپ پەرەز چىقىرىدۇ، چوقۇم ئۇنى ئاكتىپلىقنىڭ ئۆزى دەپ ھېس قىلىدۇ (يۇقىرىقى ھېس قىلىش لوگىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پىسسىمىستىك دىنلارنىڭ ھەممىسى يوقلۇقنى تەڭرى دەپ ئاتىغان).

## 18

ھېس قىلىش ئىقتىدارى، ئازابلىنىش ئىقتىدارى، گېپنۇز ھالىتىدىكى تىزگىن تېخىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان كۈچلەرنى چەكلىگەن، بولۇپمۇ جاسارەتنى، جامائەت پىكرىگە سەل قاراشنى ۋە «ئەقلىي ئىقتىدارلىق ستوئىكىزم①»نى چەكلىگەن. بۇنداق بېسىمنى قوللىنىشتىنمۇ كەڭ دائىرىلىك بولغىنى، بۇنداق بېسىم ھالىتىگە قارشى تۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن يەنە بىر خىل مەشىقتۇر، ھەر ھالدا كېيىنكى مەشىق تولىمۇ ئاسان بولغان، بۇنداق مەشىق مېخانىك پائالىيەت ئىدى. شۇبھىسىزكى، بۇنداق پائالىيەت مۇناسىپ كۆزىتىش دەرىجىسىدە، ئازاب چەككۈچىنىڭ ئازابىنى يېنىكلەتكەن. بۈگۈنكى كىشىلەر بۇ زاھىرىيەتنى ئانچە ھۆرمەت قىلماي، ئۇنى «ئەمگەكنىڭ بەخت تىلىشى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمگەك ئازاب چەككۈچىنىڭ دىققىتىنى ئۇنىڭ ئازابىدىن بۇراپ، دەردىنى يېنىكلىتىدۇ. ئۇ ئۇزۇكسىز رەۋىشتە ئەمگەك قىلغانلىقتىن، كاللىسىدا ئازابقا ناھايىتى ئاز بوشلۇق قالىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ ئېڭى تار بىر ئۆيدۇر. مېخانىك پائالىيەت ھەم بۇ تۇردىكى

① ستوئىكىزم (The Stoics) قەدىمكى گىرېتسىيەدىكى دۇنيا ئەقلىنىڭ شەيئىلەرنى بەلگىلىشىدىن ئۆزگەرگەن، شۇڭا «دۇنيا ئەقىل»دۇر، ئىلاھىيلىق دۇنيانىڭ غوجايىنى، شەخس ئىلاھنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ قارايدىغان پەلسەپە ئېقىمىدۇر. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئافىنا مەيدانىدىكى تۈۋرۈكلۈك كارىدوردا يىغىلىپ، مۇنازىرە قىلىشىدىغان بولغاچقا، بۇ ئېقىمنىڭ نامى «دالان»، «پېشايۋان»، «كارىدور» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان گىرېكچە سۆز «stoa» دىن تۇرلىنىپ چىققان.



پائالىيەتلەر قەتئىي مۇنتىزىم مەشغۇلاتنى، ئۆز ۋاقتىدا ئىستىخىيەسىز بويسۇنۇشنى، بىر مېھنەت بىلەنلا راھەت كۆرىدىغان تۇرمۇش شەكلىنى، ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىشنى، مەلۇم بىر خىل ئىجازەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قىسقىسى بۇلار بىر خىل «نا ئادىمىيلىشىش»، ئۆزىنى ئۇنتۇش، «ئۆزلۈكنى خورىتىش» قائىدىسىدۇر. قاراڭلار! تەركىدۇنيا نەقەدەر ئۇزۇل - كېسىل، نەقەدەر ماھىرلىق بىلەن مېخانىك پائالىيەتلەرنى ئازابقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئىشلەتكەن - ھە! ئۇ تۆۋەن قاتلامدىكى جاپاكەشلەر، ئەمگەكچى قۇللار ياكى مەھبۇسلارغا تاقابىل تۇرغاندا ياكى شۇ جايدا ئايالىلارغا (ئۇلارنىڭ يېرىمى ئەمگەكچى قۇللار ھەم مەھبۇسلار) قارشى تۇرغاندا، ئۇنىڭ سەدىقە بېرىپ ئىسىم - فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشتەك ئانچىكىم ھۈنىرى ئۇلارغا بۇنداق يىرگىنچلىك ئىشنى بىر خىل ھۇزۇر، بىر خىل نىسپىي خۇشاللىق قىلىپ كۆرسەتكەن. قۇللارنىڭ ئۆز تەقدىرىدىن نارازى بولۇشى ئەسلىدىنلا تەركىدۇنيالارنىڭ كەشپىياتى ئەمەس.

يەنە بىر خىل تېخىمۇ قىممەتلىك بېسىمغا قارشىلىق كۆرسىتىش تۈيغۇسىنىڭ رېتسېپى ناھايىتى ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان، ئادەتتە ئايالاندۇرغىلى بولىدىغان ئەرزىمەس شادىمانلىقتۇر. كىشىلەر دائىم بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى ۋە بايا ئېيتىپ ئۆتكەن ماسلىشىشتىن پايدىلىنىدۇ. شادىمانلىق قېتىلغان دورىنىڭ دائىم كۆرۈلىدىغان رېتسېپى «شادىمانلىق پەيدا قىلىدىغان شادىمانلىق»، مەسىلەن، خەير - ئېھسان، سوۋغا، مېھرىبانلىق، ياردەم، نەسىھەت، تەسەللى، مۇكاپات، ماختاش قاتارلىقلاردۇر. زاھىتلارنىڭ رېتسېپى «باشقىلارنى سۆيۈش»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ ـــ ئىشلىتىش مىقدارىدا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىنىسىمۇ ـــ ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق ئىستىكى، ھوقۇق ئىرادىسىنى زور دەرىجىدە غىدىقلايدىغان دورىدۇر. «ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئەۋزەللىك»نى ساقلاش، بۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان تۇرلۇك خەير -

ساخاۋەت، ئۇنۇم، مەدھىيە — فىزىيولوگىيەلىك تۇسالغۇسى بارلارنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك تەسەللى دورىسى ئىدى، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئۇلار ياخشى مەسلىھەتلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى، بولمىسا ئۇلار بىر - بىرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىاتتى، تەبىئەتمۇ ئوخشاش بىر يېتەكچى ئىنستىنكتكە بويسۇنۇشتىن پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىز رىم دۇنياسىدىن خىرىستىيان دىنىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىسەك، بەزى ئۆزئارا ياردەم تەشكىلاتلىرىنى، نامراتلار تەشكىلاتلىرىنى، كېسەللەر تەشكىلاتلىرىنى ۋە دەپنە تەشكىلاتلىرىنى تاپالايمىز، بۇ گۇرۇھلار ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا پەيدا بولغان، دائىم ئىستىخىيەلىك رەۋىشتە ئۆزئارا ياخشىلىقنىڭ ئۇششاق شادىمانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى بېسىمغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى مۇھىم قورال قىلغان، ئەينى چاغدا يېڭى بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بۇ ئىش ھەقىقىي كەشپىياتمۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا پەيدا بولغان «ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىرادىسى»، كوللېكتىپ تەشكىل ئىرادىسى، «جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش ئىرادىسى»، «توپلىنىش ئىرادىسى»دە، يەنىلا كۈچلۈك ھوقۇق ئىرادىسى (گەرچە ئۇ يەنىلا بىخلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ) ئاخىر چوقۇم بىر خىل يېڭى، تېخىمۇ كۈچلۈك بۇزغۇچى كۈچكە ئايلىنىپ كېتەتتى. ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بېسىمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى مۇھىم قەدەم، شۇنداقلا بىر قېتىملىق مۇھىم غەلىبىدۇر. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتى شەخسنىڭ بىر خىل يېڭى مەنپەئەتنى كۈچەيتكەن، بۇنداق يېڭى مەنپەئەت ھامان ئادەمنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي رەزىل كەيپىياتلىرىدىن، ئۆزىدىن بىزار بولۇشتىن ھالقىتقان (مەسىلەن، گېلىنكس[1] نىڭ ئۆزلۈكنى كەمسىتىشى). پۈتكۈل بىمارلار ۋە

① ئارنولد گېلىنكس (1624 — 1669، Arnold geulincx)، بېلگىيەلىك پەيلاسوپ، كارتىزئانچە (دېكارتچە) ئىدېئالىزمنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى.

كىيسەللىك ھالىتىدىكى كىشىلەردە ئۆزىنىڭ زېرىكىشلىك بۇرۇقتۇرمىلىقى ۋە ئاجىزلىقىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى بولغان، ئۇلار بۇنداق ئارزۇنى چىقىش قىلىپ، ئىنىستىنكتلىق رەۋىشتە بىر خىل كولليكتىپ تەشكىل ئىزدىگەن، تەركىدۇنىيالار بىر خىل ئىنىستىنكتنى قىياس قىلىپ، بۇ ئىنىستىنكتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. قەيەردە توپ بولسا، شۇ يەردە توپنىڭ ئاجىزلىق ئىنىستىنكتى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەركىدۇنىيالار توپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەشكىللىگەن. بۇ يەردە بىر نۇقتىغا سەل قارىساق بولمايدۇكى، كۈچلۈكلەرنىڭ مەركەزدىن قېچىش خاھىشى ئاجىزلارنىڭ ھەمراھلىققا ئىنتىلىش خاھىشىغا ئوخشاش تەبىئىيدۇر، كۈچلۈكلەر بىر يەرگە توپلاشقاندا، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆز ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ھۇجۇم خاراكتېرلىك بىر پۈتۈن ھەرىكىتى ۋە بىر پۈتۈن قانائىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر، بۇ جەرياندا ئۇلار شەخس ئىرادىسىنىڭ كۆپ قېتىملىق قارشىلىقىنى باشتىن كەچۈرىدۇ؛ ئاجىزلارنىڭ تەشكىللىنىپ بىر يەرگە كېلىشى بۇنداق بىرلىشىشتىن لەززەتكە ئېرىشىشتۇر، شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىنىستىنكتى قانائەتكە ئېرىشىپ، ئۇلاردىكى تۇغما «ھۆكۈمران» ئىنىستىنكت، يەنى تەنھا يىرتقۇچ ئىرقلىق ئىنىستىنكتى مەزكۇر تەشكىلدە غىدىقلىنىدۇ ۋە قوزغىتىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىزگە شۇنداق دەيدۇكى، ھەربىر ئولىگارخ ھۆكۈمرانىنىڭ قەلبىگە زالىم پادىشاھلىق ئىستىكى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ھەربىر ئولىگارخ ھۆكۈمران دىرىلداپ تىترىگىنىچە بىر خىل نېرۋا جىددىيچىلىكى ھالىتىنى ساقلايدۇ، چۈنكى بۇنداق نېرۋا جىددىيچىلىكى ھالىتى زالىم پادىشاھلىق ئىستىكىنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. (مەسىلەن، گىرېتسىيەنىڭ ئولىگارخىنى ئالايلى، پلاتو بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىغان. پلاتو ئۆزىنىڭ تورداشلىرىنى چۈشىنەتتى، ئۆزىنىمۇ چۈشىنەتتى...)





## 19

تەركىدۇنيالارنىڭ بىلىنگەن قورال-ئەسلىھەلىرىدىن ھاياتلىق تۇيغۇسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىشىشى، مېخانىك پائالىيەت، «ئەرزىمەس شادىمانلىق»، بولۇپمۇ «ئۆزگىنى سۆيۈش» شادىمانلىقى، كوللېكتىپ تەشكىل، تەشكىلاتتا ھوقۇق تۇيغۇسىنى ئويغىتىش قاتارلىقلار بار. بۇ قوراللارنىڭ فۇنكسىيەسى شەخسنى تەشكىلاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن شادىمانلىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز غەزىپىدىن بىخۇدلاشتۇرۇشتۇر. ھازىرقى زاماندىكى ئۆلچەم بويىچە ئۆلچىسەك، بۇلار ئۇنىڭ زېرىكىشكە قارشى ئۇرۇش قىلىشىدىكى زىيانسىز قوراللىرىدۇر.

ئەمدى بىز تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئەمما «زىيانلىق» قورالغا قاراپ باقايلى. بۇ قوراللار بىر ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن — مەلۇم بىر تۇيغۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈندۇر، تۇيغۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇيۇشۇپ ئاغرىش سېزىمى، پالەچلىكنىڭ ئاغرىش سېزىمى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاغرىش سېزىمىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ناركوز دورىسىدۇر. نېمە ئۈچۈن تەركىدۇنيالارنىڭ ئىجادچانلىقى مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلانغاندا بۇنداق ئىجادىي پىكىرگە ئىگە بولمايدۇ، بۇ مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ئادەم قانداق قىلغاندا تۇيغۇدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدۇ؟» بۇ گەپ بىرئاز قوپال ئاڭلىنىدۇ، ھازىر تېخىمۇ ئاڭلىغىمىز كېلىدىغان، قۇلاققا تېخىمۇ ياقىدىغان بىر قاراش بار، مەسىلەن، مەن شۇنداق دەيمەنكى، «تەركىدۇنيالار پۈتكۈل قاۋۇل ھېسسىياتلاردا مەۋجۇت بولىدىغان شىجائەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.»

شۇنداقتىمۇ، نېمە ئۈچۈن يەنە بىزدەك ھازىرقى زامان ئەركىلىرىنىڭ ئاجىز قۇلىقىنى سىيلايدۇ؟ بۇ جەھەتتە، بىز نېمە

ئۇچۇن ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يول قويىمىز؟ بىز پسىخولوگلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ساختا ھەرىكەت بار، ئۇنىڭ بىزگە يىرگىنچلىك تۇيۇلۇشىنى تىلغا ئالمايمىز. مەسىلەن، بىر پسىخولوگ بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق بىر نەرسىدىن (قانداق نەرسە بولسا بولۇۋېرسۇن، باشقىلار بۇ ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقى دېيىشى مۇمكىن) ئىنتايىن ھوزۇرلىنىدۇ ــ دە، شەرمەندە ئەخلاق تەلىملىرى (ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئادەم ۋە شەيئى توغرىسىدىكى پۈتكۈل ھۆكۈملىرىگە مۇشۇنداق تەلىم چاپلىشقلىق)نى بايقۇت قىلىدۇ، چۈنكى ئادەم ئۆزىنى ئالدىسا بولمايدۇ. ھازىرقى زامان روھى ۋە ھازىرقى زامان كىتابلىرىنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكى يالغان گەپ ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىيلاشقان يالغان گەپلەردىكى جاھىل ئاق كۆڭۈللۈكتۇر. بىز ھەرقايسى ساھەلەردە بۇنداق «ئاق كۆڭۈللۈك»نى ئاشكارىلىشىمىز لازىم، بۇ بىز پسىخولوگلار بۈگۈنكى كۈندە زىممىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئەمگەكلەر ئىچىدىكى ئادەمنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان ئەمگەك بولسا كېرەك، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەمگەك، بىر يولدۇر، بەلكىم بىزنى قۇسۇق يولغا باشلايدىغاندۇ... شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، ھازىرقى كىتابلارنىڭ مەقسىتى بۇ كىتابلارنىڭ ۋاقتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىدا، بۇ ئەلۋەتتە شەكسىزدۇر؛ كېيىنكى بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەر بۇنىڭغا تېخىمۇ كەسكىن، تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ ساغلام رەۋىشتە قىزىقىشى كېرەك. يەنە شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، بۇ يېڭى بىر ئەۋلاد زامانىۋىلاشقان پۈتكۈل نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ نېمە قىلىشنى ئويلىغان بولسا شۇنى قىلالايدۇ، قۇستۇرۇش دورىسى ياسايدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئەخلاقنىڭ تاتلىقلىقى ۋە ساختىلىقىغا ئورىنىۋېلىنغان، ئۆزىنى «ئىدېئالىزىم» دەپ ئاتاشنى

ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئىدېئالىزمغا ئىشىنىدۇ ــ يۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا فېمىنىزم① بار.

بىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىلىرىمىز، بىزنىڭ «ياخشى ئادەم»لىرىمىز يالغان ئېيتمايدۇ، بۇ راست، ئەمما بۇ ئۇلارنى ھۆرمەتكە ئېرىشتۇرمەيدۇ! ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي يالغان، ئىشەنچلىك، قەتئىي «سەممىي» يالغان گەپ (پلاتو بۇنداق يالغان گەپنىڭ قىممىتىنى بايان قىلغان)، بىرئاز كەسكىن، بىرئاز قەتئىيدۇر. ئۇ ئۇلارغا باشقىلار قويالمايدىغان تەلەپنى قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە نەزەر سېلىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلارغا ئۆزىدىكى «چىنلىق» بىلەن «ساختىلىق»نى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلار سەممىيەتسىز يالغان گەپلەرگە ماسلىشىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى «ياخشى ئادەم» دەپ قارايدىغان كىشىلەر سەممىيەتسىز يالغان سۆزلىگەنلىكى، پەسلىك بىلەن يالغان سۆزلىگەنلىكى، شۇنداقلا ئەيىبسىز يالغان سۆزلىگەنلىكى، سەممىي يالغان سۆزلىگەنلىكى، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يالغان سۆزلىگەنلىكى، ياۋاشلىق بىلەن يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئىشلارنى پەقەتلا قىلمايدۇ. بۇ «ياخشى ئادەم»لەر ھازىر پۈتۈنلەي ئۇزۇل ــ كېسىل ئەخلاقىيلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سەممىيىتى مەڭگۈلۈك بۇلغىنىۋېتىلدى، بۇزۇۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىم يەنە «ئادەم ھەقىقىدىكى» ھەقىقەتكە چىداپ تۇرالايدۇ!... ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىم يەنە بىر ھەقىقىي بىيوگرافىيەگە سەۋر قىلالايدۇ!...

① فېمىنىزم (Feminism، 女权主义) ئاياللىق تەجرىبىسىنى مەنبە، مۇددىئا قىلغان سوتسىيال نەزەرىيە ۋە سىياسىي ھەرىكەت. فېمىنىزم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەنقىد قىلغاندىن سىرت، جىنسىي باراۋەرسىزلىكنى تەھلىل قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇقى، مەنپەئەتى ۋە كۈنتەرتىپكە قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بۇ يەردە بىرنەچچە ئەمەلىي مىسالنى كەلتۈرەي، سىر بايرون[1] ئۆزىنىڭ بەزى كەچۈرمىشلىرىنى يازغان، توماس مور[2] بەك «ياخشى نىيەت»لىك ئىدى، ئۇ دوستىنىڭ ئارگىناللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شوپىنخاۋېرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغۇچى دوكتور گۋنېر[3] مۇ مۇشۇنداق ئىش قىلغانىكەن، چۈنكى شوپىنخاۋېر ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇپتىكەن، خاتىرىلەردە ئۆزىگە قارشى گەپلەر بولسا كېرەك. بىتخوۋېنىنىڭ تەرجىمىھال يازغۇچىسى، قابىل ئامېرىكىلىق تەيېر تۈيۈقسىز خىزمىتىنى توختاتقان، چۈنكى ئۇ بۇ ئالىيجاناب، پاك ھاياتتىكى بەزى نەرسىلەرگە يولۇققان، بۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغۇزمىغان... ئەخلاق — ھېلىقى ئەقىللىك ئادەم يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئىشلەتسۇنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ چوقۇم مۇقەددەس ساراڭلارچە دادىللىق بولىدۇ. بىرەيلەن رىچارد ۋاگنېرنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيە يازغانلىقىنى ئېيتتى، كىم ئىشىنىدۇ، ئۇ زەكىيلەرچە ئاپتوبىيوگرافىيە بولامدۇ؟...

بىز ئەسلەپ باقايلى، ئەينى چاغدىكى كاتولىك دىنى مۇناخى جانسىن گېرمانىيەنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە سەمىمىي ھەم زېيانسىز چۈشەندۈرۈپ، نەتىجىدە بىر مەيدان كۈلكىلىك ۋەھىمىنى قوزغىغان. ناۋادا بىرەيلەن بۇ ھەرىكەتنى باشقىچە چۈشەندۈرگەن، بىر ھەقىقىي پىسخولوگ بىزگە ھەقىقىي

---

① بايرون (George Gordon Byron، 1788 — 1824)، 19 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيەلىك رومانتىزمچى شائىر. ئۇنىڭ «چايلىد خارولدنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، «دون جوئان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

② توماس مور (Sir Thomas More، 1852 — 1779)، ئىرېلاندىيەلىك شائىر ۋە مۇزىكانت، بايروننىڭ دوستى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەنگلىيەلىك ئالىم، پەيلاسوپ، سىياسىيون، ياۋروپا خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئاساسچىسى، «ئوتوپىيە» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى توماس مور (Thomas More، 1478 — 1535) نىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

③ ۋىلھېلم ۋون گۋنېر (Wilhelim von Gwinner، 1825 — 1917)، گېرمانىيەلىك قانۇنشۇناس ۋە مەمۇر، شوپىنخاۋېرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغۇچى. ئۇ شوپىنخاۋېرنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، كېيىن شوپىنخاۋېرنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى ھەققىدە ئۈچ پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان.

لۈتېرنى سۆزلەپ بەرگەن، سەھرالىق پاستورنىڭ ئەخلاقتا ئاددىي ـ ساددىلىقىنى دېمىگەن، پروتېستانت دىنى تارىخچىلىرىنىڭ يالاقچىلىقى ھەم ئېھتىياتچان تارتىنچاقلىقىنى شېپى كەلتۈرمىگەن، بەلكى تاينا① چە تەشۋىشلىك بايان، كۈچلۈكلەرگە قارشى ئاقىلانە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەمەس، قەلبتىن چىققان قاۋۇللۇق كۈچى ئارقىلىق بايان قىلىنغان بولسا، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك دەسلەپتە نېمە يۈز بېرەتتى؟ (ئەزمىلىك قىلماي دېسەم، گېرمانلاردا ئاخىر قاۋۇللارچە پاراسەتنىڭ تېپىك ئۈلگىسى پەيدا بولدى، بۇ ئۈلگە ئىنتايىن چىرايلىق يارىتىلغان، گېرمانلار بۇ ئۈلگىنى ياخشى ئادەم دەپ ئاتىسا بولىدۇ، يەنى لېئوپولد رانكېنى ياخشى ئادەم دېسە بولىدۇ، ئۇ تۇرلۇك قاۋۇللۇق سەۋەبلىرىنىڭ كىلاسسىك يېتەكچىسى، پۇتكۇل ئەقىللىك «چىن كىشىلەر»نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىك بىرىدۇر.)

## 20

ھازىر كىتابخانىلار شۇنى چۈشىنىپ بولغان بولۇشى كېرەككى، بىز — پسىخولوگلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، مەلۇم بىر خىل گۇمانلىق نەزەردە ئۆزىمىزنى كۆزىتىشتە چىڭ تۇرۇۋېلىشىمىزغا يېتەرلىك سەۋەبىمىز بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆز ساھەمىزدە بىزدەك بۇنداق كىشىلەر بەك «ياخشى» بولۇشىمىز مۇمكىن؛ بىز يەنە نۆۋەتتىكى بۇنداق ئەخلاقىيلاشقان دەۋردىكى قىزىقىشنىڭ قۇربانلىقى، ئولجىسى، بىمارى — بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەل قارىساقمۇ — بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن، بەلكىم قىزىقىش بىزنى يۇقۇملاندۇرغاندۇ. بىر دىپلومات قېرىنداشلىرىغا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەپەندىلەر، بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ تۇنجى ئىنكاسىدىن گۇمان

① تاينا (Hippolyte Adolphe Taine، 1828 — 1893): فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ۋە تارىخشۇناس. ئۇنىڭ ئالتە توملۇق «بۈگۈنكى دەۋردىكى فىرانسىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرى بار.



قىلالايلى، چۈنكى بۇ ئىنكاسلار پۈتۈنلەي ياخشىدەك قىلىۋاتىدۇ.» بۇ دىپلوماتلار كىشىلەرنى زادى نېمىگە دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرماقچى؟

بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر پسىخولوگ ئۆز قېرىنداشلىرىغا مانا مۇشۇنداق گەپ قىلىشى كېرەك، ئەمدى بىز ئەسلىدىكى مەسىلىگە قايتىپ كەلدۇق، بۇ مەسىلە ئەمەلىيەتتە بىزدىن مۇناسىپ كەسكىنلىكنى، بولۇپمۇ «بىرىنچى ئىنكاس» توغرىسىدىكى مۇناسىپ گۇماننى تەلەپ قىلىدۇ.

تەركىدۇنىياچىلىق غايىسى تۈپىغۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ نىشانىغا خىزمەت قىلىدۇ. كىمكى مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى بابىنى ئەسكە ئالالىسا، بۇ بىرنەچچە يېڭى سۆزدىن تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ئاساسەن قىياس قىلالايدۇ. ئىنسان روھىنى ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل مەسىلىلەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىش، ئۇنى ۋەھىمە، قەھرىتان، تۇمۇز، ئېزىقىشقا پاتۇرۇش، ئۇنى چاقماقتەك سۈرئەتتە زېرىكىش كىشەنلىرىدىن، ئۇيۇشۇشتىن، رەزىل كەيپىياتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەنە شۇ يوللارنى بۇ نىشانغا تۇتاشتۇرامدۇ؟ ئاشۇ يول ئەڭ بىخەتەرمۇ؟ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل كۈچلۈك ھېسسىيات ــ غەزەپ، ۋەھىمە، تەنتەنە، قىساس، ئۈمىد، زەپەر، ئۈمىدسىزلىك، شەپقەتسىزلىكتىن ئىبارەت تاسادىپىي قويۇپ بېرىلىدىغان ھېسسىياتلار مەزكۇر مەقسەتكە يېتەلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، تەركىدۇنيالار ئادەم تېنىدىكى ھەممە غالجىرلىقتىن ئەقىل سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە پايدىلانغان، گاھ بۇنى چىقارسا، گاھ ئۇنى چىقارغان، ئەمما مەقسىتى پەقەت بىرلا ــ ئادەمنى ئاستا خاراكتېرلىك قايغۇدىن سەگىتىش، ئەڭ بولمىغاندا، ۋاقتىنچە ئادەمنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىش پەيدا قىلىدىغان ئازابىنى، گۇمانلىنىش پەيدا قىلىدىغان ئوقۇبەتلىرىنى قوغلاش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار دىنىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە «ھەقىقىي ئىسىم»نىڭ قوغدىشىدا قىلىنغان.

مەلۇملۇقكى، ھەر قېتىملىق تۇيغۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى — ئۇ بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى، شۇڭا ھازىرقى زامانىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچىگەندە، بۇنداق ئاغرىق داۋالاش ئۇسۇلى بىر خىل «زىيانلىق» ئۇسۇلدۇر. بىراق، ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىشقا سالغان ئادەم ياخشى نىيەتنى چىقىش قىلغان، تەركىدۇنيالار بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇمىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن، ھەتتا ئۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىغا چىنپۇتكەن، جۇملىدىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دائىم ئۆزى پەيدا قىلىدىغان بەختسىزلىكتىن سەدپارىلىك ھېس قىلغان؛ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن داۋالاش ئۇسۇلى پەيدا قىلىدىغان كۈچلۈك فىزىيولوگىيەلىك ئىنكاس، ھەتتا روھىي قالايمىقانچىلىق تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئومۇمىي مەنىدە بىللە مەۋجۇت بولالمايتتى؛ ئالدىنقى قىسىملاردا دېگەنىدىم، بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ مەقسىتى كېسەل داۋالاش ئەمەس، بەلكى بېسىم تۇيغۇسى پەيدا قىلغان نامۇۋاپىقلىققا قارشى تۇرۇش، بۇنداق نامۇۋاپىقلىقنى ئازايتىش ۋە بىخۇدلاشتۇرۇشتۇر. بۇ مەقسەتكە ئەلۋەتتە مۇشۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەتكىلى بولاتتى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان روھىدا ئادەمنى سەدپارە قىلىدىغان، ئەسەبىيلەرچە خۇشال قىلىدىغان مۇزىكىنىڭ ياڭرىشى ئۈچۈن، تەركىدۇنيالار گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئۇقۇمى بىلەن ئويناشقان، مەن ئالدىنقى بابتا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسىنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم، مەن گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى بىر خىل ھايۋانلىق پىسخىكىسى دەپ قارايمەن، بىز ئۇنىڭدىن كۆرىدىغان گۇناھكارلىق تۇيغۇسى گويا ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىدە ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس، تەركىدۇنيالاردىن

ئىبارەت بۇ تۇغما جىنايەت ھېس قىلغۇچى سەنئەتكارنىڭ قولىغا كەلگەندە، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى تاشقى شەكىلگە ئىگە بولغان. ئاھ، بۇ قانداق تاشقى شەكىل ـ ھە! «جىنايەت» — تەركىدۇنيالار ھايۋانلارنىڭ «ۋىجدان ئازابى»دىن ئىبارەت بۇ ئۆزىگە قارشى يۆنىلىشتىكى شەپقەتسىزلىكنى مانا مۇشۇنداق قايتا چۈشەندۈرگەن. «جىنايەت» پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە قەلب تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىش بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە بىز شۇنى كۆرىمىزكى، دىنىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئەڭ خەتەرلىك، ئاۋارىچىلىكى ئەڭ چوڭ ۋاستىدۇر. ئادەم ئازابقا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن، قەپەستىكى ھايۋاندەك ياكى بۇنداق ئۇنداق فىزىيولوگىيەلىك سەۋەبنى چىقىش قىلغان، لېكىن ئۇ شۇنى چۈشەنمىگەنكى، بۇ نېمە ئۈچۈن، نېمە مەقسەت ئۈچۈن؟ ئۇ چاڭقىغان پېتى سەۋەب ئىزدىگەن، چۈنكى سەۋەب ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئاراملىق بېرەتتى، ئۇ يەنە چاڭقىغان پېتى قورال ۋە ناركوز دورىسى ئىزدىگەن، ئەڭ ئاخىرى ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشكەن. قاراڭ! ئۇ بىر ئىشارەتكە ئېرىشكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىرىدىن، تەركىدۇنيالىقىدىن ئۆز ئازابىنىڭ «سەۋەبى»گە مۇناسىۋەتلىك تۇنجى ئىشارەتكە ئېرىشكەن، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىن، بىر خىل جىنايەتتىن، بىر بۆلۈك ئۆتمۈش تەجرىبىسىدىن سەۋەب ئىزدىشى؛ ئۇ ئۆز ئازابىنى بىر خىل جازا ھالىتى دەپ چۈشىنىشى كېرەك ئىدى... ئاشۇ بەختسىز ئادەم ئىشارەتنى ئاڭلىغان، چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇ مېكىيانغا ئوخشاش ئۆز ئەتراپىغا بىر چەمبەر سىزغان، ھازىر ئۇ يەنە ئاشۇ چەمبەردىن ھالقىپ چىقالمىدى. بىمار «جىنايەتچى»گە ئايلاندۇرۇلدى. ئەمدى بىز مانا مۇشۇنداق يېڭى ئادەم قىلىپ قويۇلدۇق، بۇنداق «جىنايەتچى» چۈشەنچىسى مىڭ يىل تېڭىلدى، ئادەم يەنە ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ بىز قەيەرگە قارىساق، جىنايەتچىنىڭ ئاڭقاۋ نەزىرىگە يولۇقىمىز، بۇنداق نەزەر ھامان بىر يۆنىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھامان ئۇنىڭ «گۇناھى»غا، ئۇنىڭ

ئازابىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. نەگىلا بارساق ناچار كۆڭۈللەر، لۈتبىر ئېيتقان «رەھىمسىز يىرتقۇچ»لار؛ نەگىلا بارساق ئۆتمۈشكە قارشىلىق، رېئاللىقنى بۇرمىلاش، رەڭلىك كۆزەينەكتە ھەممىگە قاراش؛ نەگىلا بارساق ئازابنى خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش، ئازابنى جىنايەت تۇيغۇسى، ۋەھىمە تۇيغۇسى ۋە جازا تۇيغۇسى ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇش؛ نەگىلا بارساق قامچا، قىلىن كۆڭلەك، ئاچ قالغان تەن، پۇشايمان؛ نەگىلا بارساق ئاۋازسىز ئازابلىنىش، قاتتىق ۋەھىمە، جازالانغان قەلبىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تىركىشىشى، ئېنىقسىز تەقدىرنىڭ قارشىلىقى، «قۇتقۇزۇش» ساداسىنىڭ ياڭرىشى. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر يۇرۇش پىروگراممىلار قەدىمىي بىسىم، ئېغىرلىق ۋە چارچاشنى ئاساسەن يەڭدى. ھاياتلىق يېڭىباشتىن ئىنتايىن قىزىقارلىق بولدى، ئادەم ياكى «جىنايەتچى» بۇنداق ئەپسانىگە ئىشلىتىلگەن ھامان سەگەكلىككە ئايلىنىپ كەتتى، مەڭگۇ سەگىدى، ئۇزۇل - كېسىل سەگىدى، كۆيدى، يالقۇنجىدى، زور دەرىجىدە چارچىدى - يۇ، قەتئىي رايى قايتمىدى. تەركىدۇنيا — زېرىكىشكە قارشى جەڭ قىلغان قېرى، ئۇلۇغ سېھىرگەردۇر، ئۇ مۇقەررەر غەلىبە قىلدى، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى كەلدى، كىشىلەر ئەمدى ئازابتىن ۋايىم يېمەيدۇ، كىشىلەر ئازابقا ئىنتىلىدۇ؛ «يەنە بىر ئاز ئاغرىسۇن! يەنە بىر ئاز ئاغرىسۇن!» — ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئۇ ئاچقان ئېرا ناھايىتى ئۇزاقىچە ۋارقىراپ، بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئازاب پەيدا قىلىدىغان ھەربىر تۇيغۇدىن قېچىش، تىتىلغان، يىمىرىلگەن، مىجىلغان، مەجنۇن بولغان، مەست بولغان نەرسىلەر، جازا ئۆيىنىڭ سىرى، دوزاخنىڭ كەشپ قىلىنىشى — مانا بۇلار بايقالدى، قىياس قىلىندى، قالايمىقان ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرگە خىزمەت قىلدى، ئۇنىڭ غايىسى ئۈچۈن، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

«مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنيادا ئەمەس» ـــ ئۇ ھازىر يەنە شۇنداق دەيدۇ، ئۇ راستىنلا مۇشۇنداق دېيىشكە ھوقۇقلۇقمۇ؟

گېيوتې دۇنيادا 36 تۈرلۈك تىراگېدىيە سۇژىتى بار، دېگەنىدى. ئەگەر بىز بۇنى تېخىچە بىلمىگەن بولساق، بۇنىڭدىن شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، گېيوتې تەركىدۇنيا ئەمەس، چۈنكى تەركىدۇنيا بىلىدىغان تىراگېدىيە تۈرلىرى 36 خىلدىنمۇ كۆپ.

## 21

تەركىدۇنياچىلىقنىڭ بۇ بىر يۈرۈش «قوشۇمچە رول ئوينايدىغان» داۋالاش ئۇسۇللىرىغا كەلسەك، ھەرقانداق تەنقىدىي ئىبارە ئارتۇقچە. كىم قەتئىيلىك بىلەن، تەركىدۇنيالار دائىم ئۆزىنىڭ بىمارلىرىغا ئىشلىتىدىغان تۈيغۇدىن قېچىپ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ (ئۇ بۇنداق قىلغاندا ئەلۋەتتە ئەڭ مۇقەددەسلىكنى نام قىلغان، ھەتتا قەلبىدە بۇرچىنىڭ مۇقەددەسلىك تۈيغۇسى تولۇپ تاشقان) ھەقىقەتەن بىمارغا نىسبەتەن داۋالاش ئۈنۈمى بولغان دېيىشتە چىڭ تۇرۇشقا قىزىقىدۇ؟ بىز ئەڭ بولمىغاندا «داۋالاش ئۈنۈمى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر كىشىلەر «داۋالاش ئۈنۈمى» ئىپادىلەيدىغان مەنە ئارقىلىق ئادەمنى «ياخشىلىنىش»قا ئېرىشتۈرگەن بولسا، مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق ئىدى. بىر نۇقتىنى تولۇقلاپ قويىمەنكى، مەن چۈشىنىدىغان «ياخشىلىنىش» پەقەت «يۇمشاش»، «ئاجىزلىشىش»، «روھسىزلىنىش»، «جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىش»، «ئەركە چوڭ بولۇش»، «خوتۇن مىجەزلىشىپ كېتىش»كە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قىسقىسى، ئاتالمىش «ياخشىلىنىش» «ساغلاملىقىقا زىيانلىق» دېگەنگە باراۋەردۇر. ئەگەر بىز ئاساسلىقى كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار، كەيپسىزلەر، مەيۈسلەرنى كۆزدە تۇتقان بولساق، بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى ئۇنى «ياخشىلىنىش»قا ئېرىشتۈرگەندىن باشقا،

ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ كېسەللىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىدىن سورىساق، پۇشايماننىڭ ئازابى، پۇشايماننىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى، قۇتقۇزۇشنىڭ قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكى دېگەنلەر ئارقىلىق قانداق نەتىجە پەيدا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر تارىختىن پايدىلانسا، كىشىلەر ئوخشاشلا شۇنى بايقىيالايدۇكى، تەركىدۇنىيالار بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەن جايلاردا كېسەللىك ئۇچقاندەك ئېغىرلاشقان، يامرىغان.

بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ «نەتىجىسى» نېمە؟ بۇ دەل كېسەللىككە گېرىپتار بولغۇچىنىڭ تېنىگە بىر خىل زەئىپلەشتۈرگۈچى روھ سىستېمىسى قېتىۋېتىلگەنلىكىدۇر، ئۇ چوڭ كۆلەملىكمۇ، كىچىك كۆلەملىكمۇ، شەخستىمۇ، توپتىمۇ بولغان. بىز شۇنى كۆرىمىزكى، ھەر قېتىملىق پۇشايمان ۋە قۇتقۇزۇش مەشىقىدىن كېيىن، بىر مەيدان قورقۇنچلۇق، تارقىلىشچان تۇتقاقلىق كېسىلى كۆرۈلگەن، تارىختىكى مۇشۇ تۈردىكى ئەڭ ئېغىر تارقىلىشچان كېسەللىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى سايىنت ۋىتوس ۋە سايىنت يۇھان ئۇسسۇلىدۇر①؛ بىز يەنە باشقا شەكىللەرنىڭ نەتىجىسىنىمۇ كۆرەلەيمىز، مەسىلەن، قورقۇنچلۇق پالەچ كېسەللىكى ۋە ئۇزاق داۋاملىشىدىغان بېسىم تۇيغۇسى بىردىنلا ئۇزۇل - كېسىل رەۋىشتە بىر مىللەت ياكى بىر شەھەرنىڭ كەيپىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن (مەسىلەن، جەنۋە ۋە باسېلدا)، ئايال پېرىخونلارنىڭ ئەسەبىي قىزغىنلىقى ئاساسەن مۇشۇ تۈردىكى ئۇيقۇلۇق سەيلە ئەسەبىيلىكى كېسەللىكىگە مەنسۇپتۇر (1564 - يىلىدىن 1605 - يىلىغىچە بولغان بۇ قىسقا

① 14 - ئەسىردە ياۋروپادا چۇما تارقالغان مەزگىللەردە، كونتروللۇقىنى يوقاتقان ھالدا تەلۋىلەرچە ئۇسسۇل ئويناش ئەۋج ئېلىپ، بايرام كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەن. سايىنت يۇھان دېگەن سۆز خىرىستىيان دىنىدىكى چوقۇندۇرغۇچى يۇھان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئەسەبىيلىك ۋە تىزگىنىنى يوقىتىش كېسەللىكى بىمارلىرىنىڭ قوغدىغۇچى ئەۋلىياسى دەپ قارالغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇش ئارقىلىق، كېسەللىكتىن ساقلىنىش ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن. كېيىن بۇ كېسەللىككە يەنە «سايىنت ۋىتۇس كېسەللىكى» دەپ نام قويۇلغان.

مەزگىلدە، سەككىز قېتىم چوڭ كۆلەمدە مۇشۇنداق تارقىلىشچان كېسەللىك كۆرۈلگەن!). شۇنىڭدەك بىز يەنە باشقا نەتىجىلەردىن ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغۇچى ئاۋامنىڭ بىخۇدلۇقىنى تاپالايمىز، ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسى «چۇقان» كۆتۈرىدۇكى، «ئۆلۈم» ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىپ، گاھىدا ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ ئالاھىدە ئىنكاسى، گاھىدا ئۆزى خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ئىنكاسى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان. بۈگۈنكى كۈندە ھەر نۆۋەت تەركىدۇنياچىلىقنىڭ جىنايەت توغرىسىدىكى تەلىملىرى بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە، بىز ئوخشاش ھېسسىيات ئالمىشىشى ھەم ئوخشاش ھېستېرىيە ۋە ئوخشاش كەيپىيات ئۆزگىرىشىنى بايقايمىز. (دىنىنىڭ نېرۋا ئەزالىرى فۇنكسىيەسى كېسەللىكى قارىماققا «رەزىل ماددا»نىڭ بىر خىل شەكلىدۇر، سوراپ باقاي، بۇنداق شەكىل زادى نېمە؟)

قىسقىسى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ھەم ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاق يوسۇنى تۈيغۇدىن قېچىش قوراللىرى ئىچىدىكى روھقا ئەڭ باي، ئەڭ چۈشىنىكسىز، ئەڭ يوشۇرۇن خەۋپكە ئىگە سىستېمىلاشقان قورۇلۇشتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نىشانىنى قوغداشقا تايىنىپ، بىر خىل قورقۇنچلۇق، ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان شەكىلدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىغا چىرىتىپ ئويۇلغان، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ پەقەت ۋە پەقەت ئىنسانىيەت تارىخىغىلا چىرىتىپ ئويۇلغان... تەركىدۇنياچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن بىرەر نەرسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىرقىنىڭ گۈللىنىشىگە بۇنچىۋالا زىيان سالالايدىغانلىقىنى ــ بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ــ بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بىز مۇبالىغە قىلمايلا، بۇنداق غايىنى ياۋروپالىقلارنىڭ ساغلاملىق تارىخىدىكى ھەقىقىي ئاپەت، دېسەك بولىدۇ. تەسىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقارغىلى بولىدىغان بىردىنبىر تەسىر گېرمانلارنىڭ تەسىرى، دېمەكچىمەنكى، ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەنلەر

ياۋروپالىقلاردۇر، بۇنداق زەھەرلىنىش ئىزچىل رەۋىشتە گېرمانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىرقىي ۋەزىيىتى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغان (گېرمانلار قەيەردە قان سالسا، شۇ يەرگە رەزىل ئادەتلەرنىمۇ كىرگۈزۈۋەتكەن). رەت تەرتىپ بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى سىفلىستۇر، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئالدىنقى ئىككىسىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.

## 22

تەركىدۇنيا ۋەزىيەتنى تىزگىنلىگەن ھامان ئادەمنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا زىيان سالغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىغىمۇ زىيان سالغان، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇ بۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. «شۇ سەۋەبتىن» — مەن كىتابخانلارنىڭ مەن ئىشلەتكەن «شۇ سەۋەبتىن»گە دەرھاللا قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن ئاز دېگەندىمۇ ئۇنى ھازىر ئاڭسىز چۈشەندۈرمەن — كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە شۇكى، بۇ خىرىستىيان دىنى ۋەسىقىلىرىدىكى ئاساسىي كىتابلارغا، ئۇنىڭ ئەسلىي تىپىغا، ئۇنىڭ «ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇت دەستۇرى»غا چېتىلىدۇ. گىرېك ـ رىمنىڭ گۈللىنىش مەزگىلى قەدىمىي كىتابلارنىڭمۇ گۈللىنىش مەزگىلى ئىدى، ئۇ چاغدا تېخى يىگىلىمىگەن، كۆيدۈرۈلمىگەن كىلاسسىك ۋەسىقىلەر دۇنياسىغا، كىشىلەر بىرنەچچە قەدىمىي كىتابنى (ھازىر بۇ قەدىمىي كىتابلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋەسىقىلەرنىڭ يېرىمىنى ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىمىز) ئوقۇيالمايدىغان دەۋرگە دۇچ كەلگەندە، خىرىستىيان دىنىنىڭ دۆمباقچىلىرى — كىشىلەر ھازىر ئۇلارنى چىركاۋنىڭ پوپى دەپ ئاتايدۇ — ساددىلىق بىلەن، نومۇس قىلماي: «بىزدىمۇ ئۆزىمىزنىڭ دەستۇرى بار، بىزگە گىرېك ۋەسىقىلىرى كېرەك ئەمەس» دەپ

جاكارلاشقا جۇرئەت قىلغان. شۇڭا، ئۇلار تەكەببۇرلۇق بىلەن بەزى رىۋايەت، چۆچەك كىتابلىرىنى، مۇرىتلارنىڭ خەت ـ چەكلىرى ۋە خىرىستىيان دىنىنى قوغدىغۇچىلارنىڭ ماقالىلەر توپلاملىرىنى مىسال كەلتۈرگەن، بۇ بۈگۈنكى ئەنگلىيە «مەسىھ ئارمىيەسى»نىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەسىقىلەر ئارقىلىق شېكىسپىر ۋە باشقا «مۇرتەد»لەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

كىتابخان شۇنى قىياس قىلغان بولۇشى مۇمكىنكى، مەن «يېڭى ئەھدە»نى ياقتۇرمايمەن، مەن ئۆز قىزىقىشىم بويىچە ئەڭ ھۆرمەتلىنىدىغان، ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەتلىنىدىغان بۇ ۋەسىقىگە باھا بەرگەندە شۇ قەدەر يالغۇز قالدىمكى، بۇ مېنى بىر ئاز ئەندىشىگە سالدى، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى قىزىقىشلار ماڭا قارشى تۇرغاندەكلا بولدى. بىراق، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم! مەن مانا مۇشۇنداق، مەن باشقىسى بولالمايمەن. مېنىڭ ناچار قىزىقىشىمنى ساقلاپ قالغۇدەك جاسارىتىم بار. «كونا ئەھدە» باشقا بىر ئىش، مەن «كونا ئەھدە»نى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ كىشىلەرنى، قەھرىمانلارنىڭ ئەھۋالىنى، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇچراتتىم، بۇلار ساغلام روھنىڭ دورىغىلى بولمايدىغان ئاق كۆڭۈللۈكىدۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، مەن خەلقنى تاپتىم. بىراق، «يېڭى ئەھدە»دە پاكىزلىق ئوخشاش دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئىشى، پاكىزلىق روككوچە قەلب، پاكىزلىق بېزەلگەن، بۇرمىلانغان، غەلىتە نەرسە، پاكىزلىق مەخپىي يىغىلىش ھاۋاسىدۇر، ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل سەھرادىكى پادىچى ناخشىسىچە تاتلىق تىنىق بار، بۇنداق تىنىق دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى (شۇنداقلا رىم ئۆلكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى)دۇر، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭمۇ، گىرېكلەرنىڭمۇ ئەمەس. «يېڭى ئەھدە» دە، ئىتائەت قىلىشتىكى كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى بەك چوڭ تۇتۇشتىكى تەكەببۇرلۇق تەڭ مەۋجۇت، تۇيغۇ

تۇغرىسىدىكى ئاتىكارچىلىقلار گويا ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قايدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭدا قىزغىنلىق كەم، خۇمارلىق بار، ئادەمنى ئوسال قىلىدىغان چىراي ئىپادىلىرىنىڭ ئويۇنى بار، ئېنىقكى ئۇنىڭدا ھەرقانداق ياخشى تەربىيە كەم. بىز بۇ ساداقەتمەن ئاۋامغا ئوخشاش، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان تاپتىن چىققان ھەرىكەتلەردىن ھەيران قالامدۇق؟ بۇنىڭ ئۇچۇن چىللايدىغان خورازنىڭ يوقلۇقىنى تەگىمۇ بىلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىر بۇ ئۇششاق يات ئۆلكىلىكلەرنىڭ «مەڭگۈلۈك ھاياتلىق تاجى» تەلەپ قىلىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن، بىراق ئۇلار بۇنى نېمىشقا قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق تەلەپ قىلىشقا نېمە ئاساسى بار؟ داۋاملىق ئاساسسىز دەۋا قىلىۋالسا بولمايدۇ، ئەگەر بىر مەڭگۈلۈك پىتىر بولسا، كىم ئۇنى باقىدۇ! بۇ سويمىلاردا ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان بەتنىيەت بار، ئۇ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ شەخسىي ھەۋىسى ۋە دۆتلۈكىنى، قايغۇلۇق ۋە بىكارچىلىق ئازابىنى ئويلايدۇ، خۇددى ئۆز - ئۆزىدىن مەۋجۇت شەيئىنىڭ مەجبۇرىيىتى بۇلارغا مۇناسىۋەتلىكتەك! بۇ بەتنىيەت چارچاشنى بىلمىگەن پېتىچە تەڭرىنى كىشىلەرنىڭ ئەرزىمەس تىراگېدىيەسىگە كىرگۈزۈپ، جاھىللىق بىلەن قىزىقىشىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى تەڭرىگە شىكايەت قىلدى! مانا بۇ يەھۇدىي، پەقەت ۋە پەقەت يەھۇدىيدۇر. ئۇ ئاغزىدا تەڭرىگە تىنىمسىز يامىشىۋالىدۇ!

شەرقىي ئاسىيادا ئاجىز، سەل قارالغان بىر «مۇرتەد مىللەت» بار، ئۇلار دەسلەپكى بۇ خىرىستىيان مۇرتىلىرىدىن بەزى ئاساسىي نەرسىلەرنى، بەزى ھېيىقمشلىق قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن. خىرىستىيان دىنىنىڭ مىسسىيونېرلىرى بىزگە شۇنداق دەيدۇكى، ئەنە شۇ مىللەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆز تەڭرىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. مېنىڭچە، بۇنداق يوسۇن بەك قالتىستۇر، ئەلۋەتتە. بۇنداق يوسۇننى بەك قالتىس دەپ قارىغىنى نوقۇل «ئەڭ دەسلەپكى»

خىرىستىيان مۇرىتلىرىلا ئەمەس. بىز بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر مىسالنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى: لۇتېرنى، ھېلىقى گېرمانىيەلىك «ئەڭ قايىل قىلارلىق»، ئەڭ خاتىرجەمسىز دېھقاننى ئەسلەپ باقايلى، ئۇنىڭ گەپ قىلىش ھالىتىنى، بولۇپمۇ تەڭرى بىلەن دىيالوگلاشقاندىكى ئىپادىلىنىشى ئەڭ تولۇق بولغان ھالىتىنى ئەسلەپ باقايلى! لۇتېرنىڭ دىنىي جەمئىيەتتىكى ۋاسىتىچى ئىيسا مۇرىتلىرىغا ئاسىيلىق قىلىش پوزىتسىيەسى (بولۇپمۇ «ئالۋاستى مېكىجىن، پاپا»غا بولغان ئاسىيلىق پوزىتسىيەسى) تېگى ــ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر تومپايىنىڭ ئاسىيلىقى، بۇ ئەبلەخنىڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىن زېرىككەنلىكى، زاھىتلارچە پۇراققا ئىگە ھېيىقىشلىق مۇراسىمدىن بىزار بولۇشىدۇر، چۈنكى بۇنداق مۇراسىم مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، سۈكۈت قىلغۇچىلارنى ئەڭ مۇقەددەس مەنزىلگە ئېلىپ كىرىپ، تومپايلارنى ئىشىك سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا مەڭگۈ بۇ يەردە سۆزلەش ھوقۇقى بەرمەيدۇ، بىراق دېھقان لۇتېر ئۇنىڭ تۈرقىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ بۇ يوسۇنلار گېرمانىيەلەشسە كۇپايە قىلمايدۇ، دېدى، ئۇ ئاۋۋال گەپ قىلالايدىغان بولۇشى، ئۆز گېپىنى قىلىشى، ئۆز تەڭرىسى بىلەن «قائىدە ــ يوسۇنغا قارىماي» سۆھبەتلىشىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق قىلدى. ئېنىقكى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئەزەلدىن يۈكسەك قىزىقىشنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ بولمىغان، ياخشى سۆز ــ ھەرىكەت يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ تېخىمۇ بولمىغان، ئۇ ناھايىتى شۇ تەركىدۇنيالارنىڭ ئىش ــ ھەرىكىتىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ بولغان؛ ئۇنىڭ تېنىدىكى بەزى نەرسىلەر ئۇنى پۈتكۈل ياخشى ئىش ــ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندۇرغان، بۇنداق نەرسىلەر ئۆلچەمنىڭ كەملىكى، رەزىل ئۆلچەملەردۇر، ئۇ ئەسلىدىنلا بىر خىل «تېخىمۇ رادىكال بولالمايدىغان نەرسە»دۇر.

## 23

تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ساغلاملىق ۋە قىزىقىشنى بۇزۇش بىلەن بولدى قىلمايدۇ، ئۇ يەنە ئۇچىنچى خىل، تۆتىنچى خىل، بەشىنچى خىل، ئالتىنچى خىل نەرسىلەرنىمۇ بۇزىدۇ، مەن ئۆزۈم ئېيتقان بۇزۇشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېھتىيات قىلىمەن، ئەگەر ئەڭ ئاخىرىغىچە سانىسام، ھېلىقى گەپنى دېيىشتىن ساقلىنالماسلىقىم مۇمكىن! بىراق، مېنىڭ بۇ يەردە ئاشكارىلىماقچى بولغىنىم تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەس. مەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ كەينىدە، ئاستىدا، ئىچىدە نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئاشكارىلىماقچى؛ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇجمەل، شۈبھىگە تولغان ۋە خاتا ئىپادىلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى ئاشكارىلىماقچى، مۇشۇنداق مەقسەت بولسا، مەن كىتابخانلىرىمغا ئەنە شۇ غايەت زور ئاقىۋەت، شۇنداقلا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنى كۆرسىتەلەيمەن ـ دە، كىتابخانلارنى ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ قورقۇنچلۇق كۆزقاراشقا تەييارلىق قىلدۇرالايمەن. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، غايىنىڭ كىنايە مەنىسىگە ئائىت مەسىلىدۇر. ئەنە شۇ غايىنىڭ ھوقۇقى، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق چوڭ پائالىيەتكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمەيدۇ؟ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىر خىل ئىرادىنى ئىپادىلىسە، ئۇنىڭدا ئەكسىچە بولغان ئىدىيەلەرنىڭ ئەكسىچە ئىرادە بولامدۇ؟ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ بىر نىشانى بار، ئۇ كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭغا ئىنسان مەۋجۇتلۇقىدىكى باشقا پۈتكۈل مەنىلەر ئەرزىمەس، تار بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن دەۋر، مىللەت، ئىنساننىڭ بۇ نىشانغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقا چۈشەندۈرۈش ياكى نىشانلارغا رۇخسەت

قىلمايدۇ؛ ئۇ بۇلارنى نوقۇل ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە رەت قىلىدۇ، ئىنكار قىلىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، جەزملەشتۈرىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك باشتىن ـ ئاخىر تۇتاشقان چۈشەندۈرۈش سىستېمىسى بارمۇ؟ ئۇ ھوقۇققا بويسۇنمايدۇ، پەقەت ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ھوقۇق توغرىسىدىكى مۇتلەق رەتكە تىزىشىغا ئىشىنىدۇ؛ ئۇ دۇنيادىكى پۈتكۈل ھوقۇقلارنىڭ ئۆزىدىن بىر خىل مەنىگە، بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىغا، بىر خىل قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا، بۇ ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىنى تاماملاشتىكى قورال، ئۆز نىشانىنى، بىردىنبىر نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يول ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇنداق بېكىنمە ئىرادە، نىشان ۋە ئىزاھلاش سىستېمىسىنىڭ قارىمۇقارشى يۈزى قەيەردە؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارىمۇقارشى يۈز بولمايدۇ؟ «باشقا بىر خىل نىشان» قەيەردە؟ بەزىلەر ماڭا، قارىمۇقارشى يۈز مەۋجۇت، ئۇ تەركىدۇنياچىلىققا قارىتىپ ئۇزاققا سوزۇلغان، جەڭ غەنىيمەتلىرى بىلەن مەشھۇر بىر ئۇرۇشنى قوزغىغان، ھەتتا پۈتكۈل مۇھىم تەرەپلەردە غەلىبە قىلغان غايىدۇر، دەيدۇ. ئۇلار يەنە ماڭا بىزنىڭ پۈتكۈل زامانىۋى پەنلىرىمىز بۇ رېئاللىقنىڭ شاھىتى ـــ زامانىۋى پەندۇر، بۇ ھەقىقىي رېئال پەلسەپە، ئۇنىڭغا تەڭرى، ئۇ دۇنيا ھەم ئىنكار خاراكتېرلىك ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ بۈگۈنگىچە چىڭ تۇرالىشى كېرەك ئەمەس، دەيدۇ.

مېنىڭچە بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، بۇ تەرغىباتچىلارنىڭ دۇمباق ئاۋازى قىزىقىشىمنى زەررىچە قوزغىيالمايدۇ، ئۇشبۇ رېئال دۇمباقچىلار قوپال مۇزىكانتلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئاۋازى قىزىقارلىق بولسىمۇ، تېرەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ گېپى پەن ۋىجدانىنىڭ چوڭقۇر جىلغىسىدىن كەلمىگەن (چۈنكى، پەن ھازىر چوڭقۇر بىر جىلغىدۇر). «پەن» دېگەن سۆز مەزكۇر دۇمباقچىلارنىڭ ئاغزىدا ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بۇزۇقلۇق، شەھۋانىيلىق، نومۇسسىزلىققا تەڭ

قىلىپ قويۇلدى. ھەقىقىي ئەھۋال دەل مەزكۇر دۇمباقچىلار تەرغىب قىلغانىنىڭ ئەكسىچە؛ ئەمەلىيەت شۇكى، پەن ھازىر پۇتۇنلەي ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ غايىسىدىن ھالقىپ كەتكەن؛ ئۇ يەنىلا قايناق ھېسسىيات، شەھۋەت، قىزغىنلىق، ئازابتۇر، ئۇ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ قارىمۇقارشى يۈزى ئەمەس، ئەكسىچە تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ يۈكسەك شەكلىدۇر.

بۇ ئاڭلىماقتا ناھايىتى ناتونۇش، شۇنداقمۇ؟ بۇگۇنكى ئالىملارنىڭ نۇرغۇنلىرى سەمىمىي، كەمتەر ئەمگەكچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ تار بۇلۇڭىنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاشۇ بۇلۇڭىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئويلىمىغان يەردىن شۇ قەدەر كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ۋارقىراپ، ھازىرقى ھەربىر ئادەم قانائەت قىلىشى، بولۇپمۇ پەندىن قانائەت قىلىشى كېرەك، پەندە شۇ قەدەر پايدىلىق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭ بۇنىڭغا باشقا پىكرىم يوق، مەن بۇ ساداقەتمەن ئەمگەكچىلەرنىڭ خىزمەت قىزىقىشىنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايمەن، چۈنكى مەن ئۇلار قىلغان ئىشنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق، پەن ساھەسىدىكى بۇ جاپالىق ئەمگەككە كۆڭلى قانائەت تاپىدىغان ئەمگەكچىلەر قوشۇلسا، بۇلار پەنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە نىشانغا، ئىرادىگە، غايىگە، ئۇلۇغلۇققا بولغان ئىشەنچكە ئىگە قىزغىن ھېسسىياتىنى ھەرگىز ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بايان قىلغاندەك، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر پەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئىپادىلىنىش شەكلى بولمىسا (بۇ كەم كۆرۈلىدىغان، يۈكسەك، تاللانغان ئەھۋال، ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولسا، پۈتكۈل ھۆكۈملەر بۇزۇۋېتىلىدۇ)، ئۇ تۇرلۇك زېرىكىش كەيپىياتى، ئېتىقادنىڭ كەملىكى، پۇشايمان دورىسى سېتىش، ئۆزلۈكنى كەمسىتىش، ۋىجدان ئازابى قاتارلىقلارنىڭ ھىمايىچىسىدۇر؛ ئۇ غايىنىڭ كەم

بولۇشىدىن پەيدا بولغان خاتىرجەمسىزلىك، ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ كەم بولۇشى ئىبلىپ كەلگەن ئازابتۇر؛ ئۇ ئۆزى خالىمىغان قانائەتتىن قانائەتسىزلىك ھېس قىلىشتۇر. ئاھا! بۈگۈنكى كۈندە يەن بىلەن قاپلىنىۋېتىلمىگەن نېمە بار ـ ھە! يەن ئاز دېگەندىمۇ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى قاپلىدى! بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئالىملىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش روھى، ئۇلارنىڭ سەزگۈ يوق جاپالىق ئەمگىكى، ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈزنى ئايرىيالماي قېپىپ كەتكەن كاللىسى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قىزغىن مەشىق دەپ ئاتىۋالغان ماھارىتى ــ بۇلارنىڭ ئەسلىي مەنىسى دائىم ئۇلارغا ئۆزىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ياش قىلدۇرمامدۇ؟ يەن ئۆزلۈكىنىڭ ناركوز دورىسى، سىلەر بىلەمسىلەر؟ ئالىملار بىلەن ئالاقە قىلغان ھەرقانداق كىشىگە مەلۇمكى، كىشىلەر جىددىيلىك بىلەن ئالاقىسى يوق خەت سەۋەبلىك ئۆزىنى زەخىملەندۈرىدۇ. بىز بىلىملىك دوستلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولغاندا، دائىم ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ سالىمىز؛ ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشىمىز بەك قوپال بولغانلىقىمىز، كىم بىلەن ئالاقە قىلىشنى قىياس قىلالمىغانلىقىمىزدىندۇر؛ بىز ئازابقا ئۇچرىغانلار بىلەن ئالاقە قىلىمىز، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ ئازابقا ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ؛ بىز مەست قىلىۋېتىلگەن، سەزگۈسى يوق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىمىز، ئۇلار بىرلا نەرسىدىن تەشۋىشلىنىدۇ، ئۇ دەل ئاڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر.

## 24

ئەمدى بىز بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارغا قاراپ باقايلى. ھازىرقى پەيلاسوپلار ۋە ئالىملار ئارىسىدا ئەڭ ئاخىرقى ئىدىيىئالىستلار بار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىمۇ، ئىدىيەگە

قارشى ئىدىئالىستلارنىمۇ تاپقىلى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ «تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان» كىشىلەر (ئۇلار دىنغا ئىشەنمەيدۇ) دەل ئۆزىگە مانا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە قارشى تۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازراق ئېتىقادىدۇر. ئۇلار بۇ مەسىلىدە بارغانسېرى ئەستايىدىل، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر جىددىي، بىراق، جىددىيلىك ئۇلاردىكى ئېتىقادنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟!

بىز — ئۇشبۇ «ئەقىلدار»لار تۈرلۈك ئېتىقادچىلاردىن گۇمانلىنىمىز. بىزنىڭ گۇمانىمىز تەدرىجىي ھالدا بىزگە ئەكسىچە بولغان بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەر خۇلاسە قىلىپ بولغان نەرسىلەرنى خۇلاسە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، يەنى ھەممىلا يەردىن ئېتىقادنىڭ كۈچى ھەددىدىن زىيادە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىساق، بىر خىل دەلىل ـ ئىسپاتلىق ئاجىزلىقنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز، ھەتتا ئېتىقادنىڭ ئوبيېكتكە نىسبەتەن چىن ئەمەسلىكىنى خۇلاسىلىيەلەيمىز. بىز شۇنى ئىنكار قىلالمايمىزكى، ئېتىقاد «ئادەم قۇتقۇزالايدۇ»، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، ئېتىقادنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز؛ كۈچلۈك، ئادەم قۇتقۇزالايدىغان بىر خىل ئېتىقاد شۇ ئېتىقادنىڭ مەزمۇنىغا بولغان گۇمانىنى پەيدا قىلىدۇ؛ ئېتىقادنىڭ قۇرۇپ چىقىدىغىنى «ھەقىقەت» ئەمەس، ئۇ بىر خىل مۇمكىنچىلىكنى — مەلۇم بىر خىل خاتا سەزگۈنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ بىز مۇھاكىمە قىلغان مەسىلە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇلار ھازىرقى زاماندىكى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە غەلىتە كىشىلەردۇر، بىر خىل نەرسىگە، يەنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پاكىزلىقنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا قويۇلىدىغان بۇنداق تەلەپ، دەۋرىمىزدىكى شان ـ شەرەپنىڭ مۇستەھكەم، كەسكىن، ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان، قەھرىمانلىق روھىنى بۇنداق قۇرۇپ

چىقىش، بۇ زەئىپ ئاتېئىزمچىلار، ئانتى ـ خىرىستىئانىستلار، نائەخلاقىزمچىلار، نېھىلىستلار، بۇ روھتىن گۇمانلانغۇچىلار، سوراقنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار (قايسى مەنىدىن ئېيتايلى، بۇلار بىر پۈتۈن گەۋدىگە مەنسۇپ)، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەقىلدار ئىدېئالىستلار، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېشىپ قالغان، ھېلىھەم جانلىنىۋاتقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ۋىجدان ـــ ئەمەلىيەتتە، بۇلار «ئەركىن، ئىنتايىن ئەركىن ئىرادىلىكلەر»دۇر، ئۇلار ئۆزىنىڭ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بىراق مەن ئۇلارغا ئۇلار كۆرمەيدىغان بىر ئەمەلىيەتنى دەپ قويىمەنكى، ئۇلار كۆرمەيدىغان بۇ ئەمەلىيەت ئۇلارغا ئىنتايىن يېقىن، بۇ ئەمەلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز غايىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە باشقىلار ئەمەس، دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى نامايان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلار مەزكۇر تەركىدۇنياچىلىق غايىسى روھىنىڭ ئەڭ باي غەلىتە تۆرەلمىسى، بىر توپ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرى ۋە چارلىغۇچىلىرى، بۇ غايىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ سىپايە، ئەڭ چۈشىنىكسىز جەلپ قىلىش شەكلىدۇر، ئەگەر مەن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تېپىشماق تاپقۇچى بولسام، بۇ مۇشۇ جۈملىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر!... بۇ كىشىلەر تېخىچە ئەركىن ئىرادىلىكلەر ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ھېلىھەم ھەقىقەتكە ئىشىنىدۇ... خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەھلىسەلىپ شەرققە ھۇجۇم قىلغاندىكى غەلىبە قىلالمىغان قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەر گۇرۇھى (ئۇ پەۋقۇلئاددە ئەركىن روھقا ئىگە دىنىي گۇرۇھ، ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەزالىرىنىڭ بويسۇنۇش دەرىجىسى باشقا ھەرقانداق بىر پاستورلار گۇرۇھىنىڭكىدىن ھالقىپ كەتكەن) ۋاقتىدا، ئۇلار مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى تەرىپىدىن

مەخپىي ۋە ئالاھىدە تۇتۇلغان بەلگە — «ھېچ نەرسە ھەقىقەت ئەمەس، ھەممىگە ئىجازەت قىلىنغان» — نى بىلىۋالغان. قاراڭلار! مانا بۇ روھنىڭ ئەركىنلىكى! ئېتىقادمۇ ھەقىقەتنىڭ ئۇنۇمسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ھېلىقى ياۋروپالىق، خىرىستىيان دىنىنىڭ ھېلىقى ئەركىن ئىرادىچىسى بۇ جۈملە ۋە بۇ جۈملىنىڭ ئېزىتقۇ قەسىرچە ئاقىۋىتىنى خاتا چۈشەندۈرگەنمىدۇ؟ ئۇ تەجرىبىگە تايىنىپ بۇ دوزاختىكى مىنوتولوس (كالىسىمان، ئادەم يەيدىغان غەلىتە مەخلۇق)نى بىلگەنمىدۇ؟ مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن. ھەتتا بىلىدىغىنىممۇ تامامەن ئەكسىچە، بىر خىل نەرسىگە ئېسىلىۋالىدىغان، ئاتالمىش «ئەركىن روھ»قا ئېسىلىۋالىدىغان بۇنداق ئىنتىلگۈچى دەل ئەركىنلىككە، ئەركىنلىك مەنىسىدىكى قۇتۇلۇشقا نىسبەتەن ئەڭ ناتونۇشتۇر. ئۇلار مۇشۇنىڭغا، ھەقىقەتكە بولغان ئېتىقادقا مەھكەم باغلىنىۋېتىلگەن، بۇ يەردە باشقا ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ، جاھىل قىلىنىۋېتىلگەن.

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى — ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى (ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىر خىل ئېتىقاد كېرەك)، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەمەدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى (نەتىجىدە ئۇنىڭ چەكلەشنى ئىنكار قىلىشىمۇ چەكلەشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدەك كەسكىن بولۇپ كەتكەن)، رېئاللىقتا مەڭگۈلۈك يۈزلىنىش، ياۋايىلىق ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىش ئارزۇسى، فىرانسىيەلىك ئالىملار تەرىپىدىن بىر خىل ئەۋزەللىك سۈپىتىدە گېرمانلارنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «ئەرزىمەس» تەقدىرچىلىك نەزەرىيەسى (مەن چۈپرەندە تەقدىرچىلىك نەزەرىيەسى دەپ ئاتايمەن)، ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشتىن ۋاز كېچىش ھەرىكىتى (يەنى ئادەمنى كۈچلەندۈرۈشتىن، تۈزىتىشتىن، قىسقارتىشتىن، ئۆزگەرتىشتىن، ئۆلۈك ھالدا قوبۇل قىلىشتىن، ئۇ يەر - بۇ



يەردىن نەقىل كەلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىش ھەم ماھىيەتتە چۈشەندۈرۈشكە مەنسۇپ بولغان پۈتكۈل ھەرىكەتلەر) نى بەك بىلىۋەتسەم كېرەك، شۇڭا بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئەخلاق تەركىدۇنياچىلىقنى ئىپادىلەش باشقا ھەرقانداق شەھۋەتنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىردەك ئەمەس، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار مۇشۇ تۈردىكى ئىنكارلارنىڭ بىر خىل ئەندىزىسىدۇر. ئۇلارنى تەركىدۇنياچىلىق جاھىللىقىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىغان ھەقىقەت ئىرادىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەمەلىيەتتە تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە بولغان ئېتىقاد، ئېتىقادتىن جاكارلانغان ئاڭسىزلىق بۇيرۇقىدۇر. بىزگە ئايانكى، بۇ بىر خىل مېتافىزىكىلىق قىممەتكە، ھەقىقەت قىممىتىنىڭ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىشتۇر، مانا بۇ ھېلىقىدەك غايە قوبۇل قىلىدىغان ۋە جەزملەشتۈرىدىغان، ئۆلۈم - كۆرۈمدە تەڭ بولىدىغان قىممەتتۇر. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا «ئالدىنقى شەرت قىلىنمىغان» بىر خىل پەن يوق، ئۇنداق پەننى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، لوگىكىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قىسقىسى، ئاۋۋال بىر خىل پەلسەپە، بىر خىل «ئېتىقاد» بولغاندا، پەننى ئۇنىڭدىن بىر خىل يۆنىلىشكە، بىر خىل مەنىگە، بىر خىل چېگراغا، بىر خىل ئۇسۇلغا، بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. كىمنىڭ چۈشىنىشى بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، مەسىلەن، بىراۋ پەلسەپەنى «كەسكىن پەن ئاساسى»غا قۇرۇلغان دەپ ھېسابلىسا، شۇ ئالدى بىلەن پەلسەپىنى ھاۋا تاپان قىلىشى، پەلسەپىنىلا ئەمەس، ھەقىقەتنىمۇ ھاۋا تاپان قىلىشى كېرەك، بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمەتكە ئېرىشىشى ئاياللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەدەپسىزلىكىدۇر.

شۇنداق، ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن مۇشۇنداق. بۇ يەردە مەن «شادىمان ئىلىم»① دېگەن كىتابىمدىكى بىر بۆلەكنى نەقىل كەلتۈرىمەن:

① نىتچېنىڭ 1882 - يىلى يازغان ئەسىرى.

«ھېلىقى قاپ يۈرەك، ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي ئادەم، پەن ئېتىقادى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قىياس قىلدى، بۇ ئۇنى باشقا بىر دۇنيانىڭ ھاياتلىق دۇنياسى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە تارىخ دۇنياسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. قانداق؟ ئۇ بۇ ‹باشقا بىر دۇنيا›نى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ئۇنىڭ قارىمۇقارشى يۈزىنى، يەنى بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزنى ئىنكار قىلىشى كېرەكمۇ؟ بىزنىڭ پەن ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسى يەنىلا مېتافىزىكىلىق ئېتىقاد، بىز — ھازىرقى ئەقىلدارلار، بىز — ئاتېئىزمچىلار ۋە مېتافىزىكىچىلاردۇرمىز، بىزنىڭ ئوتىمىزمۇ مىڭ يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى ئېتىقاد يالقۇنىدا يېقىلغان. خىرىستىيان دىنى ئېتىقادى، يەنى پلاتوننىڭ ئېتىقادى تەڭرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، ھەقىقەتنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ...، بىراق بۇلار توختاپ قالغان، ئەگەر مۇشۇ نەرسىلەر بارغانسېرى ئىشەنچسىز بولۇپ، ھەرقانداق نەرسە ئەمدى ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولالمىسا، تەڭرىنىڭمۇ تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يالغان گەپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، نەتىجىدە قېپقالىدىغىنى خاتالىق، جاھالەت، يالغان گەپ بولامدۇ؟»

بۇ يەردە تىنىۋېلىپ، بىرئاز تەپەككۇر قىلىۋالايلى. ھازىر پەنگە ئىجابىي ئىسىم قويۇپ بېقىش كېرەكتەك تۇرىدۇ (مېنىڭ مەقسىتىم پەنگە قارىتىلغان ئىجابىي ئىسىم ئاللىقاچان مەۋجۇت ئىدى، دېيىش ئەمەس). بۇ مەسىلىدە بىز ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ يېڭى پەيلاسوپلاردىن پايدىلىنىپ باقايلى، ئۇلار ھەقىقەت ئىرادىسىنىڭ بىر خىل ئىجابىي نام قويۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىمىغان، پۈتكۈل پەلسەپەدە مۇشۇنداق تۆشۈك بار، نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى؟ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بوگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا پەلسەپەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاچقا، ھەقىقەت بارلىق، تەڭرى، ئەڭ ئالىي ساھىب چىققۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىنغاچقا، ھەقىقەتكە ھەرقانداق باشقىچە قاراشتا بولۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، بۇ

«رۇخسەت»نى ئاڭلىدۇقمۇ؟ نۆۋەتتە تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئېتىقاد قىلىدىغان تەڭرى ئىنكار قىلىنىدى، يەنە بىر يېڭى مەسىلە بار، بۇ ھەقىقەتنىڭ قىممىتى مەسىلىسىدۇر. ھەقىقەت ئىرادىسى تەنقىدلەشكە موھتاج بولسا، بىز بۇنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، ھەقىقەتنىڭ باھاسىغا قارىتىلغان گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۇرۇنۇشىمىز كېرەك...

(ئەگەر ھېلىقى كىتابخان مەن بۇ يەردە دېگەن گەپنى بەك ئاددىي ھېس قىلسا، ئۇنىڭغا «شادىمان ئىلىم»دىكى «بىز نېمە ئۈچۈن يەنىلا ئىخلاسمەن بولىمىز» دېگەن تېمىدىكى بۆلەكنى ئوقۇش تەكلىپىنى بېرىمەن، ئەڭ ياخشىسى شۇ كىتابنىڭ بەشىنچى بابىنىڭ ھەممىنى، «تاڭ شەپىقى» دېگەن كىتابىمنىڭ كىرىش سۆزىنى ئوقۇسۇن.)

## 25

ياق! ماڭا پەننى شىپى كەلتۈرمەڭلار، مېنى تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ تەبىئىي دۈشمىنىنى ئىزدەشكە ئۈندەڭلار، مېنى سوئال سوراشقا ئۈندەڭلار، «ئۇنىڭدىكى قارىمۇقارشى ئىرادە ئۆزىنىڭ قارىمۇقارشى ئىدىيەلىرىنى ئىپادىلەمدۇ؟» ئۇزۇندىن بۇيان، پەن ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تايىنىۋېلىپ، مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، پەن ئالدى بىلەن بىر خىل قىممەت غايىسىگە، بىر خىل قىممەت يارىتىش ھوقۇقىغا موھتاج، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە، پەن ئۆزىگە ئىشىنەلەيدۇ، پەن مەڭگۈ ئىجادچانلىقتا ئىگە بولالمايدۇ. پەن بىلەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاخىرقى ھېسابتا قارىمۇقارشىلىق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە پەن ئاساسلىقى ئىلگىرىلەش كۈچىنىڭ تېخىمۇ ئىچكى شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ. بايقىشىمىزنى تېخىمۇ ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلساق، پەننىڭ قارشى تۇرىدىغىنى ۋە جەڭ

قىلىدىغىنى غايىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى غايىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار، يەنى ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، نىقابلىنىش ئويۇنى، ۋاقىتلىق قاتماللىقى، ياغاچلىشىشى، دوگمىلىشىشىدۇر. پەن غايىنىڭ ئاشكارا دىنىي ئەقىدە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدى ـ دە، غايىدىكى ھاياتلىقنى يەنە بىر قېتىم ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. مەن شۇنى بايان قىلىدىمكى، پەن بىلەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىر تۇپراقتا پەيدا بولغان، يەنى ئىككىلىسى ھەقىقەتنى ھەددىدىن زىيادە قەدىرلەيدۇ (تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە بىردەك ئىشىنىشى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولماسلىق ۋە رەت قىلغىلى بولماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە)، مانا مۇشۇ ئورتاق ئېتىقاد ئۇلارنى مۇقەررەر رەۋىشتە دوستلارغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا، ئۇلار قارشىلىقىقا ئۇچرىغاندا، قارشىلىق ۋە مۇشكۇلاتقا تەڭ دۇچ كېلىدۇ. تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ قىممىتىنى كەمسىندۇرۇش پەننىڭ قىممىتىنى كەمسىندۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمدى كۆزىمىزنى ئېرىغداپ، قۇلىقىمىزنى دىڭ قىلىشىمىز كېرەك! (ئالدىنئالا دەۋالايكى، مېنىڭچە ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنى تولۇق مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. سەنئەتتە يالغان گەپ مۇقەددەسلىشىپ، ئالدامچىلىق ئىرادىسى ياخشى قوللاشقا ئېرىشتى؛ سەنئەت تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە پەندىنمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرىدۇ، ئەپلاتوندىن ئىبارەت ياۋروپادىكى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ سەنئەت دۈشمىنى بىۋاستە سەزگۈسىگە تايىنىپ، بۇ مەسىلىنى ھېس قىلدى. پلاتوننىڭ ھومېرغا ـــ بۇ پۈتكۈل ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇ تەرىپى «باقىيلىق»تىكى ئەڭ ياخشى ئىرادە، ھاياتلىقنىڭ ئۇلۇغلۇق ئىچىدىكى يارىلىنىشى؛ بۇ تەرىپى ھاياتلىقنىڭ ئاڭسىز مەدھىيە ئوقۇغۇچىسى، ئالتۇن رەڭلىك تەبىئەتتۇر. شۇڭا، بىر خىل سەنئەتكارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە خىزمەت قىلىشى سەنئەتكارنىڭ ئەڭ تۈپكى چىرىشى، ئەپسۇسكى شۇنداقلا يەنە بىر خىل ئەڭ دائىملىق

چىرىشتۇر، چۈنكى سەنئەتكاردىنمۇ ئاسان چىرىتىلىدىغان پارازىت يوق). فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئۆلچىگەندە، يەنىمۇ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىلەن ئوخشاش تۇپراقتا تۇغۇلغان. فىزىيولوگىيەدە ئۇلار مەلۇم بىر خىل ھاياتلىقنىڭ نامراتلىشىشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوغۇق قىزغىن ھېسسىياتقا موھتاج. سۈرئەتنىڭ ئاستىلىشى، دىيالېكتىك ئۇسۇلنىڭ بىۋاستە سەزگۈنىڭ ئورنىنى ئېلىشى چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكەتكە كەسكىن ئەستايىدىللىقنىڭ تامغىسىنى ئۇرىدۇ، كەسكىن ئەستايىدىللىق خاتاسىز رەۋىشتە قىيىن مېتابولىزمنىڭ، كۈرەشكە ھازىرلانغان، جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقان ھاياتلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. بىر مىللەت تارىخىدىكى ئالىملار ئورنىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە گەۋدىلىنىشىگە قاراپ بېقىڭ: ھەممىشە مەزكۇر مىللەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقاندا، كۈنسايىن زاۋاللىققا ماڭغاندا، يوقىلىشقا ماڭغاندا، گۈللىنىشىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ھاياتلىققا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ يوقالغان. ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى قانداقتۇر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، ئوخشاشلا دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى تىنچلىق كېسىم سوتى ئېلىشى، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى، دىنغا ھېسداشلىق قىلىش ھەم باشقا پۈتكۈل ھاياتلىقنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان كېسەللىكلەرمۇ بىرەر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس (بۇ يەردە يەن مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى، يەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا «تىراگېدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى»① نىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ).

ئەمدى كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ، بۇ «ھازىرقى زامان پەنلىرى»گە قاراپ بېقىڭلار، ئۇ نۆۋەتتە تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىتتىپاقدىشى بولۇۋاتىدۇ، دەل مۇشۇ

① نىتچېنىڭ 1872 ـ يىلى يازغان ئەسىرى.

سەۋەبتىن ئۇنىڭدا ئاڭ يوق، ئەركىن ئىرادە ئەڭ كەمچىل، ئەڭ يوشۇرۇن، ئەڭ مەخپىي! بۇ «روھ گادايلىرى» تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ پەن دۈشمەنلىرى بىلەن ئىزچىل ئويۇن ئوينىدى (چاققانلىق بىلەن ئەسكەرتىۋالاي، بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى «روھ گادايلىرى»نىڭ قارىمۇقارشى يۈزى، قانداقتۇر روھى باي دەپ قارىماسلىق لازىم. ياق، ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. مەن ئۇلارنى روھتىكى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى دەپ ئاتايمەن). تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ غەلىبىسى شەك ـ شۈبھىسىز غەلىبىدۇر، كىم ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە؟ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئاساسەن غەلىبە قازاندۇرۇلمىغان، ئەكسىچە مۇشۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ھەيران قالارلىق، تېخىمۇ چېچەن، تېخىمۇ قارشى تۇرغۇسىز بولۇپ كەتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسى بىر تامىنىڭ — ئەنە شۇنداق غايە بىلەن قورشالغان، چۈشەنچىلىرى خىرەلەشتۈرۈۋېتىلگەن خىزمەتنىڭ پەن تەرىپىدىن شەپقەتسىز ئىگىلىنىۋېلىشى، چېقىلىشىدۇر. تېئولوگىيەلىك ئاسترونومىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەنە شۇ غايىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا راستىنلا ئىشىنىدىغان ئادەم يوقمۇ؟... ئادەم ئەمدى باقىيلىق ئاقىۋىتى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولمىسا كېرەك، چۈنكى جىڭغا توختىمايدىغانلىقى، ئەرزىمەيدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ بولغان ئىشلار مەۋجۇت، شەيئىلەرنىڭ تاشقى تەرتىپى بەربىر ئەمەسمۇ؟ ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىنى كەمسىتىش ئىرادىسى كوپېرنىكتىن بۇيان ئۆزۈكسىز كەسكىنلەشمىدىمۇ؟ ئاھ! ئادەمنىڭ ئىززىتىگە ئېتىقاد قىلىش، ئادەمنىڭ ماددىي تەرتىپ ئىچىدىكى ئورنىغا ھېچ نەرسىنى قويغىلى بولمايدىغان ئېتىقادىنىڭ يوقىلىشى، ئادەم ھايۋانغا ئۆزگىرىپ كەتتى، سېلىشتۇرغۇسىز، سېپى ئۆزىدىن، ئىمكانىيەت

قالدۇرۇلمىغان ھالدا ھايۋانغا ئۆزگىرىپ كەتتى. دەسلەپكى ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ گويا تەڭرى ئىدى («تەڭرىنىڭ ئوغلى»، «تەڭرى ياراتقان ئادەم»). كوپېرنىكتىن كېيىن، ئادەم بىر قىيپاش دۆڭگە قويۇپ قويۇلدى، ئۇ تېخىمۇ تېز مەركىزىي ئورۇندىن ئايرىلدى، ئۇ قەيەرگە سىيرىلىدۇ؟ يوقلۇققىمۇ؟ «ئۆزىنىڭ يوقلۇقتىن تېشىپ ئۆتۈشچان تۇيغۇسى»غا سىيرىلامدۇ؟... قاراڭلار! بۇ بىۋاسىتە ئۇنىڭ كونا غايىسىگە يېتىدىغان يول ئەمەسمۇ؟

پۈتكۈل پەن (يالغۇز ئاسترونومىيە ئەمەس، ئاسترونومىيەنىڭ ھالاكەتلىك ۋە كەمسىندۈرۈش رولىنى كانت ئىخچام بايان قىلغان، «ئۇ مېنىڭ مۇھىملىقىمنى گۇمران قىلىۋەتتى.»)، تەبىئىي پەنمۇ، غەيرىي تەبىئىي پەنمۇ (دېمەكچى بولغىنىم بىلىش توغرىسىدىكى ئۆزلۈك تەنقىدى) ھازىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان غۇرۇرىدىن — خۇددى غۇرۇر بىر غەلىتە خىيالدەك — ۋاز كېچىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. بىز ھەتتا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پەننىڭ ئۆزگىچە تەكەببۇرلۇقى بار، ئۇنىڭ يەنە ئۆزگىچە، ستوئىكزمچە غەم - غۇسسىدىن خالىي بولۇشتىكى كەسكىن ھالىتىمۇ بار، بۇ ئادەم بۇنداق كۈچ سەرپ قىلىپ يەتكەن ئۆزلۈككە سەل قاراشنىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ كەسكىن غۇرۇرى بولۇش تەلىپىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىدۇر (ئۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، چۈنكى سەل قارىغۇچى ھامان بىر ئادەم، غۇرۇرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بىر ئادەمدۇر). بۇ ھەقىقەتەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە قارىمۇقارشىمۇ؟ يەنە كىم تېئولوگ بىر پەس ئۆزىنى ماختىغاندەك كانتنىڭ «تەڭرى»، «روھ»، «ئەركىنلىك»، «مەڭگۈلۈك ھايات» قاتارلىق تېئولوگىيەلىك دوگماتىزم ئۇقۇملىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنىڭ ئەنە شۇ غايىگە زىيان سالىدىغانلىقىغا ئەستايىدىل ئىشىنىدۇ؟ بىز ۋاقىتىنچە كانتنىڭ شۇنداق قىلغان ياكى

قىلمىغانلىقىنى دېمەي تۇرايلى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كانتتىن بۇيان، تۇرلۇك شەكىلدىكى ئەزەلىيەتچىلەر[1] مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۇلار تىئولوگىيەدىن قۇتۇلۇپ چىققان، بۇ نەقەدەر زور بەخت ــ ھە! كانت ئۇلارغا يېقىن يولنى ئاشكارىلاپ بەردى، ئۇلار ھازىر ئەڭ ئىسىل پەن قائىدىلىرىگە تايىنىپ، «ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇلىرى»غا ئەركىن ــ ئازادە يېتەلەيدۇ. ئوخشاش بىر قائىدە شۇكى، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيەچىلىرى ـــ بىلىنمىگەن شەيئى ۋە ئىلاھىي شەيئىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلغۇچىلار ھازىر سوئال بەلگىسىنى تەڭرىگە باش ئۇرغۇزدى، ھازىر كىممۇ ئۇلارنى ئەيىبلىيەلىسۇن؟ (گزاۋېر دودان[2] بۇلاڭ ــ تالاڭنىڭ نەتىجىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا «داڭقاتقان پېتى نادانلىق ھالىتىدە تۇرغاندىن ياخشىراقى تەربىيەسىزلىكنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەربىيەسىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى كىشىلەردە بۇنداق ئىقتىدار كەم ئىدى.) ئېنىقكى، ئادەمنىڭ پۈتكۈل «بىلگەن»لىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ قېنىشى ئەمەس، بەلكى ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىدە ئەيمىنىش پەيدا قىلىشتۇر، بۇ نەقەدەر مۇقەددەس باھانە ــ ھە! ئۇنىڭ گۇناھىنى «ئۈمىد»تىن ئەمەس، بەلكى «بىلىش»تىن تاپقىلى بولىدۇ! «دۇنيادا بىلىش يوق ـــ شۇڭا، دۇنيادا بىرلا تەڭرى بار» ـــ بۇ نەقەدەر يېڭى، نەقەدەر ماھىر كاززاپلىق ــ ھە! تەركىدۇنياچىلىق غايىسى شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى!

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي لاتىنچىسى a prior بولۇپ، لۇغەت مەنىسى بويىچە بېرىلگەن تەبىرلەر ۋە قىياسلانغان پىرىنسىپلار ئارقىلىق نەتىجىنى دېدۇكسىيە ئۇسۇلى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىش (دېدۇكسىيەلەش) ياكى خۇلاسىلەشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا تەجرىبە ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان، مەسىلەن ماتېماتىكىلىق ھۆكۈمنى (شەيئىنى)، يەنى تەجرىبىدىن بۇرۇنقى شەيئىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇم كانتنىڭ پەلسەپىسىدە تەبىر ئارقىلىقلا مەلۇم ھۆكۈمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئايرىشتەك ئانالىتىكىلىق ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «بويتاق» سۆزىنىڭ تەبىرى ئارقىلىق بىز ئۇنىڭ «توي قىلمىغان ئادەم» ئىكەنلىكىنى تەجرىبىگە تايانماستىن بىلەلەيمىز ياكى ئۇنى دېدۇكسىيەلەيمىز.

② گزاۋېر دودان (Xaver Doudan، 1800 ـــ 1872) فىرانسىيەلىك تەنقىدچى.





## 26

ھازىرقى پۈتكۈل تارىخشۇناسلىق ئەسەرلىرى ھاياتلىقتا، غايىگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان پوزىتسىيەنى نامايان قىلىپ بېرەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي تەلىپى ئەينەك بولۇش ئىدى، بۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ پۈتكۈل تېئولوگىيەنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ ئەمدى ھېچنېمىنى «ئىسپات»لىغۇسى يوق؛ ئۇ سوتچىنىڭ رولىنى ئالدى، بۇ ئۇنىڭ ياخشى قىزىقىشىنى نامايان قىلدى. ئۇ ھېچنېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىدى، ھېچنېمىنى ئىنكار قىلمىدى، ئۇ ئەمەلىيەتنى جەزملەشتۈردى، ئۇ ئەمەلىيەتنى «تەسۋىر»لىدى... بىز خاتالاشماسلىقىمىز كېرەك، بۇلار تەركىدۇنياچىلىققا ئىنتايىن باب كېلىدۇ، نېھىلىزملىق تۈسى تېخىمۇ قويۇق! بىز بىر خىل مەيۈس، قوپال، ئەمما مۇستەھكەم نەزەرنى — سىرتنى تىمىسقىلايدىغان كۆزنى، شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزنى كۆردۇق. بۇ ئىچىگە يۈزلەنمىگەن ئىزدەش، ئەسلىمەسلىك ئۈچۈنمىدۇ؟ بۇ يەرگە قار دۆۋىلەنگەن؛ بۇ يەردە ھاياتلىق سۆكۈتكە چۆمگەن، ئۇنىڭدىن چىققان ئەڭ ئاخىرقى ۋارقىراش «نېمە ئۈچۈن؟»، «بىكار ئەمگەك!»، «ھېچنېمە يوق!»تۇر. بۇ يەردە ھېچنېمە ئۆسۈپ يېتىلىپ كۆپىيەلمەيدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا پېتىربۇرگنىڭ مىستىكىزمى ۋە تولستويچە «ھېسداشلىق» بار. باشقا بىر خىل تارىخشۇناسلارنى تىلغا ئالساق، تېخىمۇ «زامانىۋىلاشقان» بىر تۈر بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار بىر توپ راھەتپەرەسلەر، ئاچ كۆزلەر، ھاياتلىققا سوۋغا قىلىنغان بوتا كۆزنىمۇ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىلەن قارايدىغان كۆزگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن تارىخشۇناسلاردۇر، ئۇلار «سەنئەتكار» دېگەن سۆزنى پەلەي قىلىۋالغان، ھەتتا ھازىرمۇ ئۆزى ئۈچۈن گۈزەل پىكىرلىنىش ئىبارىلىرىنى ئىجارە ئالىدۇ. ئاھ، بۇ تاتلىق روھ بايۋەچچىلىرى، ئۇلار تەركىدۇنيالار ۋە قىش پەسلىدىن نەقەدەر

ئۈمىدۋار – ھە! بولدىلا، بۇ پىكىرلەنگۈچى مىللەت كۆزۈمدىن يوقالسۇن! مەن نېمىگە ئاساسەن تارىخنىڭ نىھلىزمچىلىرىغا قاراڭغۇ، تۇتۇق، سوغۇق ئىس – تۇتەك پەردىسىنى كىيدۈرۈپ قويىمەن؟ شۇنداق، مەن بۇ پەردە ھايالشىپ قالماسلىقىم كېرەك. ئىنىقكى، مەن تالللىشىم كېرەك، ساپ ناتارىخچە، تارىخقا قارشى بىر ئاۋازغا سەمە بولسامۇ بولىدۇ. مەسىلەن، دىيۈرىڭنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلاپ باقسام بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى نۆۋەتتە گېرمانىيەدىكى بىر توپ ئىپتىدائىي ساتمىنى، ئۇياتچان ھالەتتىكى «گۈزەل روھ»نى جەلپ قىلمۇالدى، مانا بۇ تەربىيە كۆرگەن پىرولېتارلار ئىچىدىكى ئانارخىزمچىدۇر. «پىكىرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر» ئۇلاردىن يۈز ھەسسە تومپاي. مەن باشقا ھەركىمنى بۇنداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك كىشىنى بىزار قىلىدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، ئۇ «ئوبيېكتىپ» يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئوخشايدۇ، ئۇ ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان، تارىختىن بەھرىمەن بولىدىغان ئادەمدۇر. ئۇ قۇۋۋەتلەيدىغان ياڭراق ساختا ئاۋاز ئۇنىڭدا نېمە كەملىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى، ئۇنىڭدىكى كەم نەرسە بۇنداق ئەھۋالدىكى تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ شەپقەتسىز قايچىسىدۇر. بۇنداق ھالەت مېنىڭ قىزىقىشىم ۋە سەۋرچانلىقىمنى بۇزۇۋەتتى. كىم سەۋەنلىككە پەرۋا قىلمىسا، شۇنى سەۋرچانلىق بىلەن قارىتايلى! بۇ مەنزىرە مېنى غەزەپلەندۈرىدۇ، بۇنداق «تاماشىبىن» مېنى «دىراما»غا، پەقەت دىرامىغىلا قارشى تۇرغۇزىدۇ (ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بۇ پەردە دېمەكچى بولغىنىم تارىخنىڭ ئۆزىدۇر). ئىستىخىيەلىك ھالدا مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىغىنى يەنە ئاناكرېئونچە[①] شادىمان كەيپىياتتۇر. تەبىئەت بۇقىغا مۈڭگۈز بەرگەن، شىرغا تىرناق بەرگەن، ماڭا نېمە ئۈچۈن پۇت بېرىدۇ؟... مۇقەددەس ئاناكرېئوننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېچىش ئۈچۈن،

① ئاناكرېئون (Anacreon، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 570 – يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480 – يىللارغىچە)، قەدىمكى گىرېتسىيەنىڭ ئېئونىيان رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن لىرىك شائىر.



شۇنداقلا چىرىگەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىنى، توخۇ يۈرەك پىكىرلىنىشىنى، تارىخنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئاختا قىلىشىنى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بىلەن يارىشىشنى ۋە ئاجىزلار سىياقىغا كىرىۋالغان ئادالەتنى چەيلەش ئۇچۇندۇر. مەن تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇ سەممىمىي بولسىلا، مەسخىرىلىك ئويۇن بىلەن بىزنى ئالدىمىسىلا! مەن بۇنداق نايناق پارازىتلاردىن بىزار، ئۇلار بەتنىيەتلىك بىلەن پارازىتلارنى چەكسىزلىككە ئوخشىتىپ قىياس قىلىپ، ئەڭ ئاخىر چەكسىزلىكنى پارازىتلارغا ئوخشىتىپ قويىدۇ. مەن كۆڭۈل قويۇپ ياسالغان، ھاياتلىقنى بىزەيدىغان قەبرىنى ياخشى كۆرمەيمەن؛ مەن ئەقىل ـ پاراسەت تونىغا ئورىنىۋېلىپ، «ئوبيېكتىپ» نەزەردە شەيئىلەرگە قارايدىغان ھارغىنلار ۋە ھەرەج تارتقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيمەن؛ مەن قەھرىمان سىياقىغا كىرىۋالغان دۇمباقچىلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇلارنىڭ چۈپرەندە باشلىرىغا غايىنىڭ يوشۇرۇن قالپاقلىرى كىيدۈرۈلگەن؛ مەن بەتنىيەت سەنئەتكارلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇلار تەركىدۇنيالار ۋە موناخلارنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزى تىراگېدىيەنىڭ قۇرتلىرىدۇر؛ مەن يېڭىدىن پەيدا بولغان، غايىگە ئۆزىنى بېغىشلايدىغانلارنى، ئانتىي ـ سىمىتىزمچىلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇلار ھازىر بىر دومىلاپلا خىرىستىيان مۇرىتىنىڭ، ئارىيان ئىرقىنىڭ، دەللاللىقنىڭ باشقىچىرەك قارىشى بولۇۋالماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئەڭ ئەرزان تەشۋىقاتنىڭ نەيرەڭۋازلىقىدىن، ئەخلاق ھالەتلىرىدىن ئۆزى خالىغانچە پايدىلىنىپ، ھەرقانداق ئادەم سەۋر قىلىپ تۇرالمايدىغان بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرلۇك يىرتقۇچ تەركىبلىرىنى ئويغاتماقتا (بۇلار ئالدامچىلىقنىڭ بۈگۈنكى گېرمانىيەدە ئەمەلگە ئاشۇرغانلىرىدۇر، بۇ گېرمانىيە روھىنىڭ يىگىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنداق يىگىلەش

باشلىنىپ بولدى، ھامان ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، مەن گېزىت، سىياسىي، پىۋا ۋە ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىسى بىرىكتۈرۈپ تەييارلانغان ئىنتايىن ئۆزگىچە يېمەكلىكلەردىن بۇنداق يېگلەشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق يېمەكلىكنى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلىگەن نەرسە مىللەتنىڭ بىر مەھەللىك بىسىم تۇيغۇسى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكى، كۆچلۈك ھەم تار «گېرمانىيە، گېرمانىيە ھەممىدىن يۇكسەك» پىرىنسىپىدۇر، كېيىن ئۇ «ھازىرقى زامان ئىدىيەسى»نىڭ تارتىشىپ قېلىشىغا ئايلىنىپ كەتتى).

ياۋروپانىڭ بۇگۈنكى باياشاتلىقىدا ئىجادىي قاراشلارمۇ بار، بولۇپمۇ غىدىقلىغۇچى قۇراللار جەھەتتە. بۇنىڭغا ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە غىدىقلايدىغان قۇراللار ئىنتايىن زور ئوخشايدۇ، شۇڭا، غايىدىن ئىبارەت يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايىنىغان سۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياسالمىلىق قىلىشمۇ زۆرۈر بولغان، شۇڭا، ئەتراپتىكى بۇنداق بىزار قىلىدىغان، كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدىغان، ئادەم ئالدايدىغان، ساختا ئىسپىرت پۇرايدىغان ھاۋا زۆرۈر بولغان. بىلمەكچى بولغىنىم، بۇگۈنكى ياۋروپادىن قانچە كېمە ساختا ئىدېئالىزم، قەھرىمان جابدۇقلىرى ۋە پو ئېتىشتا ئىشلىتىلىدىغان دۇمباقنى، قانچىلىك تاتلىق كىيىملەرگە ئورىنىۋالغان روھ ھېسداشلىقىنى (سىخ نامى: ئازابلىق ئېتىقاد)، ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن تەمىنلىگۈچى چاكىنىلار تارقىتىدىغان قانچىلىك ياغاچ پۇت، يەنى «يۇكسەك غەزەپ»نى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكى، قانچىلىك خىرىستىيان دىنى ئەخلاقى ئارتېسلىرىنى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىدۇر، شۇنداق قىلغاندا، ياۋروپانىڭ ھاۋاسىنى قايتىدىن ساپلاشتۇرغىلى بولىدۇ! ئېنىقكى، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى بىر خىل يېڭى سودىنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئۇششاق غايە مەبۇدلىرى ھەم مەبۇدقا چوقۇنىدىغان

«ئىدېئالىزىمچىلار» يېڭى «تىجارەت» قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇ بېشارەت قولدىن كېتىپ قالمىغاي! كىمدە بۇنداق قىلالىغۇدەك جاسارەت بار؟ پۈتكۈل دۇنيانىڭ «ئىدېئاللىشىش» پۇرسىتى كېلىپ بولدى! مەن بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن جاسارەتتىن سۆز ئاچىمەن؟ بۇ يەردە پەقەت بىرلا نەرسە ــ قول، چېۋەر قول، ئىنتايىن چېۋەر قول كېرەك.

## 27

بەس! بەس! بىز ئەڭ يېڭى روھنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرى ۋە چىگىچلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەيلى! ئۇلار ئادەمنىڭ كۆلگۈسىنى كەلتۈرىدۇ، غەزەپلەندۈرىدۇ. بىزنىڭ مەسىلىمىز ئۇلاردىن پايدىلانمايدۇ، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى مەسىلىنىڭ تۈنۈگۈن، بۈگۈن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق! مەن باشقا بىر جايدا ئاشۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل، تېخىمۇ كەسكىن تەنقىدلەپ، «ياۋروپا نىھىلىزمىنىڭ تارىخى» دەپ تېما قويغاندىم (كىتابخانىلار مېنىڭ يېزىشقا تەييارلانغان يەنە بىر كىتابىم «ھوقۇق ئىرادىسى ــ پۈتكۈل قىممەتلەرنى قايتىدىن باھالىماقچى» دىن پايدىلانسا بولىدۇ). مەن بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مەسىلە شۇكى، ئەڭ ئالىي روھ زېمىنىدا، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ھامان بىر خىل ھەقىقىي دۈشمىنى، قۇت يۈلتۈزى بولىدۇ، بۇ مۇشۇنداق غايە بىلەن نىقابلانغان ئويۇنچىلاردۇر، چۈنكى ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، بۈگۈنكى كۈندە روھ كەسكىن، كۈچلۈك، ساختىپەزلىكتىن خالىي خىزمەت قىلىدىغان جايلاردا ئىدېئالىزىم پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلدى. بۇنداق تىزگىنلەش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملاشقان نامى «ئاتېئىزم»دۇر، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىرادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىراق، ماڭا ئىشىنىڭلاركى، ئەنە شۇنداق

ھەقىقەت ئىرادىسى، ئەنە شۇنداق غايىنىڭ ئىشەنچىسى تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئەڭ كەسكىن، ئەڭ سەرخىل، مۇتلەق مەخپىي شەكلى، ئۇنىڭ پۈتكۈل خىزمەتلەرنى يوقىتىپ چىقىرىدىغان قىسمىدۇر، شۇڭا ئۇ ئاشۇ غايىنىڭ ھەم ئىشەنچىسى، ھەم يادروسىدۇر. مۇشۇ سەۋەبلەرنى چىقىش قىلغان ساپ، ھەقىقىي ئاتېئىزم (بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرلىرىمىزدىكى پاراستىنى ئارقىلىق تويىتىن ھالقىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالالايدۇ) تەركىدۇنياچىلىق غايىسىگە قارشى تۇرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ـ يۇ، دەل ئەكسىچە، ئاتېئىزم شۇنداق غايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رادىكال باسقۇچى، ئۇنىڭ ئىچكىيلىك لوگىكىسىغا ماس ئاقىۋەتتۇر، ئۇ ھېلىھەم ھېيىقمىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ ئىككى مىڭ يىللىق ھەقىقەت ئۆستۈرگەن ئاپەتنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇنىڭ نەتىجىسى تەڭرىنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىشنى چەكلەشتۇر (ھىندىستاندىمۇ ئوخشاش تەرەققىيات مۇساپىسى بولغان، بۇ بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزغا مۇناسىۋەتسىز، شۇڭا مەلۇم ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. ھىندىستاندا ئوخشاش غايە ئوخشاش ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغان، ئۇنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى ياۋروپا ئېراسىدىن بەش ئەسىر مۇقەددەم، بۇددا ئارقىلىق، ياق، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا سانكىيا پەلسەپەسى[1] ئارقىلىق باشلانغان، كېيىن بۇددا بۇنداق پەلسەپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دىنغا ئايلاندۇرغان).

ئۇنداقتا، ئەستايىدىل بىر سوئال قويۇپ باقاي: زادى نېمە خىرىستىيان دىنىنىڭ تەڭرىسىنى يەڭدى؟ بۇنىڭ جاۋابى مېنىڭ «شادىمان ئىلىم» دېگەن كىتابىمنىڭ 290 ـ بېتىدە بار: «خىرىستىيان دىنى ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزى، ‹ھەقىقەت› ئۇقۇمىنىڭ ئۈزۈكسىز ئەستايىدىللىشىشى، خىرىستىيان دىنىنىڭ

① سانكىيا (sankhya) ـــ خەت مەنىسى «ساناق ساناش» دېگەنلىك بولىدۇ، بىراھمان دىنىنىڭ ئالتە ئورتودوكسال پەلسەپە ئېقىمىنىڭ بىرى. بۇ ئېقىمنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەر (ياكى دۇنيادىكى زاھىرىيەتلەر) مەلۇم تۈپكى سەۋەبلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان.





ۋىجدانى، ئۇ ھەممىنى بەدەل قىلىۋېتىشتىن باش تارتماي، پەننىڭ ۋىجدانىغا تەرجىمە قىلىۋېتىلدى، ئەقلىي ئېتىقادلارنىڭ ساپلىقىغا يۈكسەلدى. تەبىئەت تەڭرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى توغرىسىدىكى ئىسپات دەپ قارالدى، تارىخ بىر خىل مۇقەددەس ئەقىلنىڭ نۇرى، بىر خىل ئەخلاق دۇنياسىنىڭ تەرتىپى ۋە ئەخلاقنىڭ ئاداقىي مەقسىتىنىڭ مەڭگۈلۈك شاھىتى دەپ چۈشەندۈرۈلدى؛ شەخسنىڭ كەچۈرمىشىنى چۈشەندۈرۈش ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنگە ئوخشايتتى، پۈتكۈل ماسلاشتۇرۇش، ئىشارەت، روھنى قۇتقۇزۇشنى ئالاھىدە مەقسەت قىلغان تەسەۋۋۇر، ئالاھىدە مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى، بۇ ئۆز ۋىجدانىغا قارشى تۇرۇشتۇر، بۇ ۋىجدان پۈتكۈل ئالىيجاناب ۋىجدانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناتوغرا، سەممىيەتسىزدۇر، ھەممىسى يالغان گەپ، فېمىنىزم، ھەممىسى ئاجىزلىق، ھەممىسى توخۇ يۈرەكلىكتۇر، ئەگەر بىرەر نەرسە بىزنى مۇنەۋۋەر ياۋروپالىقلا ئايلاندۇرالايدۇ، بىزنى ياۋروپانىڭ ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ قەيسەر ئۆزلۈك ئىستىبلاسى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرالايدۇ دېسەك، ئۇ دەل مۇشۇنداق كەسكىنلىكتۇر»...

پۈتكۈل ئۇلۇغ شەيئىلەرنىڭ ئۆز سەۋەبى بولىدۇ، ھەممىسى بىر خىل ئۆزلۈكىنى يوقىتىش پائالىيىتى سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىدۇ، ھاياتلىق قائىدىسى — ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان «ئۆزلۈك ئىستىبلاسى» قائىدىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەڭ ئاخىرقى مۇراجىئەت ھامان قانۇن تۇرغۇزغۇچىنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ: «ئۆزۈڭ دەخلى - تەرۇز قىلغان قانۇننى ۋاراقلاپ باق». نەتىجىدە خىرىستىيان دىنى دىني ئەقىدە سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەخلاقى سەۋەبلىك زەئىپلەشتى، ئوخشاش سەۋەبنى چىقىش قىلىپ، خىرىستىيان دىنىي ئەخلاق سۈپىتىدە مۇقەررەر يوقىلىدۇ، بىز مۇشۇ ئىشنىڭ بوسۇغىسىدا

تورۇۋاتىمىز. خىرىستىيان دىنىنىڭ چىنلىقى بىر ـ بىرلەپ خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن، مۇقەررەر رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ كۈچلۈك يەكۈنىنى چىقىرىدۇ، بىراق خىرىستىيان دىنى ئۆزىدىن «ھەقىقەت ئىرادىسى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ سوراشقا باشلىغاندا، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى يەكۈنىنى چىقىرالايدۇ. مېنىڭ تېخى تونۇشمىغان دوستلىرىم (مەن ئاراڭلاردا دوستۇم بار ـ يوقلۇقىنى تېخى بىلمەيمەن)، مەن بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنىڭ قىيىن مەسىلىسىگە، بىزنىڭ قىيىن مەسىلىمىزگە يولۇقتۇم. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ھەقىقەت ئىرادىسى ئاڭ زېمىنىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى، ئەگەر بىزنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مەنىسى بۇنىڭدا بولمىسا، نېمىدە؟ ئېنىقكى، بۇ ھەقىقەت ئىرادىسىنىڭ ئۆزلۈكىدە، ئەخلاق زەئىپلىشىشكە باشلاپ، ئىككى ئەسىردىكى ياۋروپاغا قالدۇرۇلغان ئۇلۇغ يۈز پەردىلىك دىراممىلار پۈتكۈل دىراممىلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك، ئەڭ مەسىلىگە ئايلانغان، بىراق ئۈمىد بار بىرى بولۇپ ئوينىلىدۇ.

## 28

ئەگەر تەركىدۇنياچىلىق غايىسى چىقىرىۋېتىلسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ، ھايۋان ئادەمنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق مەنىسى بولمايتتى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقى نىشانسىز بولاتتى. «ئادەم زادى نېمە؟» بۇ بىر جاۋابى يوق سوئال. ئادەم ۋە دۇنيادا كەم بولغان ئىرادە، ھەربىر ئۇلۇغ شەخس تەقدىرىنىڭ كەينىدە تەكرار ـ تەكرار كۈچلۈك سادانى ياڭرىتىۋاتىدۇ: «پايدىسى يوق!». تەركىدۇنياچىلىق غايىسى دەل ئازراق بىرنەرسىنىڭ كەملىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بىر پارچە غايەت زور بوش يەرنىڭ ئادەمنى ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ ئۆزىگە قانداق ئىجابىي نام

بىرىشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنى قانداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسىدىن ئىبارەت بۇ قىيىن مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنمىغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ، باشقا مەسىلىلەردىنمۇ ئازابلىنىدۇ، ئۇ ئاساسەن كېسەلگە گىرىپتار بولغان ھايۋان، بىراق ئۇنىڭ مەسىلىسى ئازابنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى «نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىمەن؟» دېگەن ياڭراق سوئالغا قەيەردىن جاۋاب بېرىشتە. ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ باتۇر، ئەڭ ئازابقا چىدايدىغان ھايۋان ھەرگىز ئازابنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بىرەرسى ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىدىن بىر خىل كۆرسەتمە بەرگەنلىكى، بىر خىل ئازابلىق مەقسەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئازابلانماقچى بولىدۇ، ئازاب ئىزدەيدۇ. ئازابنىڭ مەقسەتسىزلىك ھەم غەيرىي ئازاب ئىكەنلىكىنىڭ ئۆزى ئىنسانلارنى ئۇزاق مەزگىل باسىدىغان ئاپەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن، ئەمما تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئىنسانلارنى بىر خىل مەنە بىلەن تەمىنلىدى، تا بۈگۈنگە كەلگۈچە، بۇ يەنىلا ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر مەنىسىدۇر، ھەرقانداق بىر خىل مەنە مەنىسىزلىكتىن ياخشىراق. مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارايلى، تەركىدۇنياچىلىق غايىسىنىڭ ئويلايدىغىنى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى «ۋاقىتلىق تەدبىر»دۇر، ئۇ ئازابنى چۈشەندۈردى، غايەت زور بوشلۇقنى تولدۇردى، بولۇپمۇ ئۆلۈۋېلىش خاراكتېرلىك نېھىلىزمغا بارىدىغان ئىشىكنى تاقىۋەتتى. شۈبھىسىزكى، چۈشەندۈرۈشمۇ يېڭى ئازابنى، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئىچكىيلەشكەن، زەھەر ئېلېمېنتلىرى تېخىمۇ كۆپ، ھاياتلىقنى تېخىمۇ چىرىتىدىغان ئازابنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ پۈتكۈل ئازابلارنى جىنايەتكە تەۋە قىلىدۇ... شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن قۇتۇلۇشقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىر خىل مەنىسى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئەمدى شامالدا لەيلەپ يۈرگەن بىر تال غازاڭ ئەمەس، بىمەنە ئويۇن، «مەنىسىز» قورچاق ئەمەس، مەلۇم بىر ئىنتىلىشكە





ئىگە بولدى، ئىنتىلىشىنىڭ مەزمۇنى، مەقسىتى، ئۇسۇلىنىڭ نېمە بولۇشى بەرىبىر. بىز پۈتكۈل ئىنتىلىشلەر ئىپادىلەيدىغان نەرسىلەرگە ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرمايمىز، تەركىدۇنياچىلىق غايىسى بۇنداق نەرسىنى ئىنسانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا، ھەتتا ھايۋانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا، ماددىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا يېتەكلەيدۇ؛ تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئۇنى سەزگۇ ئەزالىرىدىن يىرگىنىشكە، ئەقىلدىن يىرگىنىشكە ئۈندەيدۇ؛ ئۇنى بەخت ۋە گۈزەللىكتىن تەشۋىشلىنىشكە يېتەكلەيدۇ؛ پۈتكۈل خام ـ خىيال، ئۆزگىرىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆلۈم، ئۈمىد، ھەتتا ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. بىز غەيرەتكە كېلىپ، رېئاللىققا بىۋاستە يۈزلىنەيلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل يوقلۇق ئىرادىسىدىن، بىر خىل ھاياتلىققا قارشى ئىرادىدىن، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەۋجۇتلۇق شارائىتىنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ توغرا، شۇنداقلا ھېلىھەممۇ بىر خىل ئىرادىدۇر. ئاخىرىدا بىز يەنىلا باشتىكى سۆزىمىز بىلەن گەپنى خۇلاسىلەيمىز: ئادەم يوقلۇقنى خالاشقا رازىكى، ئىرادىسىزلىكنى خالىمايدۇ.

**图书在版编目(CIP)数据**

论道德的谱系：维吾尔文 / (德) 尼采著；艾地力司·奴如拉译. — 乌鲁木齐：新疆大学出版社，2015.2

ISBN 978-7-5631-2791-7

Ⅰ. ①论… Ⅱ. ①尼… ②艾… Ⅲ. ①尼采，F.W.(1844～1900)–伦理学–维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①B516.47 ②B82

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第034535号

策　　划：**艾尔肯·伊布拉音·湃达**
责任编辑：**合力力·买买提**
特约编辑：**伊斯坎代尔·艾尼瓦尔**
责任校对：**阿不都热依木·阿不里米提**
封面设计：**努尔买买提·艾买尔**

**论道德的谱系**
（维吾尔文）

尼采 [德国] 著
艾地力司·奴如拉 译

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路666号　邮编：830046）
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880毫米×1230毫米　1/32　7.375印张
2015年2月第1版　2015年2月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2791-7
定价：28.00元